

2005.4

ISSN 1004-1745

9 771004 174028 07>

国际标准刊号：ISSN1004-1745 国内统一刊号:CN65-1012/I 邮发代号：58-83 零售价:6.0

خەلقئارا چوڭ بازار
国际大巴扎
INTERNATIONAL GRAND BAZAAR

# شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ دورا ماتېرىياللىرى ئامبىرى


ساپ، تەبىئىي، يېشىل مەھسۇلات ــــ ساغلاملىق ئىبقىمىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.


قۇرۇتئوت


ئالقات


ئەرەبىي يۇرت زاراڭزىسى


تەڭرىتاغ قار لەيلىسى


ياۋا گاسترودىيە


توشقان زەدەكى (يەر مەدەكى)


تەڭرىتاغ مېھرىگىياھى


بۇغا مۈڭگۈزى

خەلقئارا بازار 4 ـ بىنا 1 ـ 2 ـ قەۋەتتە

شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازىرى دورا ماتېرىياللىرى ئامبىرىدا قىممەتلىك ئالاھىدە دورا ئۆسۈملۈكلەر ساقلانغان بولۇپ، ھازىرقى خەلقئارادىكى ئەڭ سەرخىل دورا ئۆسۈملۈكلەر ماتېرىياللىرى بار. شىنجاڭ بويىچە مال تۈرى ئەڭ تولۇق، 200 گە يېقىن دۇكان ئالدىنقى قاتاردىكى مۇلازىمەت سۈپىتى بىلەن سىزگە مۇلازىمەتلىك قىلىدۇ.

# شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ گىلەم شەھەرچىسى

جۇلالىنىپ تۇرغان رەڭدارلىقى بىلەن يىپەك يولى مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.



شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە گىلەم شەھەرچىسى جۇلالىنىپ تۇرغان رەڭدارلىقى بىلەن يىپەك يولى مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازىرى مىللىي گىلەم شەھەرچىسى: شىنجاڭ بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ، مال تۈرى ئەڭ تولۇق گىلەم بازىرى بولۇپ، گىلەملەرنىڭ گۈللىرىنىڭ رەڭگى ھەرخىل، سۈپىتى ئەلا

تىجارەت تۈرلىرى: ساپ قوي يۇڭى گىلەملىرى، ھەقىقىي يىپەك گىلەملەر، يىپەك ـ يۇڭ گىلەملەر، قولدا توقۇلغان ئاسما گىلەملەر، ئىمپورت قىلىنغان تۈركىيە گىلەملىرى، بېلگىيە گىلەملىرى قاتارلىقلار

شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازىرىنىڭ گىلەم شەھەرچىسىدىكى 100 گە يېقىن سودا دۇكىنى ھەممە تەرەپتىن غەربىي دىيار گىلەملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ھەر تەرەپتىن نامايان قىلىدۇ.

خەلقئارا چوڭ بازار 3 ـ، 4 ـ بىنانىڭ يەر ئاستى قەۋىتىدە.
ئادرېسى: شىنجاڭ ئۈرۈمچى ئازادلىق جەنۇبىي يولى 8 ـ نومۇر.
تېلېفون: 0991 ـ 8558800 (باش ئاپپارات)
فاكس: 0991 ـ 8553640



# شائىر بوغدا ئابدۇللا ئەسەرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى خاتىرىسى



ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەشكىللىشى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ يېقىندىن ھەمكارلىشىشى ئاستىدا 2005-يىلى 6-ئاينىڭ 26-كۈنى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ يىغىن زالىدا يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان شائىر بوغدا ئابدۇللا ئەسەرلىرى ھەققىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق بىر قىسىم مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئەدەبىيات سەنئەت، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەردىن بولۇپ 300 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى ئالدى بىلەن بۇ قىممەتلىك يىغىننى تەبرىكلىدى ھەم مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەت قوشۇنىغا مۇھىم كۆرسەتمە، يوليورۇق بەردى. ئارقىدىن بىر قىسىم ئەدىب، مۇتەخەسسىسلەر بوغدا ئابدۇللا ئەسەرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا بېغىشلانغان ماقالىلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

تىن كېيىن ئۈرۈمچى «قاينام» رېستورانىدا شائىر بوغدا ئابدۇللاغا تون ۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.



ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلماقتا.










# تۇنجى نۆۋەتلىك «ئاقيول» مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمى خاتىرىلىرى











«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى پولات
ھېۋزۇللا سۆز قىلماقتا .



ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئا-
ۋىن رەئىسى ۋاھىتجان غوپۇر سۆز قىلماقتا.

تۇنجى نۆۋەتلىك «ئاقيول» مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمى 2005 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شىنجاڭ «چولپانلار» بېھىشتە-
خانىسى» نىڭ يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلا-
رنىڭ مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم گېزىت ـ ژۇرنال-
لارنىڭ مەسئۇللىرى، بىر تۈركۈم يازغۇچى ـ شائىرلار، مۇشائىرە ...
ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ... ئالىي مەكتەپلىرىمىزدىكى ...
ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ستۇدېنتلار بولۇپ جەمئىي 200 كە
يېقىن كىشى قاتناشتى.

تۇنجى نۆۋەتلىك «ئاقيول» شېئرىيەت مۇكاپاتىدا ئېرىشكۈچى-
لەرگە «شىنجاڭ ئاقيول سودا چەكلىك شىركىتى» نىڭ دىرېكتورى ئا...
خانىم ئۆز قولى بىلەن مۇكاپات سوممىسى تارقاتتى ۋە ئۇلارنىڭ يۇق-
سىرى كېيىنكى ئىجادىيىتىدە ئۇتۇق تىلىكىنى بىلدۈردى.

بۇ قېتىملىق پائالىيەت ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بىر قىسىم ئاخبارات ۋاسىتىلىرى
تونۇشتۇرۇلۇپ ياخشى ئىنكاسلارنى قوزغىدى. جۈملىدىن «شىنجاڭ ...
... »، «... گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەردىمۇ بۇ ھەقتە خەۋەر
بېرىلدى، ئېرىشكەن سىلىتلەرگىمۇ تونۇشتۇرۇلدى.




# تەڭرتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

## 2005.4

(ئومۇمىي 111- سان)

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تەڭرىتاغ

## مۇندەرىجە

### ئەدىبلەر مەخسۇس سەھىپىسى


4 بوغدا ئابدۇللا ئەسەرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىكى سۆز ........ ئىسمائىل تىلىۋالدى
14 بوغدا ئابدۇللا ۋە « سالغا تېشى » ........ ئىمىن ئەھمىدى
10 نادىر ئەسەر ئېگى ۋە دۇنياغا يۈزلەنگەن پوئېزىيە ........ ماھمۇد زەيىدى
22 بوغدا ئابدۇللا ئىجادىيىتىدىكى قوش قاتلام ........ مامىبەت تۇردى
27 شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ ئۇستازلىق يولى ........ قاۋسىلقان قامجان


### تۇرمۇش تەسۋىرلىرى


29 لەڭگەر چۈشى (پوۋېست) ........ ئابدۇكېرىم قادىر
74 بالكوندىكى قىز ........ ئەخمەتجان ئوسمان (توغراق)
61 يولۋاسخان ........ ۋەلى داۋۇت
85 تورۇسقا قارىغان ئادەم ........ ئابلىكىم ھەسەن


### «ئاقىول» نامىدىكى مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر


51 تاش شەھەر ........ مۇتىللا قىرانى
53 ئىككى شېئىر ........ نۇرسۇنئاي ھۈسەيىن
53 شېئىرلار ........ ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم
55 شېئىرلار ........ مۇختار بۇغرا
57 شېئىرلار ........ ئەلئەت قادىرى
58 رۇبائىيلار ........ ئابلىمىت مۇھەممەت (ئەمىس)
60 بوشلۇقتىكى يېشىل چېقىنلار ........ جۇرئىتى


### ياشلىق


48 ئوقۇغۇچىلىق ھايات ، مۇھەببەت ، شېئىرىيەت ........ ئىمىرھەسەن مەخمۇت



ئەشرىيات باشلىقى :
ھەبىبۇللا مۇھەممەت
باش مۇھەررىر :
پولات ھېۋزۇللا

مەسئۇل مۇھەررىر : ئەركىن نۇر
بۇ سانىنىڭ مۇھەررىرلىرى: ئەكبەر سالىھ، ئىمىرھەسەن مەخمۇت
مەسئۇل كوررېكتور : خەلچەم ئابلىمىت
ئىشخانا خادىمى : سەنەۋەر ئۆمەر ، ئالىم خالىدىن
مەسئۇل ئارقانغۇچى : ئىمىرھەسەن مەخمۇت

主管:乌鲁木齐市文联　　主办:《天尔塔格》杂志社

92 شېئىرلار ........................................ تۇردىبەگ مۇھەممەتبەگ قانارلىقلار

## ئانا يۇرت تەسۋىرلىرى

88 قۇمۇل بىلەن سۆزلىشىش (نەسر) ........................................ بەگمەت يۈسۈپ

## ئەدەبىيات ھەققىدە پاراڭ

79 شائىر بولماق تەس ........................................ ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى

70 زوردۇن سابىرنىڭ خىسلەتلىرى ........................................ غەيرەت ئاسىم

96 باجىن ۋە بىر ئەسىر ........................................ يۈ چيۇيۇ

104 يازغۇچىلار دۇردانىلىرىدىن ........................................ ئەركىن ئەمەت تەرجىمىسى

## جۇڭگو شېئىرىيىتىدىكى يېڭى نامايەندىلەر

101 خەيزى شېئىرلىرىدىن ........................................ مۇختار مەخسۇت تەرجىمىسى

## مەشھۇر ئەسەرلەردىن بەھرىلەر

107 مېنىڭ ئوغلۇم قاتىل ........................................ مالامۇد

111 «مېنىڭ ئوغلۇم قاتىل» ناملىق ھېكايە توغرىسىدا ........................................ ئەركىن نۇر

## ئاپتور، مۇھەررىر، كىتابخان

94 ژۇرنالچىلىقىمىز ۋە ئۇ دۇچ كەلگەن خىرىسلار ........................................ ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروران

مۇقاۋا 1 ـ بەتتە: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى.

مۇقاۋىدىكى سۈرەتلەرنى ئالىم خالىدىن تارتقان. قىستۇرما رەسىملەرنى ۋاڭ شىن سىزغان.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي شىخۇڭ يولى 52 ـ نومۇر
地址: 乌鲁木齐市西虹东路 52 号
تور ئادرېسى: http:// www. tangritagh. net E - mail: editor@ tangritagh. net
تېلېفون: 0991 ـ 4696807، 4658897 پوچتا نومۇرى: 830063
ئۈرۈمچى لۇكيىدا باسما مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782 ـ خەت ساندۇقى)
خەلقئارادا بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: ISSN1004- 1745
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 10012/ I
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 ـ 83 پارچە سېتىلىشى: 6.00 يۈەن

# بوغدا ئابدۇللا ئەسەرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىكى سۆز

ھۆرمەتلىك يازغۇچى ــ شائىرلار ، يولداشلار ، دوستلار!

بۈگۈن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان بوغدا ئابدۇللا ئەسەرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن . مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ئەدەبىيات ــ سەنئەت بېغىدا ھارماي ــ تالماي ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان ھەممە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا تۆھپە قوشۇۋاتقان ھەر مىللەت يازغۇچى ــ شائىرلىرىمىزدىن سەممىي ھال سورايمەن ، سىلەرگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

ئەدەبىيات ــ سەنئەت مىللەت روھىنىڭ مەشئىلى ، خەلقنى ئالغا ئۈندەيدىغان سىگنال . ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ ، ھەر مىللەت ئەدەبىيات ــ سەنئەتچىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە مەدەت بېرىپ كەلدى . مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئەدەبىيات ــ سەنئەتنى قىزغىن سۆيىمەن . يازغۇچى ــ شائىرلىرىمىزنىڭ نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىنى ھەمدە ئەدەبىي ژۇرناللارنى داۋاملىق كۆرۈپ تۇرىمەن ، بۇنىڭدىن مەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ، ئەدىبلىرىمىزنىڭ يېڭى ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىمەن . سىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى رېئال مەسىلىلەر توغرىسىدىكى مۇھاكىمەڭلارنى ، پىكىر ــ تەكلىپىڭلارنى ئاڭلاش پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ــ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرقانچە يازغۇچى ــ شائىرنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزدى ، بۇ مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەجرىبە ــ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ، يازغۇچى ــ شائىرلىرىمىزنىڭ ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئىلمىي باھا بېرىش ، سەنئەت ئىجادىيىتىنى جانلاندۇرۇش ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتنى توغرا نىشان بويىچە يېتەكلەپ ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتلەردە مۇھىم روللارنى ئوينىدى.

شىنجاڭ ئاجايىپ ھاياتىي كۈچكە تولغان گۆھەر زېمىن ، بۇ زېمىندىكى ئەمگەكچان ، پاراسەتلىك ، سەنئەت سۆيەر ھەر مىللەت خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا مول ماددىي بايلىقلارنى يارىتىش بىلەن بىرگە ، قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقلارنىمۇ ياراتتى . بۇ گۆھەر زېمىن ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىجادىيىتىنى قۇرىماس مەنبە بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن ، يەنە نۇرغۇن مۇنەۋۋەر يازغۇچى ۋە شائىرلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى . ئۇلار تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ ، ئۆزلىرىنىڭ تالانت ، ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ ، خەلقنىڭ روھىغا ئىلھام بېرىدىغان دەۋر قىياپىتىنى مەدھىيىلەيدىغان نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ ، ئەدەبىيات ــ سەنئىتىمىزنىڭ گۈللىنىشى ، تەرەققىي قىلىشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىمىز ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ، ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى . بوغدا ئابدۇللا ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر نامايەندىلەرنىڭ بىرى.

مەن يولداش بوغدا ئابدۇللا بىلەن بىر دەۋردە ، بىر مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ، مەن ئۇنى ئوبدان چۈشىنىمەن .

ئۇ 50 يىللىق ئىجادىيەت هاياتىدا ئۇلۇغ پارتىيىمىزنى ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى ، ئۇلۇغ خەلقىمىزنى كۈيلەشنى باشتىن ـ ئاخىر ئەسەرلىرىنىڭ باش تېمىسى قىلىپ كەلدى . ئۇ هارماي ـ تالماي ئۆگىنىپ ، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ ، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ ، ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، بەدىئىي تەسەۋۋۇرى ۋە ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولغان ، چوڭقۇر پىكىرلىك نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى . ئۇنىڭ «باهار غۇنچىلىرى» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى يېنىك ، روشەن ئۇسلۇب ۋە قويۇق مىللىي ئالاهىدىلىكى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى . بوغدا ئابدۇللا يەنە ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ، بىرمۇنچە ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ ، ئۆزىنىڭ پىشقان شائىر هەم يارامىلىق مائارىپچى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى . ئۇ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى.

بىز ئارىمىزدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ، ئالاهىدە تۆهپىسى بار ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىمىزنى ئاسرىشىمىز ، ئۇلارنىڭ ئەمگەكلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز ، ئۆزئارا ئۆگىنىش ، ئۆزئارا هۆرمەتلەش ، ئورتاق ئىلگىرىلەشتەك ياخشى كەيپىياتنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم . بۈگۈن بوغدا ئابدۇللا ئەسەرلىرى توغرىسىدىكى ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشى ناهايىتى ياخشى بوپتۇ . مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ، خەلق هۆكۈمىتى ۋە ئۆز نامىمدىن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن . يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى هەمدە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق مۇهاكىمە يىغىنلىرىنى پىلانلىق ، تەشكىللىك ئاساستا ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتى ۋە ئىجادىيىتىنىڭ ساغلام ، جۇشقۇن تەرەققىي قىلىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن . مەن بۈگۈنكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىرقانچە پىكرىم ۋە ئويۇمنى كۆپچىلىككە سۆزلەپ ئۆتىمەن:

1 . ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بولغان مەسئۇلىيەت ئېڭى ۋە مەجبۇرىيەت ئېڭىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

21 ـ ئەسىر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئەمەلگە ئاشىدىغان ئەسىر . ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى جەزمەن ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم . شۇڭلاشقا ، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە ئومۇميۈزلۈك هاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە هەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر مەشئەلنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ياڭراق سىگنالنى چېلىپ ، كۈچ ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ ، خەلقنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى ئاكتىپچانلىقىغا ئىلهام ۋە مەدەت بېرىشى لازىم.

بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا 50 يىل بولىدۇ . هەممىڭلارغا مەلۇمكى ، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەهبەرلىكىدە ، شىنجاڭدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولدى . بىز ئېپتىخارلىق بىلەن شۇنداق دېيەلەيمىزكى ، ئۆتمۈشتىكى نامرات ، قالاق شىنجاڭدىن هازىر ئاززاقمۇ ئەسەر قالمىدى . ئۈمىدكە تولغان سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا قەد كۆتۈردى . هازىر شىنجاڭ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات دەۋرىدە تۇرۇۋاتىدۇ . بۇنى كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا ، تۆۋەندىكى بىرقانچە گەۋدىلىك ئالاهىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچى ، مەركەزنىڭ ۋە هەرقايسى قېرىنداش ئۆلكە ، شەهەرلەرنىڭ قوللاش سالمىقى بارغانسېرى زورايدى . شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا مەركەزدىكى ئۈچ ئەۋلاد رەهبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى سىڭگەن ، قېرىنداش ئۆلكە ، شەهەر ، ئاپتونوم رايوننىڭ سەمىمىي ياردىمى مۇجەسسەملەشكەن . بولۇپمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 16 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان ، يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش جەريانىدا ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش سالمىقى يەنىمۇ زورايتىلدى ، بولۇپمۇ 2003 ـ يىلى 32 ـ نومۇرلۇق هۆججەت ، 2004 ـ يىلى 11 ـ نومۇرلۇق هۆججەت ، بۇ يىل 15 ـ نومۇرلۇق هۆججەت تارقىتىلدى . بۇلار شىنجاڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ ، هەر مىللەت خەلقىگە نەپ يەتكۈزىدىغان پروگراممىا خاراكتېرلىك هۆججەت بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، زور بىر تۈركۈم قۇرۇلغان ۋە قۇرۇلۇۋاتقان چوڭ قۇرۇلۇش تۈرى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا زور تەسىر پەيدا قىلماقتا . هازىر شىنجاڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىغا قاراپ پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە . دېمەك ، هازىر شىنجاڭدا ياخشى تە-

رەققىيات ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىپ ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىماقتا.

ئىككىنچى ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات تېخىمۇ تېز ، ياخشى بولدى . 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 11 . 1 % كە يېتىپ ، بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تېز تەرەققىي قىلغان بىر يىل بولدى . ئىقتىساد قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا ، بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بارلىققا كەلدى . ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك تېز تەرەققىي قىلدى ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ رايونلار بويىچە جايلىشىشى يەنىمۇ ياخشىلاندى ، نېفىت ، نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى تەرەققىياتىنىڭ قەدىمى كۆرۈنەرلىك تېزلەشتى . ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى روشەن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

ئۈچىنچى ، خەلق ئاممىسى تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتى . ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئېڭى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى ، جايلار ۋە تارماقلار خەلق ئاممىسى ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەڭ ئەمەلىي ، ئەڭ جىددىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى كۈندىلىك مۇھىم خىزمەت كۈنتەرتىپىگە قويۇپ ، ئۇنى چوڭ ئىشلار قاتارىدا ئىشلىدى . يېزىلاردا بىز «ئۈچكە ياردەم بېرىش ، بىرنى تۆۋەنلىتىش ، بىرنى ئېلىپ تاشلاش» سىياسىتىنى يولغا قويۇپ ، كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنى مەنپەئەتلەندۈردۇق . شەھەرلەردىكى «ئىككى كاپالەت» يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى ، «ئۈچ كاپالەت لىنىيىسى» ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلدى . شەھەرلەردىكى كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان «تۆۋەن كاپالەت ئائىلىلىرى» ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈلدى . ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسەتلىرى ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى . بولۇپمۇ بىز يىل بېشىدا بېكىتكەن ، شەھەر ـ يېزىلاردىكى يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆي قۇرۇلۇشى ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى ھەقسىز مائارىپتىن بەھرىمەن قىلىش ، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش ، ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى ئېچىش ، يېزىلاردىكى يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش سىناق نۇقتىسى ، يېزا يول قۇرۇلۇشى ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيىنى كەنتلەرگە يەتكۈزۈش ، «ئۈچ خىل پېشقەدەم»لەرنىڭ تەمىناتىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق ئاما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىدىغان ئىشلىرىمىز ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىپ ، ھەر مىللەت ئاما ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتى.

تۆتىنچى ، ئىجتىمائىي ، سىياسىي ۋەزىيەت تېخىمۇ مۇقىم بولدى . ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە ، بىز مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى بىرقاتار تەدبىرلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە قاتتىق زەربە بەردۇق . تۈپ يىلتىزىدىن تۈزەشكە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتۇق ، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلدۇق ، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغان ، جەمئىيەت مۇقىم بولغان ياخشى ۋەزىيىتى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى.

ئۇلۇغ دەۋر ئۇلۇغ سەنئەتكارلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ . جەمئىيىتىمىزدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ، تۇرمۇش ئۇسۇلىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ ، خەلقنىڭ قىممەت قارىشىنى ئۆزگەرتىپ ، خەلقنىڭ جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىش ، بەختلىك تۇرمۇش بەرپا قىلىشىغا ئىلھام بەردى ، بۇلار ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مول ماددىي ئاساس ۋە كۈچلۈك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بەخش ئەتتى ، شۇنداقلا بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى جارى قىلدۇرۇشىغا كەڭ بوشلۇق ۋە سەھنە ھازىرلاپ بەردى . شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەزمەن ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ ، ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مەسئۇلىيەت ئېڭى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن بۇ ئۇلۇغ دەۋرنى ھەقىقىي مەدھىيىلىشىمىز كېرەك.

2 . دەۋرنىڭ تومۇر سوقۇشىنى ياخشى ئىگىلەپ ، نادىر ئەسەر ۋە ياخشى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ بارلىققا كەلتۈرۈپ ، ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىشى . ئەدەبىيات ـ سەنئەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلدە كۆرسىتىدىغان بىر مۇھىم كۈچ . بىز ئەدەبىيات ـ

سەنئەتنىڭ هازىرقى تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە تارىخىي خاراكتېرلىك تەرەققىياتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىمىز.

نادىر ئەسەر بىر دۆلەت ، بىر دەۋر ۋە بىر رايوندا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر . نادىر ئەسەر بولمىسا ، بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى تىكلىگىلى بولمايدۇ ، دەۋر ۋە خەلق ئالدىدىمۇ يەرگە قاراپ قالىمىز . بىز هازىر ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ، تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ناهايىتى ياخشى پۇرسەتكە ۋە ئىختىساسلىقلارغا ئىگىمىز . يېڭى ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىن ، ئىجادىيەتچىلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى ۋە ئاكتىپ تىرىشىشى ئارقىسىدا ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى تېخىمۇ جانلىنىپ ، دەۋر ئاساسىي مېلودىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ، چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە ، بەدىئىيلىكى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان زور بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى . بىز بۇلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كەلدۇق . لېكىن ، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى ، ئىدىيىۋىلىكى ، بەدىئىيلىكى كۈچلۈك ، بەدىئىي تەسىرى زور بولغان ، دەۋرنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان ۋە خەلق ئاممىسى ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغايدىغان نادىر ئەسەرلەر ۋە دۆلەت سەھنىسىگە چىقالايدىغان ئەسەرلەر يەنىلا ئانچە كۆپ ئەمەس . بىز مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»ى ۋە ئۇيغۇر 12 مۇقامى قاتارلىق كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىز ۋە مىراسلىرىمىز بىلەنلا پەخىرلىنىپ قالساق بولمايدۇ.

داغدۇغىلىق يولغا قويۇلغان غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە دۇنيا تەرەققىيات تارىخىدىكى ئۇلۇغ ئىش ، شۇنداقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ، زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى . ئۇ بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىمىزنى تۈگىمەس ئىجادىيەت تېمىلىرى بىلەنمۇ تەمىنلەيدۇ . شۇڭا ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىمىز دەۋر ۋە خەلق ئۆزىگە ئاتا قىلغان بۇرچنى تولۇق تونۇپ ، تەخىرسىزلىك ئېڭىنى ئاشۇرۇپ ، تىرىشىپ ئىزدىنىپ ، بەدىئىي ماهارىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشى ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ ، دەۋرنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ۋە ئەقىل ـ پاراستىنى مۇجەسسەملەشتۈرەلەيدىغان ، خەلقنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىشقا ئىلهاملاندۇرىدىغان ، يېتەكلەيدىغان يۇقىرى سەۋىيىلىك نادىر ئەسەرلەر ۋە ياخشى ئەسەرلەرنى تىرىشىپ ئىجاد قىلىشى كېرەك.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتى پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى ، شۇنداقلا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇهىم كۈچ . بىرقانچە يىلدىن بۇيان ، سىلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ، نادىر ئەسەر ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىلهاملاندۇرۇش ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش جەھەتلەردە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدىڭلار . لېكىن ، يېڭى ۋەزىيەت ، يېڭى ۋەزىپە بىزدىن نادىر ئەسەر قۇرۇلۇشىنى مۇهىم خىزمەت سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ ، «ئۈچ مەدەنىيلىك» قۇرۇلۇشى ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش تەلىپى بويىچە نۇقتىلىق ئىجادىيەت تېمىسىنى تاللاپ ۋە ئىجادىيەت تەدبىرى تۈزۈپ ، شارائىتنى ياخشىلاپ ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، تەشكىللەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . بىز مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنىڭ ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولۇپ هەم زور كۈچ سەرپ قىلىپ ، نادىر ئەسەر ئىجادىيىتىنى ياخشى تەشكىللەپ ، مىللىي ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنى شىنجاڭغا هەم پۈتۈن مەملىكەتكە ، دۇنياغا ، كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈشىمىز لازىم . شۇنداق قىلغاندىلا ، ئاندىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرەلەيمىز.

3 . ئاساسىي تېمىنى چىڭ تۇتۇپ ، ئومۇمىيلىقنى چۆرىدەپ ، رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ ، ئىسلاهات ، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

يېڭى دەۋرنىڭ يېڭى باسقۇچىدا هەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى ۋە بىرلىكتە گۈللىنىپ ئالغا بېسىشى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ، شۇنداقلا ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى . ئىسلاهات ، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق بارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەشتە چۆرىدەيدىغان ئومۇمىيلىقىمىز ، شۇنداقلا ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى چۆرىدەشكە تېگىشلىك ئومۇمىيلىق.

يازغۇچىلار ۋە سەنئەتكارلار خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قانداق قاندۇرۇشى ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن قانداق تۆھپە قوشۇشى ، ئىناق شىنجاڭ بەرپا قىلىش يولىدا ئۆز رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك ، دېگەن مەسىلە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭى بار ھەر بىر يازغۇچى ۋە سەنئەتكار چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك تېما . بۇ يەردە مەن مۇنداق بىرقانچە مەسىلىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتىمەن:

بىرىنچى ، توغرا ئىجادىيەت يۆنىلىشىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇش لازىم . ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىگە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئارقىلىق رەھبەرلىك قىلىپ ، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ۋە «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش لازىم . ئىجادىيەت يۆنىلىش مەسىلىسى ـــ سىياسىي پوزىتسىيە ، سىياسىي مەيدان ، سىياسىي يۆنىلىش مەسىلىسى ، نېمىنى تەشەببۇس قىلىپ ، نېمىگە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى ، قانداق ئىدىيىنى تەرغىب قىلىش ، كىشىلەرنى قايسى تەرەپكە يېتەكلەش مەسىلىسى ، شۇنداقلا پۈتكۈل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ جېنىغا بېرىپ تاقىلىدىغان مۇھىم مەسىلىدۇر . خەلق ئۈچۈن ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ پارتىيىمىز بېكىتكەن تۈپ يۆنىلىشى ، مۇشۇ يۆنىلىشنى پۇختا ئىگىلەپ ، باشتىن ـ ئاخىر پارتىيە ۋە خەلق تەرەپتە چىڭ تۇرۇپ ، ئىجادىيىتىمىزدە خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ ، ئۆز ئەسەرلىرىمىزدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ، كوللېكتىۋىزم ۋە سوتسىيالىزم روھىنى ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىدىيىسى ۋە روھىنى ، خەلقنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا پايدىلىق بارلىق ئىدىيە ۋە روھنى ، بولۇپمۇ ھازىرقى ۋەزىيەتتە پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش تەربىيىسى پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا پايدىلىق بارلىق ئىدىيە ۋە روھنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلغاندىلا ، ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلالايمىز.

ئىككىنچى ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشتە قەتئىي چىڭ تۇرۇش لازىم . خەلق ـــ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئانىسى ، تۇرمۇش ـــ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ بۇلىقى . خەلقتىن ، تۇرمۇشتىن ئايرىلغان سەنئەتنىڭ ھاياتىي كۈچى بولمايدۇ . تۇرمۇشقا چۆكۈشتىكى مەقسەت پەقەت زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن كۈچ قوشۇشتىنلا ئىبارەت . شىنجاڭ غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشتا ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ ، بىز ھەم دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن بولغان تەرەققىيات پەرقىمىزنى تىرىشىپ كىچىكلىتىشىمىز ، ھەم ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدىن تېز تەرەققىي قىلىش ، تۇرمۇشىمىز ياخشى بولۇشتەك ئۈستۈنلۈكىمىزنى ساقلىشىمىز كېرەك . دېمەك ، ۋەزىپىمىز خېلىلا ئېغىر . بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك دېگىنىمىز ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەردىن ماددىيلاشقان ئېچىش ، قۇرۇلۇش پائالىيەتلىرىگە بىۋاستە قاتنىشىشنى ئاددىي ھالدىلا تەلەپ قىلىش ياكى مەلۇم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تۈرىنى دەلىللەش بولماستىن ، بەلكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەردىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن ئىبارەت ئالاھىدە قورالدىن پايدىلىنىپ ، غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئۈچۈن ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات يارىتىپ ، ئىدىيە ـ مەدەنىيەت ئۇلىنى چىڭىتىپ ، مەنىۋى تۈرتكە يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت . بىز غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ، شىنجاڭنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزنىڭ ئۇلۇغ مۇساپىسىدە ، ھەرمىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىنىڭ تېخىمۇ چوڭ ۋە تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلىشىنى ، شۇنداقلا ھازىرقى ئوتتەك قىزغىن رېئال تۇرمۇش ئىچىدە چېنىقىپ ، مەنىۋىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشىنى ئارزۇ قىلىمىز.

ئۈچىنچى ، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم . ھەرقايسى مىللەتلەر نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىنىڭ مول مىللىي مەدەنىيىتىنى توپلىغان . بۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى . لېكىن ، خەنزۇ مەدەنىيىتىمۇ ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىمۇ دەۋرنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ قالاقلىقىنى ئۆزگەرتىپ ، تەرەققىي قىلىش ۋە ئىلگىرىلەش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان . بىز يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرمايدىغان ، مىللىي مەدەنىيەتتىكى قالاق نەرسىلەرنى داۋاملىق چۆرۈپ

تاشلىمايدىغان بولساق ، بىر مىللەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە جەزمەن تەسىر يېتىدۇ ، مىللىي مەدەنىيەت بارغانسېرى يېڭى هاياتىي كۈچىنى يوقىتىدۇ . دەۋرنىڭ تۈرتكىسىگە ئەگىشىپ ، پۈتكۈل مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ، مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ ، مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى كونا ئادەتلەرنى ئاڭلىق هالدا چۆرۈپ تاشلاپ ، پائال يېڭىلىق يارىتىپ ، مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم ، ئىلغار مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ، شۇنداقلا ئاڭلىق ئالغا ئىنتىلىدىغان مىللەتنىڭ ئاقىلانە تاللىشى ئەنە شۇ . جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان يېڭى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش هەم مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ياخشى قىسمىغا ۋارىسلىق قىلغانلىق ، هەم ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك تەرەققىياتى يۆنىلىشىنىڭ جەۋھىرىنى نامايان قىلغانلىق بولىدۇ . نەزەر دائىرىسى كەڭ هەربىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىمى ۋە پۇقرا ئىلغار مىللىي مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم . شۈبهىسىزكى ، بۇ مىللەتلەر تەرەققىياتىنىڭ تۈپ تەلىپىگە ئۇيغۇن . مىللەتلەر مەدەنىيىتىدىكى قالاق نەرسىلەرنى چۆرۈپ تاشلاشتا ، مىللىي مەنپەئەت ياكى مىللىي هېسسىياتقا ئازار يېتىدۇ دەپ قاراپ ، ئۇنىڭدىن كۆز قىيماسلىققا بولمايدۇ . بۇنداق تار قاراش ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قەتئىي سىغىشمايدۇ.

تۆتىنچى ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش لازىم . ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ مىللەتلىك ، كۆپ دىنلىق چېگرا رايون ، مۇقىملىقنى ساقلاش ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش . دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىكى بىر مۇهىم ۋاستىسى مەدەنىيەت ئارقىلىق بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت . مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئېلىپ ئېيتساق ، ئىجتىمائىي ، سىياسىي ۋە ئىدىيىۋى مۇقىملىققا تېخىمۇ ئەهمىيەت بېرىش لازىم . غەربتىكى چىرىك ئىدىيىۋى ئېقىم ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسى ، دىن ئەسەبىيلىرى تەرغىب قىلغان بەزى ئەكسىيەتچىل نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ مەدەنىيەت ساهەسىگە سىڭىپ كىرىشىدىن هوشيار بولۇشىمىز؛ بەزى كىشىلەرنىڭ مىللەت ، دىن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ ، ئاتالمىش مىللىي مەدەنىيەتنى قوغداش ۋە جارى قىلدۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن هوشيار بولۇشىمىز لازىم . ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا زىيان يەتكۈزىدىغان هەرقانداق سۆز ۋە ئەسەرلەرنىڭ بىر سۆز ۋە بىر جۈملىسىنىڭمۇ كۆرۈلۈشىگە يول قويۇلمايدۇ . جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوغداش — بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز.

هۆرمەتلىك يازغۇچى ـ شائىر دوستلار ، سىلەر پارتىيە ۋە خەلقنىڭ يازغۇچىلىرى ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ شائىرلىرى ، پارتىيە ۋە خەلق سىلەرنى هۆرمەتلەيدۇ ، سىلەردىن پەخىرلىنىدۇ . بىز سىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ سىلەردىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىيالىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز ۋە ئاقلىيالايدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمىز . مەن ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنى دېمەكچىمەنكى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق هۆكۈمىتى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى داۋاملىق زور كۈچ بىلەن قوللايدۇ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى داۋاملىق قوللاپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىمىزگە ئىمكانقەدەر ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ . بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق هۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەهبەرلىكىدە ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇهىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ ، يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ ، روهىمىزنى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇپ ، يەنىمۇ تىرىشىپ ئىجاد قىلىپ ، شىنجاڭنى تېخىمۇ ئىناق ، مۇقىم قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ، تېخىمۇ گۈللەندۈرۈپ روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلايلى.

ئاخىرىدا ، بۈگۈنكى مۇهاكىمە يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا ، يولداش بوغدا ئابدۇللانىڭ ۋە بارلىق يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت ئىشلىرىدا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ، تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىغا چىن كۆڭلۈمدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

تەهرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# نادىر ئەسەر ئېگى ۋە دۇنياغا يۈزلەنگەن پوئېزىيە

## ( شائىر بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرى ھەققىدە )

**ماھمۇد زەيدى**

بىر پارچە نادىر ئەسەر ، بىر لىرىك شېئىرمۇ بەزىدە كىشىنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدۇ . قۇياش ئۆزىنى كۆرسەتمەستىن ، كېچىدە ئاي بىلەن يۇلتۇزلارنى چاقناتقاندەك ، ئاپتورمۇ ئۆزىنى كۆرسەتمەستىن ، ئۆز ئىجادىيىتى بىلەن بىزنى ، قەلبىمىزنى يورۇتىدۇ . بارلىق نادىر ئەسەرلەر نۇرلۇق يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ . لۇشۈن: «ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەلق قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان نۇر . بۇ نۇر قاراڭغۇلۇقنى يورۇتىدۇ» دېگەنىدى . بىز يورۇقلۇق ئارقىلىق كەلگۈسىنى كۆرىمىز . ئىشەنچىمىزنى ئاشۇرىمىز . شائىر بوغدا ئابدۇللا خەلقنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن نادىر ئەسەرلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر . ئۇ ئىجادىي ئەمگەك بىلەن مەشغۇل بولغان 50 يىلدىن بۇيان بەدىئىي ئىجادىيەتتە تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولۇپ كەلدى . باللىقىدا ئەدەبىياتقا قانداق چوڭقۇر ھەۋەس قىلغان بولسا ، كېيىنكى ياشلىق مەزگىلى ، ئوتتۇرا ياشلىق ھەم قىرانىغا يەتكەن مەزگىللىرىدىمۇ مانا شۇنداق قىزغىنلىقىنى ئۆچمەس گۈلخانغا ئايلاندۇردى.

بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرلىرى ۋە ئىلمىي مۇلاھىزىلىرى دۆلىتىمىزدىن باشقا ، چەت ئەل تىللىرىغىمۇ تەرجىمە قىلىنىپ ئالقىشقا ئېرىشتى . 80 ـ يىللاردا شىنجاڭدىن بىر تۈركۈم يازغۇچى ـ شائىرلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى مەملىكەتلىرىگە زىيارەتكە باردى . ئىمىن تۇرسۇن ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، ياسىن خۇدابەردى ، تېيىپجان ، ئىمىن ئەھمىدى ، مۇختار مەخسۇت ، ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن ، زوردۇن سابىر ، قەييۇم تۇردى ، مۇھەممەت باغراش ، بوغدا ئابدۇللا ، ئازات سۇلتان ، مۇھەممەت پولات ، ئابدۇراھمان قاھار ، قۇربان بارات ۋە رەخىم قاسىم ، تۇرسۇنمۇھەممەت پەخىردىن ، ئارسلان ، مىرزاھىد كېرىم ، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر قاتارلىق . يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ نام ـ ئەمەلى ئىنگلىز ، نېمىس ، ئوردۇ ، ئەرەب ، تۈرك ، ئۆزبېك ، قازاق ۋە رۇس تىللىرىدىكى مەتبۇئاتلاردا تونۇشتۇرۇلدى .

بەزىلىرى تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلدى.

* *

80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر مەتبۇئاتلىرىدا شىنجاڭلىق يازغۇچى ـ شائىرلارنى تونۇشتۇرۇش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى . 1989 ـ يىلى ئاۋغۇستتا ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار سايوزىدىن تاھىر مالىك ۋە سەرۋەر ئەزىموپ بىلەن م . زەيدى سۆھبەتلىشىپ ، ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزبېك تىلىدا ئىككى توم كىتاب شەكلىدە تاشكەنتتە نەشر قىلىش بويىچە كېلىشىم تۈزۈلدى . بۇ ئىشقا تاشكەنتتىكى يازغۇچى ئەمىن ئوسمان بىلەن ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن يازغۇچى روزى قادىر مەسئۇل قىلىندى . كېيىنكى يىلى پروزا ۋە پوئېزىيە بويىچە ئىككى كىتاب تاشكەنتتە نەشرگە تەييارلاندى . بۇ كىتابلارغا ئۆتكۈر ئەپەندى ، تېيىپجان ئېلىيوپ ، ئارسلان ، مىرزاھىد كېرىم ، زوردۇن سابىر ، بوغدا ئابدۇللا قاتارلىق 20 نەچچە كىشىنىڭ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن . تۆۋەندە مەن بوغدا ئابدۇللانىڭ قازاقىستان ، ئۆزبېكىستان ، قىرغىزىستان ، تۈركىيە ۋە پاكىستانلاردىكى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمەن.

1 . 1990 ـ يىلى ئالماتا شەھىرىدە شىنجاڭ شائىرلىرىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ نادىر شېئىرلىرىنى ئاساس قىلىپ ، رۇس گرافىكىسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا «تەڭرىتاغ سادالىرى» ناملىق بىر كىتاب نەشر قىلىندى . بۇ كىتابقا بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرلىرىدىن: «ئانا يەر»، «تاڭ ئاقاردى» ، «سۇمۇرۇغ دەرىخى» ، «ئىلھام» ، «گۈلنى تاشلىماڭلار» ، «مەجنۇنتال تۈۋىدە» ، «شائىر قەبرە تېشى»... قاتارلىق لىرىكىلىرى كىرگۈزۈلگەن.

2 . قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك شەھىرىدە 2001 ـ يىلى

دۆلەت نەشرىياتى تەرىپىدىن : «ئۇيغۇرىسكىي پوئىزىيە» دېگەن رۇسچە بىر كىتاب نەشر قىلىندى . بۇ كىتابقا ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن 25 كىشىنىڭ شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، بوغدا ئابدۇللانىڭ ئالتە شېئىرى رۇسچە تەرجىمىسى (ن . چىرنوۋىي تەرجىمىسى) بىلەن بۇ كىتابتىن ئورۇن ئالغان . كىتاب نەشر قىلىنىپ ، رۇس كىتابخانلىرىدا ئۇيغۇر پوئېزىيىسىگە قىزغىن ئالقىش ۋە يېڭىچە تونۇش هاسىل قىلىنغان.

3 . ئالماتا شەھىرىدە 1999 ـ يىلى «ئۇيغۇرشۇناسلىق بويىچە تەتقىقاتلار» نامىدا رۇسچە ـ ئۇيغۇرچە بىر كىتاب نەشر قىلىنغان . كىتابقا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ، سەنئىتى ۋە ئېتنوگرافىيىسىگە دائىر ياخشىغىنە ئىلمىي تەتقىقاتلار كىرگۈزۈلگەن . مۇشۇ كىتابنىڭ 30 ـ بەتلىرىدە بوغدا ئابدۇللانىڭ «مىللىي تۇپراق ـــ لىرىكا» دېگەن ماقالىسى ئورۇن ئالغان (مەزكۇر ماقالىدىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن كۆزقاراشلار تەتقىقاتچىلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشكەن).

4 . قازاقىستاندا نەشر قىلىنغان «پىراستور» (دالا) ناملىق رۇس تىلىدىكى بىر ژۇرنال سەھىپىسىدە ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ، نىمشېھىت ، تېيىپجان ئېلىيوپ ، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى ۋە بوغدا ئابدۇللانىڭ بىرنەچچە لىرىك شېئىرىمۇ ئورۇن ئالغان . بۇلار ھەققىدە «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ئوبزور ئېلان قىلىنغان.

5 . ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ نەسرىي ۋە نەزمىي ئەسەرلىرى تۈركىيە مەتبۇئاتلىرىدا خېلى قويۇق تونۇشتۇرۇلۇپ كەلمەكتە . جۈملىدىن بوغدا ئابدۇللانىڭمۇ «سىگانلار» ، «دېڭىز» ، «قىز قەلئەسى» ۋە «ئامانىنسا» دېگەن داستانى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىندى . كىتابخانلار ئىچىدە قىزغىن مۇھاكىمىلەرمۇ بولۇپ ئۆتتى.

6 . تاشكەنت شەھىرىدە ئۆزبېك تىلىدا نەشر قىلىنغان «ياشلىق» نامىدىكى ئايلىق ژۇرنىلىدا ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ تونۇشتۇرۇلۇپ كېلىنمەكتە . 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى سانلىرىدا ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ، پەرھات ئىلياس ، پولات ھېۋزۇللا ، ئىلغارجان سادىق ۋە بوغدا ئابدۇللانىڭ بىرقانچىدىن لىرىك شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى . بۇنىڭدىن باشقا ، تاشكەنت شەھىرىدە چىقىدىغان «ياش لېنىنچى» گېزىتىدە ئىمىن ئەھمىدى ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ، بوغدا ئابدۇللا ، م . زەيدى قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىمۇ ئېلان قىلىنغان .

ئالماتا شەھىرىدە نەشر قىلىنغان ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 9 ـ سىنىپلىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئەدەبىيات دەرسلىكىگە بوغدا ئابدۇللانىڭ «سالغا تېشى» ، «تارىم» قاتارلىق بىرقانچە شېئىرلىرى بىلەن شائىرنىڭ تەرجىمىھالىمۇ بېرىلگەن . ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن باشلاپ ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدە بىر تۈركۈم شېئىرلىرى بار.

* *

بوغدا ئابدۇللا 1988 ـ يىلى ئېلىمىزنىڭ يازغۇچىلار ئۆمىكى بىلەن پاكىستاننى زىيارەت قىلغان . ئۇ زىيارەت داۋامىدا «كومزەك كۆتۈرگەن قىز» ، «تىلەمچى» ، «تۆگە» ، «ئۇد چالدۇ پارس دىلبىرى» ۋە «بابۇر» قاتارلىق شېئىرلىرىنى يېزىپ ئېلان قىلغان① . ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى دۆلىتىمىزنىڭ پاكىستاندىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ كاتىپى روشەن ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغان . پاكىستاننىڭ هازىرقى زامان مەشھۇر ئايال شائىرەسى ئادا جافرى قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن . پاكىستان ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسىدىكى پروفېسسورلارمۇ سۆھبەتلەر جەريانىدا جۇڭگونى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ، جۇڭگو يازغۇچى ـ شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغانلىقلىرىنى بايان قىلىشقان.

بوغدا ئابدۇللا ئىسلامئاباتتىكى «ئىستراھەت» رېستوراندىكى مېھماندارچىلىقتىن پاكىستانلىقلارنىڭ مېھماندوست ۋە شېئىرىي تۇيغۇغا باي ئىكەنلىكىنى ، سەنئەتخۇمار ئىكەنلىكىنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلغان . رېستورانغا قويۇلغان نەپىس سۈرەتلەر قاتارىدا بىزنىڭ يىراق ئەجدادلىرىمىزدىن بابۇرنىڭمۇ كىتاب كۆرۈۋاتقان ئوبرازىنى كۆرگەن . بۇ پەيتتە ئۇزاق تارىخنى ئەسلىگەن ، تارىخىي شېئىر يازماقچىمۇ بولغان ، لېكىن شېئىرىيەت تارىخىقا قارىغاندا پەلسەپىگە يېقىن تۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇپ ، قىسقا بىر شېئىر يازغان ، ئۇ:

كەچۈر ، بابۇر ، مەندىكى مىجەز،
خاس قالمىشتۇر ئۆمەر ھەييامدىن.
لاھور گۈلىدىن ياسالغان شاراب،
جانان لېۋىدەك مۇشۇ بىر جامدىن.
ئوتلىغىنا ، مەستۇ ـ مۇستەغرەق
بولۇپ بارساق مەھشەردە ئۇدۇل

① بۇ شېئىرلار «كومزەك كۆتۈرگەن قىز» ناملىق كىتابىدا نەشر قىلىنغان . 121 ـ ، 123 ـ ، 38 ـ ، 57 ـ بەتلەردە.)

ئەجەب ئەمەس بابۇر نامەدىن
تىرىلىپ قالساق ، جاھانغا بىر يول.

(«كومزەك كۆتۈرگەن قىز» 57 ـ بەت.)

يۇقىرىدىكى شېئىرلارنى ئوقۇغان پروفېسسور ، دوكتور يېتەكچىسى ۋاڭ باۋ ئەپەندى: «ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە ، بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى . ماقالىسىنىڭ بىر جايىدا: «بۇ شېئىرلاردا ئۇرغۇپ تۇرغان تارىخىي ھېسسىياتتىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى ، بۇنداق ھېسسىياتنى شائىر مەقسەتلىك ھالدا ئەتەي قوشقان ئەمەس . ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىنى چوڭقۇر قازغانلىقنىڭ نەتىجىسى... » دېگەنىدى.

«بوغدا ئابدۇللانىڭ پاكىستان ھەققىدىكى شېئىرلىرىدا بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن جايلار بار ، ئۇ بولسىمۇ شائىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان رېئالىزملىق ئەنئەنىۋى يېزىش ئۇسۇلىدا مودېرنىزملىق شېئىرىي ئۇسلۇبتىن مەلۇم ۋاسىتىلەرنى دادىل قوبۇل قىلغان . بۇمۇ شائىرنىڭ ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتە يېڭى بىر قەدەم تاشلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . پابلو نېرودا: «ئەگەر شائىر رېئالىزمچى بولمىسا ، ئۇ ئۆلگەن شائىردۇر؛ ئەگەر شائىر پەقەت رېئالىزمچىلا بولسا ، ئۇمۇ ئۆلگەن شائىردۇر . بىر شائىر ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغان شېئىرلارنىلا يازسا ، ئۇ شېئىرلارنى پەقەت ئۆزىلا ۋە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرلا چۈشەنسە ، بۇ بەكمۇ ئېچىنىشلىقتۇر . بىر شائىر ئەقىلگە پۈتۈنلەي مۇۋاپىق شېئىرلارنى يازسا ، ئۇ شېئىرلارنى ھەتتا دۆتلەرمۇ چۈشىنەلىسە ، بۇمۇ ئىنتايىن ئېچىنىشلىقتۇر» دېگەن . بوغدا ئابدۇللانىڭ پاكىستان تەسىراتلىرى چۈشىنىكسىز ئەمەس ، «ئەقىلگە پۈتۈنلەي مۇۋاپىق»مۇ ئەمەس . بۇ شائىرنىڭ «پەقەت رېئالىزمچىلا» ئەمەسلىكىنى ، بەلكى مودېرنىزملىق شېئىرىي ئىجادىيەتتىن ئۆزۈقلۇق تەركىبلەرنى ، ئالايلۇق ، رېئاللىقتىن ھالقىپ ئوبراز يارىتىش ، تەسەۋۋۇردىن كەڭ پايدىلىنىش ، بېشارەتنى دادىل قوللىنىش ، شېئىرىي پىكىرنى شاخلاندۇرۇشقا ئىنتىلىشكە ئوخشاش تەركىبلەرنى قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ .» (ۋاڭ باۋ)

گۈزەل تىل ، مول تەسەۋۋۇر ، كۈچلۈك ھېسسىيات بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرىنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى . ئۇنىڭ پاكىستان ھەققىدىكى شېئىرلىرىدا غايىۋى روھ يالقۇنى بىلەن پارلىغان رىتىملىق سادا تاغلارغا تېگىپ ئەكس سادا قىلغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ . ئۇنىڭ بۇ شېئىرلىرى 11 ـ ئەسىردە يېزىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى:

پەزادىن كىلىگلى ساما قۇشلىرى
بىرى رايى ھىندى ، بىرى قەيسەرى.
بىرى شەرقتىن تۇتار مىڭ ئەرمغان،
بىرى غەربتىن تىكەر خىزمىتىگە جان.

مىسرالىرىدىكى بىزنىڭ قەدىمكى ھىندىستان ھەم ئىران بىلەن بولغان دوستلۇق ئالاقىمىزنى ئەسكە سالىدۇ.

بوغدا ئابدۇللا لىرىك ، ئېپىك شېئىرلىرى بىلەن ئالقىشلانغاندىن سىرت ، يەنە يېزىقچىلىق جەھەتتىكى نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرى بىلەنمۇ تونۇلغان . ئۇ ئەدەبىي ، بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ جەزبىبىلىك بولۇشى ، كىتابخان قەلبىدە مەڭگۈ يالتىراپ تۇرىدىغان ئەسەرلەرنىڭ قانداق يارىتىلىشى ، قىسقىسى ، سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ چەك ـ چېگراسى بولماسلىقتەك دۇنياۋى ، سېھرىي كۈچكە ئىگە بولۇشى قاتارلىق مەزمۇنلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرىنى كۆرسەتكەن . ئۇنىڭ «مىللىي تۇپراق ـــ لىرىكا» ناملىق ماقالىسى قازاقىستان يازغۇچىلىرى ئىچىدە بەس ـ مۇنازىرە قوزغىغان ھەمدە بۇ ماقالىسى ئالماتادا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرشۇناسلىق ھەققىدە تەتقىقاتلار» دېگەن كىتابتا (رۇسچە ۋە ئۇيغۇرچە) نەشر قىلىپ تونۇشتۇرۇلغان .

* *

بوغدا ئابدۇللا ھەم لىرىك ، ھەم ئېپىك شېئىرلارنىڭ مۇئەللىپى . 10 پارچىدەك داستانى بار . ئۇنىڭ ئىجادىدىكى بىر ئالاھىدىلىك ـــ ئەسەرلىرىدىكى سىغىمچانلىق . بۇ ئاپتور ئۇسلۇبىنىڭ نەتىجىسى . بوغدا ئابدۇللا يازغاندا ئىخچاملىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىكەن . بۇ ئۇسلۇبقا تۇتىشىدۇ . ئېنىقكى ، شائىر نەپاسەتكە ، ئەسەرلىرى خاس ئۇسلۇبقا ئىگە . ئەسەرنىڭ قانداق بولۇشى ئاپتورغا باغلىق . ئۇسلۇب ئاپتورنىڭ روھىي قىياپىتىنى ، تىل ئادىتىنى ، ماھارىتىنى كۆرسەتكۈچى شەكىلدۇر . مەن ئۇنىڭ قىسقا شېئىرلىرى ئۈستىدە توختىلىمەن.

بوغدا ئابدۇللانىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى قىسقا ، تۆت مىسرا ، ئالتە ياكى ئون نەچچە مىسرا بىلەنلا تۈگەيدۇ . ھەر بىر شېئىرىدا بىر يېڭىچە پىكىر ، يېڭى ئوبراز ، خۇپىيانە ھېكمەت بار . مەن ئادەتتە بوغدا ئابدۇللانىڭ يىرىك ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇغان ۋە تەتقىق قىلغان ـــ «ئامانىسا» ، «گۈلدەستىخان» ياكى «مەريەمخان»

دېگەندەك داستانلىرىنى . بۇ ئېپىك ئەسەرلەر ئەدەبىياتىمىز تارىخىدىكى نادىر ئەسەرلەر بولۇشقا مۇناسىپ . بۇ ئەسەرلەردىمۇ مۇئەللىپىنىڭ ئۇسلۇبى گەۋدىلەنگەن.

«بىر ناخشا» ، «گۆر ئوغلى» ، «ئەي دۇنيانىڭ خىلۋەت بۇلۇڭى» ، «ئوچاق» ، «بېزەكلىك» ، «مەرىكە» قاتارلىق① شېئىرلىرىنى ئوقۇپ ، بىر سېھرىي دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك تەسىراتقا چۆمدۇم . تېخىچە تۇرمۇشتا بار ، قەلەمگە ئېلىنمىغان خەلق ئىچىدىكى ئوخشىتىشلار ، رىۋايەتتىكى سىمۋوللار شېئىرىغا ئاجايىپ ياراشقان . بۇ نەقىشلەر ئاجايىپ تەبىئىي ، ياماق چۈشمىگەن ، ئۆگىمىگەن ، تەشتەكتە ئەمەس ، دالادا ئۆسۈپ يامغۇر ـ يېشىندا يۇيۇلۇپ ، ياشنىغان ، چېنىققان گۈل ـ گىياھلارنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرىدۇ . بەزى مىسرالىرىدا شېرىن ـ شەربەت ئاققاندەك ، بەزىلىرىدىن كىشى چوغ يۇتۇۋالغاندەك ، بەزى مىسرالىرىدىن رەڭدار كېپىنەك چىقىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك مەنزىرە كۆزۈڭگە كۆرۈنىدۇ . ئايرىم شېئىرلىرىدىن كىشى سۈتتىن ئايرىۋالغان قايماق يېگەندەك تاتلىق تەسىراتقا كېلىدۇ.

«ئىزىمنى ئىزلاش» ئالتە مىسرالىق شېئىر . قېرىماس ئاشقىلىق سەۋداسىنىڭ ئۆچمەس يادنامىسىنى «بوستان سۇمبۇل چاچ ، بىلدىم بوينۇمغا ، بىر تېلى چىر اش ، قۇندۇزمىدۇ بۇ ، مەشرەپ بولدۇما ، لەيلىدى روھىم ، ئىزىمنى ئىزلاش...» دېگەن مىسرالاردا ، قانداقتۇر ياشلىقتىكى تۇنجى مۇھەببەتنى كۆڭۈل ئاسمىنىدا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزغا ئوخشىتىدۇ . مانا بۇ ــ ئىخچاملىق . شائىر «بوگۈن ۋە ئەتە» دېگەن شېئىرىدىمۇ:

كۈلكە ھېچكىمدىن مىراس قالمىغان،
ھېچكىم يىغىنى سېتىپ ئالمىغان.
ئاۋۇنىڭ كەينىدە ، ماۋۇ بار،
شۇنداق چۆرگىلەپ كېلىدۇ جاھان...

«كومزەك كۆتۈرگەن قىز» دېگەن مىسرالىرىدا تۇرمۇش قاتلىمىدا بار ، ئەمما تېخىچە باشقىلار قەلەمگە ئالمىغان ، پىنھان شېئىرىي تۇيغۇلارنى ئۇ بايقاپ ، گۈل ئۈستىگە گۈل كەلتۈرگەن . مانا بۇلارمۇ پەقەت بوغدا ئابدۇللانىڭلا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى . قەدىمدىن تارتىپ ئۇسلۇبتا شائىرنىڭ بەدىئىي تالانتى ، پىسخىك خاراكتېرى ، ئۇنىڭ ئاۋازى ، قىسقىسى ، ئوبرازى ئەكس ئېتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ، ئوبرازىنى كۆرگەندەك بولىمىز .

بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرى تۇرمۇش تۇپرىقىدىن ئۈنگەن خۇش پۇراق گۈلگە ئوخشاش گۈل خۇمار خەلققە زوق بېغىشلىدى . گۈلچى ئەلا سورتلۇق گۈل ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مۇنبەت تۇپراقنى ئاساس قىلىدۇ . لۇشۈنمۇ «گۈلگە قارىغاندا تۇپراق مۇھىم» دېگەنىدى . ئۇ ئادەتتىكى تۇپراقنى تەجرىبە ئېتىزى قىلىپ ، سورتلۇق گۈل ئۆستۈرگەن باغۋەن بولدى . شائىر تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ، پىنھان ياتقان پىكىر ئۈنچىلىرىنى تېرىپ ، ئۇنى تاراشلاپ يېڭى سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇردى . مەسىلەن ، «پاختەك نېمە دەيدۇ» ، «سۇندۇك ھەققىدە رىۋايەت» ، «قۇرمىش ئاتا» ، «تاراتى رىۋايىتى» ، «سايرام رىۋايىتى» ، «قاغا ھەققىدە رىۋايەت»② قاتارلىق شېئىرلىرىدا خەلق ھېكمەتلىرىنىڭ ھىدلىرى تەپچىپ تۇرىدۇ . تارىخنىڭ سىرلىق ھېكمەتلىرى كۆڭۈل ئېكرانىدا نامايان بولىدۇ . بۇ شېئىرلار ئۇنىڭ ھېسسىيات ۋە تەجرىبە جۇغلانمىسىنىڭ مېۋىلىرى ، بۇ رىۋايەتلەر خۇددى قار ئۈستىگە تامغان قان تامچىسىدەك يارقىن ، چېكىلەپ نەقىشلەنگەن قاشتېشىدەك گۈزەل بولۇپ خىيالىڭغا مەڭگۈلۈك ئورناپ قالىدۇ.

بوغدا ئابدۇللانىڭ 1983 ـ يىلىغىچە 30 پارچە ئەسىرى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنىپ ، مەتبۇئاتتا تونۇشتۇرۇلغان③ ، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ خېلى بىرقىسىم شېئىر ، داستان ۋە ماقالىلىرى خەنزۇ ، رۇس ، ئىنگلىز ، ئوردۇ ، تۈرك ، ئۆزبېك ، قازاق ، قىرغىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ كەلمەكتە.

بوغدا ئابدۇللا شېئىرىيەت ساھەسىدە تۆھپىسى بار ، ئۆزىگىلا خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن لىرىك شائىر . ئۇنىڭ يارقىن تىل ئىشلىتىش ئادەتلىرى ، ئىپادىلەشتىكى ئۇسلۇب شەكلىنى داستانلىرىدىن تېخىمۇ ئېنىقراق كۆرگىلى بولىدۇ.

لىرىك ھېسسىياتلارنىڭ جەۋلانى ، نازۇك تۇيغۇلارنىڭ بوستانى ، گۈزەل ئارزۇلارنىڭ پەرۋىشكار باغۋەنى بوغدا ئابدۇللاغا بەخت ـ ئامەت مەڭگۈ يار بولغاي.

مەن ئۇنىڭ دوستى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئىجادىيەتتە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تېخىمۇ ياخشى نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**

① «كومزەك كۆتۈرگەن قىز» توپلىمىدىن ئېلىندى . شۇ كىتاب: 125 ـ بەت ، 132 ـ ۋە 200 ـ بەتلەردە.

② «كومزەك كۆتۈرگەن قىز» كىتابى: 101 ـ ، 140 ـ ، 148 ـ بەتلەر.

③ بۇ سان 1983 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «يەلكەن» توپلىمىدىكى مۇھەررىردىن بېرىلگەن مۇقەددىمىدىن ئېلىندى.

# بوغدا ئابدۇللا ۋە « سالغا تېشى »

ئىمىن ئەھمىدى

شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى ، پروفېسسور ئازات سۇلتاننىڭ «ئەگەر بىز بوغدا ئابدۇللانىڭ 80 ـ يىللاردىكى شېئىرىي ئىجادىيىتىنى ئۆزىنىڭ روشەن خاسلىقى ، يېڭىلىقى ۋە ئىجادىيلىقى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتتى دەپ قارىساق ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ 90 ـ يىللاردىكى شېئىرلىرىدا يارىتىلغان بەدىئىي دۇنياغا ، كىشىنى قاتتىق ئويغا سالىدىغان پەلسەپىۋى ھېكمەت ۋە ھايات سىرلىرى ھەققىدىكى پىكىرلەرگە ، شۇنداقلا ئېستېتىك ئاڭنىڭ پەرۋازىغا قاراپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئېلىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسى بىلەن بىردەك بولۇپ قالماي ، بەلكى دۇنيا ئەدەبىياتىغا يۈزلەندى دېيىشكە بولىدۇ» ① دېگەنلىرىنى بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ئۇستىدىن چىقىرىلغان ئەڭ توغرا يەكۈن دەپ قارايمىز . چۈنكى ، بۇ يەكۈن بىزنى بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئېستېتىك قىممىتى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىنسان روھىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ، قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىنسانىي پەزىلەتنى ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بىلەن ئۇلاش ، ئىنساننىڭ رېئال تەقدىرىگە ۋە ئاخىرقى مەنزىلىگە كۆڭۈل بۆلۈش جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

نام ـ مەنپەئەتكە سۇس مۇئامىلە قىلىدىغان ، شېئىرىيەت سورۇنىدىكى غەلۋە ـ غوۋغالار ئىچىدە ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىشنى خالىمايدىغان بۇ شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا خەلق ۋە مىللەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتنى ، سەمىمىيلىكنى ۋە ئىنسانىي بۇرچنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ ، ئىنسان تەقدىرى ، ۋەتەن ۋە يۇرتنىڭ پارلاق ئىستىقبالى ھەققىدىكى ئازابلىق ئويلىنىشلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ روھىنى تىنىمسىز رەۋىشتە پاكلاپ كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ مۇشۇ خىل تىرىشچانلىقىغا كۆرە ئېلىمىزنىڭ تارىخىي يوسۇندا قولغا كەلتۈرگەن شانلىق نەتىجىلىرىنى چىن قەلبىدىن دېيەلىدى . ھاياتلىقنىڭ قاراڭغۇ ئورمانلىرى ۋە ماددىي دىشۋارچىلىقنىڭ بالا ـ قازالىرى ، مەنىۋىيەتنىڭ ئازغۇن تۇمانلىرى قوينىدىن ئۆزىگە خاس بىر يول بىلەن مېڭىپ چىقتى . ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ سەپىرىدە خۇددى ئۆز ماقالىلىرىدە ئېيتقاندەك ، تېخىچە «كۆمۈلمىگەن ، يوقالمىغان ، ھېچكىم ئېلىپ كېتەلمىگەن» ، «قەدىمىي روھ»نى كۆردى ، «شېئىرنىڭ يۈكسەك مەقسىتى شۇ خەلق ، شۇ مىللەتنىڭ روھىنى داۋاملاشتۇرۇش» ئىكەنلىكىنى بىلدى . «مىللىي مەدەنىيەت ، مىللىي ئەدەبىيات ، شۇنىڭدەك مىللىي تۇپراقتىن تۇغۇلغان روھ مەڭگۈ يىمىرىلمەس بولىدۇ» ② دېگەن ئىجادىيەت پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇ مۇشۇ پرىنسىپلارغا كۆرە ، ئۆز شېئىرلىرىدا ئىدراكىي بوياق ، تەھلىلىي شوئار ، تەييار ئۇقۇم ۋە مەنتىقىلىق تەبىرلەردىن يىراقلىشىپ ، ئىنسان روھىدىن ، خەلق ۋە مىللەتنىڭ مەنىۋىيەت تەجرىبىسى ھەمدە ھاياتلىق پائالىيىتىدىن ئۆرە بولغان جۈملىلەرگە مەڭگۈ ئاياغلاشمايدىغان ھېسسىي ئوبراز ، ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان بەدىئىي تەپەككۇر ، ئوقۇرمەن قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان چوڭقۇر مەنىلەرنى قاچىلىدى . شۇنداقلا ئۆز شېئىرلىرىنى روھىي چوڭقۇرلۇقتا ، ئېستېتىك پايانسىزلىقتا ۋە چۈشەنچە كەڭلىكىگە يېتەكلەپ ، ئاددىي قۇرۇلما ، پەردازسىز شەكىل ، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان تۇرمۇش تىلى ۋە ئەركىن رىتىم ، سىمفونىيىلىك ئاھاڭدارلىق ئاساسىدا ئۆزىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن لىق تولغان رېئاللىق ئۇستىدىكى سەگەك قاراشلىرىنى ، ئۆزىدىكى ئىنساننىڭ ئاخىرقى مەنزىلىگە بولغان گۈزەل تەلپۈنۈشلەرنى ئەتراپلىق بايان قىلدى . تېخىمۇ قىممەتلىك بولغىنى ، بوغدا ئابدۇللا تىراگېدىك ئاڭنى ، تىراگېدىك ھاياتلىقنى ئىپادىلەشتىن

ئۆزىنى ھەرگىزمۇ چەتكە تارتمىدى ۋە مۇشۇ خىل دادىللىقتا كۆرە ئۆزىنىڭ خەلققە ، ۋەتەنگە ، مىللەتكە ، زامانغا ۋە پارلاق كەلگۈسىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئاشكارىلىدى . ئۇ يەنە دەل مۇشۇلارغا كۆرە ، بىردىنبىر پاكىز ، بۇلغانمىغان شېئىرىيەت ئاسمىنىنى ئۆز شېئىرلىرىدىكى پاكىز مىسرالار بىلەن بېزىدى.

دەرۋەقە ، بوغدا ئابدۇللا 80 - يىللاردىن ئىلگىرى يازغان شېئىرلىرىدا باللىق ، ئۆسمۈرلۈك ، تەبىئەت ھادىسلىرى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى قاتارلىق تەرەپلەرگە كۆپرەك نەزەر ئاغدۇردى . يېڭى دەۋرنى ، ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرنى ، دوستلۇق ۋە مېھرىبانلىقنى زور شىجائەت بىلەن كۈيلىدى ۋە مۇئەييەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ، ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە ئۆزىنىڭ شائىرلىق ئورنىغا ئۇل سالدى . 90 - يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ ھازىرغىچە ئارىلىقتا يازغان شېئىرلىرىدا بولسا ھاياتلىقنى قايتا تونۇدى ، تارىخنى يېڭىۋاشتىن بايقىدى ۋە ئىنسانىنىڭ رېئال تەقدىرى بىلەن ئاخىرقى مەنزىلى ھەققىدە كۆپرەك ئويلاندى . ئۇ ھەتتا مۇشۇ خىلدىكى ئويلىنىشلارنى «نېمانچە چارچاپ كېتىسەن ئىنسان ، / خىيالىڭمۇ بىر پارچىلا نان . / تۇغۇلۇشتىن - ئۆلۈشكىچە تا / دوقمۇش - دوقمۇش ساڭا ئىمتىھان ./ » ، «ساخاۋەتلىك تەڭرىم يولنى ئايىما ، / بەندەڭ بولسىمۇ بىر ئىلىك . / كىمسەلەرنىڭ بىر تال شاپتۇلى ئون تال قاق / كىملەرنىڭ قۇرت يېگەن ، كۆلكىلىك» دېگەن مىسرالارغا مۇجەسسەملىدى . بوغدا ئابدۇللا مۇشۇ خىل ئىپادىلەش شەكلى ئارقىلىق ، ئۆزىنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى بىلەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان ۋە ياشاۋاتقانلىقىغا قارىماي ، ئۆز مىسرالىرىدا يىللار بىلەن ، ئەسىرلەر بىلەن ، مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئۇزۇن تارىخىي مەزگىل بىلەن تەڭ ئۇلتۇرۇپ ، تەڭ قوپۇشقا تىرىشتى . ئۇنىڭدىكى بارلىق ئارزۇ - ئىستەك ، ئۇنىڭدىكى ئۈمىدۋارلىق ۋەتەننىڭ ، خەلقنىڭ ، مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى ، تۈنۈگۈنى ، بۈگۈنى ھەتتا كەلگۈسى بىلەنمۇ چەمبەرچاس باغلاندى . يىغىپ ئېيتقاندا ، بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىر ئىجادىيىتى خۇددى مەشرەپ ئۆز غەزەللىرىدە «ھەزرىتى ئادەم بىنا بولغاندا مەن بىللە ئىدىم» دەپ يازغاندەك ، ئىنسانلار تۈركۈمىنىڭ ئۇزاق تارىخىي مۇساپىلىرىدىن ، ئەينى ۋاقىتتا بارلىققا كەلگەن ۋە ھېلىمۇ ھەم مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان تارىخىي تۇيغۇلاردىن بىردەممۇ نېرى بولمىدى.

توماس . ئېلىيوت مۇنداق دەيدۇ: «يىگىرمە بەش ياشتىن ئاشقان ۋە داۋاملىق شائىر بولۇۋەرسەم دەپ ئويلايدىغان ھەرقانداق ئادەمگە نىسبەتەن ، تارىخىي تۇيغۇ كەم بولسا ھەرگىز بولمايدۇ . تارىخىي تۇيغۇ ئۆتمۈشنىڭ ئاللىقاچان ئۆتمۈش بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشقىلا چېتىشلىق بولۇپ قالماي ، بەلكى ئۇ بۇ ئۆتمۈشنىڭ ھېلىمۇ ھەم مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش بىلەنمۇ چېتىشلىق بولىدۇ . مۇنداق تارىخىي تۇيغۇ ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ئادەمنى ئۆزى ياشاپ تۇرغان دەۋرنىلا ئويلاشقا ئەمەس ، بەلكى گومىردىن بۇيانقى پۈتكۈل ياۋروپا ئەدەبىياتىنى ، جۈملىدىن ئۆز دۆلىتىدىكى پۈتكۈل ئەدەبىياتنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ، شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ رەت تەرتىپى شەكىللىنىۋاتقانلىقىنىمۇ تەڭ ئويلاشقا مەجبۇرلايدۇ . دەل مانا مۇشۇ تارىخىي تۇيغۇ يازغۇچىنى ئەنئەنىگە ئىشتىياق باغلايدىغانلاردىن قىلىپ قويىدۇ . مۇنداق يازغۇچى يىراق قەدىمىي دەۋرنى ۋە ئۆز نۆۋىتىدە بۈگۈنكى كۈننىمۇ ھېس قىلالايدۇ . ھەتتا يىراق قەدىمىي دەۋر بىلەن بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ئوخشاش ۋاقىت ئىچىدە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ ھېس قىلالايدۇ . ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە دەل مۇشۇ خىلدىكى تارىخىي تۇيغۇ بولغاچقىلا ، ئۇ يازغۇچى ئۆزىنىڭ شۇ ۋاقىت ئىچىدىكى ئورنىنى ئەڭ زور سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىدۇ . ئۆزى ياشاپ تۇرغان دەۋرنى بىلگەن بولىدۇ.» ③ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت شۇكى ، بوغدا ئابدۇللا «كومزەك كۆتۈرگەن قىز»دا باشتىن - ئاياغ چىڭ تۇرۇپ كەلگەن تارىخىي ئويلىنىش دەل ئۇنىڭدىكى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ھەمدە توماس . ئېلىيوت تەكىتلەپ كۆرسەتكەن تارىخىي تۇيغۇنىڭ مەھسۇلى . بوغدا ئابدۇللانىڭ «تەبىئەت بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى سىمۋول»غا ۋە «روھلارنى ئۇلايدىغان ئادەم»گە ئايلىنىش جەھەتتىكى ئازابلىق ئىزدىنىشلىرى ، ئۇنىڭ راستىنلا مۇكەممەل تارىخىي تۇيغۇ قاينىمىدا تۇرغانلىقىنى ، تارىخنىڭ سۈيىدە ئۈزۈپ ، ئوتىدا كۆيگەنلىكىنى ، ۋەتەننىڭ ، خەلقنىڭ ، مىللەتنىڭ ئۆتمۈشتىكى غەملىرى بىلەن ھازىرقى خۇشاللىقىغا تەڭلا ھەمدا بولغانلىقىنى ، ئۆتمۈشنى ، تۈنۈگۈننى ، بۈگۈننى ۋە كەلگۈسىنى ۋە شۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ياشىغان ۋە ياشاۋاتقان ئىنسانلار تۈركۈمىنى ئۆزى ۋەدە قىلغان تارىخىي تۇيغۇ ۋە تارىخىي روھ بىلەن ئۆلىماقچى بولغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرىدىكى تۈيغۇ بىز ئادەتتە ئانچە دىققەت قىلىپ كېتەلمەيدىغان كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق ھەمدە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولغان ئىپتىدائىي ئىماگىنىڭ ئېستېتىك ئوبرازغا كۆتۈرۈلۈشى بىلەن كۆرۈنۈش قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بىز بۇ يەردە دەۋاتقان كوللېكتىپ ئاڭسىزلىقنى ھەرگىزمۇ «ئاڭسىزلىق» دېگەن مۇشۇ سۆزگە ئاساسەن كوللېكتىپ ئەقىلسىزلىق، ھېچنەرسىنى بىلمەسلىك ياكى تەپسە تەۋرىمەسلىك دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق ئىنسان تۈركۈمىدىكى ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يوشۇرۇن ئاڭنى كۆزدە تۇتىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار تۈركۈمى پەيدا بولغاندىن كېيىنكى ئەجدادلارنىڭ، ئەجدادلارنىڭ ئەجدادىنىڭ روھىي دۇنياسىدىن ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ ئۆتۈپ تۇرغان ھەددى ـ ھېسابسىز كەچۈرمىش، مەنىۋى تەجرىبە ۋە ئۇلار دۇچ كەلگەن، شۇنداقلا ئۇلاردا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇرغان ماددىي ۋە مەنىۋى دىشۋارچىلىقلار ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىدا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ تۇيمىغان ھالدىكى ئىپتىدائىي ئىزنالارنى قالدۇرغان بولىدۇ. بۇلار ئىنسان تۈركۈمىنىڭ پسىخىكىسىدا روھىي جۇغلانما بولۇپ ساقلىنىدۇ. شۇنداقلا ئىرسىيەت تەرىقىسىدە ئىنسانلارنىڭ ئاناتومىيىسىدە، يەنى ئۇلارنىڭ مېڭىسىدە، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەرىقىسىدە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ھايات كەچۈرىدۇ ۋە ئاخىرىغا بېرىپ ئۇرۇق ـ جەمەت ئۈچۈن، قەبىلە ياكى مىللەت ئۈچۈن مەنىۋى قېلىپ، ھەرىكەت مىزانى ياكى ھاياتلىق ئۆلچىمى بولۇپ قالىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىزنالار مۇئەييەن يوشۇرۇن ئاڭ ۋە پسىخىك تەجرىبە بولۇپ شەكىللىنىدۇ. بۇ ئەھۋال ھەتتا ئۇيغۇرلاردىكى «كىچىكلىكتە قىلغان گەپ تاشقا مۆھۈر باسقاندەك» دېگەن گەپكىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىنسان تۈركۈمىنىڭ ئىپتىدائىي مەزگىلىدىكى كەچۈرمىشلەرنىڭ ئەۋلادلار روھىدىكى تىندۇرمىلىرى ئىنسانلارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلالايدۇ ۋە بىزدەك كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، قانداقتۇر بىر تاشقى كۈچنىڭ سوقۇلۇشى تۈپەيلى ئۆزىنى قەدەمدە بىر نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ خىل روھىي جۇغلانما، پسىخىك ئىزنالار ھەرقانداق بىرەر شەخسكە ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تەئەللۇق بولىدۇ. ئۇ ھەرقانداق بىرەر شەخسنىڭ مۈلكى ياكى ئىمتىيازى بولمىغاچقا، ئۇنىڭدا ئارىستوتېل ئوتتۇرىغا قويغان ناھايىتى زور ئومۇمىيلىق بولغان بولىدۇ. بۇ خىل يوشۇرۇن ئاڭنى، كوللېكتىپ ئاڭسىزلىقنى، مۇنداق ئىپتىدائىي ئىماگنى ھەرقانداق شەخس ئالدىراپ ھېس قىلالمايدۇ.

شۋېتسارىيىلىك پسىخولوگىيە ئالىمى كارل ـ گوستاف. جۇڭ (1887 ـــ 1961) نىڭ قارىشىچە، كوللېكتىپ ئاڭسىزلىقنىڭ ئەسلى شەكلى بولغان ئىپتىدائىي ئىماگ شۇ ئاڭسىزلىقنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق كۆرۈنۈشى، ئىنسانلار تۈركۈمىنىڭ تىنىمسىز دەۋرەپ تۇرىدىغان ھاياتلىق دەرياسى، ئۇلارنىڭ ھەم يېتىپ بارالايدىغان، ھەم قايتىپ كېلەلەيدىغان «روھىي ماكانى». بىرەر ئادەمنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا ئەگەر يۈزەكى قاتلامدىكى شەخسىي ئاڭ بىلەن پەقەت شەخسكىلا تەئەللۇق ئاڭسىزلىق بولغان بولسا، يەنى بالىلىق چاغلىرىدىكى ھەر خىل پېشكەللىك، يېتىملىكتىن كەلگەن قايغۇ ـ ئەلەم، ياكى ئاتا ـ ئانىلىرىغا بولغان كۆيۈنۈش، ياكى نارازىلىقتىن پەيدا بولغان ھەر خىل تۇيغۇلار بولغان بولسا، ئەگەر ئۇ كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق بىلەن ئۇنىڭ ئەسلى كۆرۈنۈشىدىكى ئىپتىدائىي ئىماگنى تاپالمىسا، مۇنداق ئادەم روھىي جەھەتتە ماكانسىز بولىدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ قايسى ئىنسان تۈركۈمىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. چۈنكى، يۈزەكى قاتلامدىكى شەخسىي ئاڭ بىلەن پەقەت شەخسكە تەئەللۇق ئاڭسىزلىق ئىلكىدە تۇرغان ئادەم ئۆزىگىلا خاس، تېپىك بولمىغان ئايرىم ھادىسىلەرگە تاقابىل تۇرۇش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئىنسانلار تۈركۈمىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويلانمايدىغان، پەقەت ئۆزىگىلا ئىچ ئاغرىتىدىغانلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇلاردا كوللېكتىپنىڭ ساداسى بولمايدۇ. مۇشۇ ياقتىن سۆزلىگەندە، كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق ۋە ئۇنىڭ ئەسلى شەكلى بولغان ئىپتىدائىي ئىماگ ئىنسانلارغا ئۇلار ئۆزلىرى قىلچە خىيال قىلىپ باقمىغان روھىي بۆشۈك بولىدۇ. يازغۇچى ياكى شائىر بۇ بۆشۈكنى كوللېكتىپ ئاڭسىزلىقنىڭ غۇۋا جىمىرلاپ تۇرغان ئەسلى كۆرۈنۈشى ئىچىدە تەۋرەتكەندە، ئۇنى ئۆزىمۇ تۇيمىغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مەيىن شاماللىرى بىلەن مىدىرلاتقاندا، بۇ بۆشۈكتىن ئەللەي ئاۋازىنى ئەمەس، بەلكى روھنى غەلىيانغا سالىدىغان شاۋقۇنلارنى ئاڭلايدۇ. ئۆزىنى ھاياتلىقنىڭ ئۇنتۇلغان خىيابانلىرىدا، روھىي ماكانىنىڭ سەلتەنەتلىك قەسىر ـ سارايلىرىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ. جۇڭ مۇشۇ ھەقتە توختىلىپ: «ئىپتىدائىي ئىماگنىڭ مەنزىرىسى كۆرۈنۈش قىلغاندا، بىز توساتتىن قانداقتۇر خاسىيەتلىك ئاراملىققا نائىل بولغاندەك، قانداقتۇر بىر نەرسىگە ئولتۇرۇپ ئازاب

دېگىنىدىن ئۆتتۈۋاتقاندەك بولىمىز . بۇ دەقىقىدە بىز يەنىلا يالغۇز شەخس بولۇشتىن قالىمىز . ئەكسىچە ، پۈتكۈل جەمەتنىڭ ئۆزىگە ئايلىنىمىز . پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئاۋازى بىزنىڭ قەلبىمىزدىن چىقىۋاتقاندەك بولىدۇ»④ دەيدۇ.

بوغدا ئابدۇللانىڭ «كومزەك كۆتۈرگەن قىز»دىكى شېئىرلىرىغا دىققەت قىلساق ، ئۇنىڭ قەلبىدە مەۋج ئۇرۇۋاتقان تارىخىي تۇيغۇنىڭ ، ئۇ ئۇلىماقچى بولغان ئىنسان روھىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مەيىن شاماللىرىدا مىدىرلاۋاتقان ، ئىنسانىيەتنىڭ روھىي بۆشۈكىدە شاۋقۇن سېلىۋاتقان ئىپتىدائىي ئىماگ ئىكەنلىكىنى ، بۇ ئىپتىدائىي ئىماگنىڭ راستىنلا كوللېكتىپقا تەئەللۇق بولغان بوغدا ئابدۇللانىڭ پىسخىكىسىدىكى ئىپتىدائىي ئىزنالاردىن ، روھىي جۇغلانمىلاردىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز . ھالبۇكى ، ئىپتىدائىي ئىماگ ئارقىلىق كۆرۈنۈش قىلىدىغان ھېسسىي كەچۈرمىشى ، ئېستېتىك ھاياجان ، ئېستېتىك دىققەت دەل ئىپتىدائىي ئىماگدىن كېلىۋاتقان بۇيرۇق بىلەن ئىپتىدائىي ئىماگدىكى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ تۈرتكىسىدە پەيدا بولۇۋاتقان ئېستېتىك ئوبرازنىڭ ئۆزى . بۇلار ھەرگىزمۇ شائىر ئاللىبۇرۇن ئويلاپ قويغان ياكى مېڭىسىدە ئاللىبۇرۇن پىشۇرۇۋالغان نەرسىلەر ئەمەس ، بەلكى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ، يوشۇرۇن تۇيغۇنىڭ ، يوشۇرۇن ئىلتىجانىڭ ئۇنى ۋەسۋەسىگە سېلىشى ۋە ئۇنى زورلىشىنىڭ نەتىجىسى . خۇددى بولايدىر ئېيتقاندەك ، بۇ چاغدىكى «پاكىز شېئىر قانداقتۇر ئاللىبۇرۇن ئويلاپ قويغان ۋە ئىنتايىن سەگەكلىك بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرگەن بىرەر نەرسىنىڭ ياسىداق سىماسى ئەمەس . ئۇ مەلۇم ئىجادىي ھاياجاندىن تەسەۋۋۇردىكى مەلۇم گۇڭگا شەيئىنىڭ ئۆزىدىكى ئۆزىنى ئاشكارىلاشتىن كەلگەن نەرسە بولىدۇ»⑤ . دېمەك ، بۇ ئەھۋالدا شائىرنىڭ روھىي دۇنياسىدا تىندۇرما بولۇپ تۇرغان يوشۇرۇن ئاڭ ، پارتلاش ئالدىدا يۇلقۇنۇۋاتقان ئىجادىيەت ماگمىلىرى شائىرغا غايىۋانە ئىلھامبەخش ئېتىدۇ . ئۇنىڭدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان غەلىتە سۆيۈنۈشنى پەيدا قىلىدۇ . شائىر بۇ دەقىقىدە قانداقتۇر كونكرېت تارىخىي تۇيغۇلارنى ئىزدەپمۇ يۈرمەيدۇ . بەلكى ئوخشاش بىر ۋاقىت ، بىر مۇھىت ئىچىدە بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قەدىمىيلىك بىلەن رېئاللىقنىڭ غىدىقلىشى ، قانداقتۇر سىرتقى كۈچنىڭ شائىرنىڭ روھىي دۇنياسىغا سوقۇلۇشى ، مېڭىسىدە غۇۋا كۆرۈنۈش قىلىۋاتقان ئىپتىدائىي ئىماگنىڭ ئۇنى دەيدەيگە سېلىشى تۈپەيلى ، ھېلىقى پىنھان ياتقان ئىماگ بىلەن تارىخىي تۇيغۇ شائىرنى قولىغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇرلايدۇ . تالانتلىق شائىرلارنىڭ نېمىنى كۆرسە شۇنى يازىدىغان جۇغراپىيەشۇناس شائىرلاردىن ، رېئاللىقتىكى تەييار ھەقىقەتلەرنى قاپىيەلەشتۈرىدىغان ھازىرجاۋاب شائىرلاردىن پەرقى مۇشۇ يەردە بىلىنىدۇ.

چىك سۇلالىسىدە ياشىغان ئالىم يې شيەنىڭ: «دېگىلى بولىدىغان گەپنى ھەممە ئادەم دېيەر ، ئۇنى شائىرنىڭلا دېيىشىگە نېمە ھاجەت؟ بايان قىلغىلى بولىدىغان ئىشنى ھەممە ئادەم بايان قىلۇر ، ئۇنى شائىرنىڭلا بايان قىلىشىغا نېمە ھاجەت؟ مۇقەررەركى دېگىلى بولمايدىغان گەپلەر ، بايان قىلغىلى بولمايدىغان ئىشلار بولىدۇ ، ئۇ پەقەت سۈكۈت ئىچىدىلا ئىماگ بولۇپ كۆرۈنۈش قىلىدۇ . مۇشۇ چاغدىكى بەدىئىي چىنلىق بىلەن ئۇنىڭغا ياندىشقان ۋەقەلەر كۆز ئالدىڭدا قۇياشتەك چاقناپ جەۋلان قىلىدۇ»⑥ ، دېگەنلىرىمۇ ئالدىراپ دېگىلى بولمايدىغان ياكى بايان قىلىش تەسكە چۈشىدىغان نەرسىلەرنى ئالدىنئالا ئويلىۋېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ پەقەت كوللېكتىپ ئاڭسىزلىقتىن كېلىۋاتقان ئىپتىدائىي ئىماگنىڭ بۇيرۇقى ئىچىدە زاھىر بولىدىغانلىقىنى ، ئاتالمىش ئىلھامنى شائىر ئەمەس ، بەلكى شائىرنى ئاتالمىش ئىلھامنىڭ تاپىدىغانلىقىنى ، ئىپتىدائىي ئىماگنىڭ شائىرنى ئۆز سايىمىنىغا ئايلاندۇرالايدىغانلىقىنى تەھقىقلەپ بېرىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا: «ئەگەر شائىر ئۆزىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن بىلگەن بولسا ، ئۇ مۇنداق شېئىرنى يازمىسىمۇ بولىدۇ . چۈنكى ، بۇ خىل ئەھۋالدا شېئىر ئاللىقاچان يېزىلىپ بولغان بولىدۇ»⑦. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى ، بوغدا ئابدۇللا ئىپتىدائىي ئىماگنى ، ئېستېتىك ھاياجاننى تاپقان مىنۇتتا شەخس ھالىتىدىكى ئىجادكار ئەمەس ، ئەكسىچە كوللېكتىپنىڭ ئادىمىگە ، ئىپتىدائىي ئىماگنىڭ ئاۋازىغا ، تارىخىي تۇيغۇنىڭ جارچىسىغا ئايلىنىدۇ . رېئال ھاياتلىقنىڭ تەسىر كۆرسىتىشىگە كۆرە ، ئۇنىڭ قەلبىدىكى پەقەت چۈشىدىلا ئايان بولىدىغان قانداقتۇر ناتونۇش بىر كۈچ تاتلىق سېزىملار ئىچىدە غەليان كۆتۈرىدۇ . بۇ كۈچ ئۇنىڭ ئالدىنئالا ئويلىغان تېمىلىرىنى ، كۆڭلىدىن كەچكەن مىسرالارنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ، ئۇنىڭ ئۆزىدىكى خاسلىقنى ، ئىندىۋىدۇئاللىقنى ، ئۇنىڭدىكى قەدىمىيلىكنى ، تارىخىي تۇيغۇلارنى ، ئەنئەنىنى؛ مىڭلىغان ، ئون مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ روھىنى ئۇنىڭغا يازدۇرىدۇ . خۇددى جۇڭ

ئېيتقاندەك ، مۇنداق چاغدا «ئىنسانىيەتنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدىن كېلىۋاتقان ناتونۇش نەرسىلەر بەئەينى ئېرادىن بۇرۇنقى مەزگىلدىكى تۇۋۋى يوق ھاڭلاردىن يوپۇرۇلۇپ چىقىۋاتقاندەك ، ئۇلار بەئەينى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرما بولۇۋاتقان چاغلاردىكى ئىنسان تۈركۈمىدىن ھالقىغان باشقا بىر دۇنيادىن كېلىۋاتقاندەك مەنزىرە يۈز بېرىدۇ . بۇ ئىنسانلارنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىدىن ھالقىغان ئىپتىدائىي تەجرىبە بولغاچقا ، ئىنسان ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ تولىمۇ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ ۋە بۇ تەجرىبىگە تارتىشىپ تۇرمايلا قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولىدۇ» ⑧ . دەل مۇشۇ ئەھۋال بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرلىرىغا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ، مىللەتنى ، جەمئىيەتنى ۋە ئۇلاردىكى كوللېكتىپلىق روھنى ، ئومۇمىيلىقنى ئېلىپ كىرىدۇ . بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرلىرىمۇ «ماھىيەت جەھەتتە شائىرنىڭ شەخسىي تۇرمۇش زېمىنىدىن ھالقىيدۇ ۋە شائىرنىڭ قەلبى ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ قەلبى بىلەن سۆزلىشىدۇ»⑨ . بىز بۇ يەردە بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرلىرىدىن ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن مىساللارنى كەلتۈرۈپ يۈرمەيمىز . «كومزەك كۆتۈرگەن قىز»دىكى «غۇنچىلار شاپتۇل چېچىكىسىمان/ نازۇك تۈگۈنىنىڭ ئىچىدە بىر سىر /پەيز ئۇغرىلايدۇ يېشىل يوپۇرماق / شاختىكى بۇلبۇل نىمىگە ئەسىر» دېگەن مىسرالار بوغدا ئابدۇللانىڭ غۇنچە بىلەن ، شاپتۇل چېچىكى بىلەن ، نازۇك تۈگۈن بىلەن ، يېشىل يوپۇرماق بىلەن ، بۇلبۇل بىلەنلا سۆزلەشكىنى ئەمەس . بۇنى تېخىمۇ ئەزۋەيلەشنىڭ ھاجىتى يوق.

دەرۋەقە «ئەسلى كۆرۈنۈشتىكى ھەربىر ئىماگ ئىچىدە ئىنسان تەقدىرىنىڭ پارچىلىرى ، ئەجدادلارنىڭ تارىخىدا سان ـ ساناقسىز تەكرارلانغان خۇشاللىق بىلەن خاپىلىقنىڭ قالدۇقلىرى بولىدۇ...»⑩ . بۇ ئەھۋال بوغدا ئابدۇللا يازغان ۋە «يۈلغۈننىڭ ناخشىسى ئاز ئەمەس / كۆنۈك سادالار ئىچىدە لەيلىمەس» دېگەن مىسرالار بىلەن باشلانغان لىرىك پوئېما «سالغا تېشى»دا ناھايىتى روشەن كۆرۈنىدۇ . بىز بۇ ئەسەردىكى قۇرلاردىن ئەجدادلارنىڭ ئەجدادىدىن قالغان خۇشاللىق بىلەن خاپىلىقنىڭ قالدۇقلىرىنى ، ئېستېتىك ئوبرازغا ئايلىنىۋاتقان ئىپتىدائىي ئىماگنىڭ پارچىلىرىنى ، ئىنسان تەقدىرىنىڭ ھېلىدىن ـ ھېلىغا نامايان بولۇۋاتقان ۋە بىزنىڭ ھېسسىياتىمىزغا كىرىپ كېلىۋاتقان ئىپتىدائىي كۆرۈنۈشلىرىنى بايقىغاندەك بولىمىز . ئۇنىڭدىكى ئالەم بىنا بولۇپ كۆز بىلەن كېچە ، قاراڭغۇ بىلەن يورۇقلۇق ، سۇ بىلەن تۇپراق ئايرىلمىغان چاغدىكى پۈتكۈل كائىناتنى پۈركىۋالغان چاڭ ـ توزان ، ئەڭ قەدىمىي جانلىق ھېسابىدىكى دىنوزاۋىر ، بىزدىن يىراق يۇرتلاردا كۆۋەرەپ ئاقىدىغان ۋە ئوخشاشلا ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان نىل دەرياسى بىلەن دوناي دەرياسى ، مىلادى دەم تۇرۇشتىن بۇرۇنقى پرومېتى ، بوشلۇق ، دەشت ، تارىخىي كىتابلاردا قەدىمكى ئۇيغۇرلار دەرەخنىڭ يېرىقىدىن پەيدا بولغان دېگەن ئەپسانىگە كۆرە ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇقەددەس دەرەخ ، قەبرىستانلىقتىكى مازار ئۈستىگە ئېسىپ قويۇلغان ھەمدە توتېم مۇراسىملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قوچقار مۈڭگۈزى ، قۇملۇقتا تۆگە كولدۇرمىسىغا ھەمراھ بولۇپ يۈيۈلغان روھ ، بۆرىنىڭ ھۇۋلاشلىرى ئىچىدىكى ئۇستىخان ، تارىم قۇملۇقىغا كۆمۈلگەن دەپ تەرىپلىنىدىغان ئالتۇن ئاچقۇچ ، ياۋا كالىنىڭ رەسىمى سىزىپ قويۇلغان ۋە ئىسلىشىپ كەتكەنلىكىدىن ئىپتىدائىي ئادەملەر ياشىغان دەپ قىياس قىلغىلى بولىدىغان ئۆڭكۈر ، شەرق مەدەنىيىتىنىڭ يادنامىسى تەرىقىسىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مىڭئۆيلەر ، خىيابانلاردىكى يۈكسەكلىك... ، «بەدەل ، تارتىشىش ، ئۇنتۇلۇش / ھالسىراش ، سېغىنىش ، كۆچەش / ئەسلەش ، سوزۇلۇش ، ئۆرلەش/ كۆيۈش ، تېڭىرقاش ، تىرەجەش» ، شۇنداقلا «ئاققان ، قوشۇلغان ، يۇغۇرۇلغان / تىكلەنگەن ، ياشىغان ، گۈمۈرۈلگەن /تۇغۇلغان ، سۆرىگەن ، سۆرەلگەن / تىرماشقان ، قىر ئاشقان ، نان يېگەن» . ئىنسان تۈركۈمى دەل بوغدا ئابدۇللانىڭ مېڭىسىگە ئاناتومىيلىك گېن تەرىقىسىدە جۇغلانما بولغان ، ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىگە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەرىقىسىدە تىندۇرما بولغان بىر خىل قالدۇقلار ۋە بۆكتۈرمە ھالەتتىكى ئىپتىدائىي ئىماگ . بۇ شۇنداقلا ، ئۆز شېئىرلىرىدا خەلق ۋە مىللەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتنى ، سەممىيلىكنى ۋە ئىنسانىي بۇرچىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان ، ۋەتەن ، خەلق ، مىللەت دەپ ياش تۆككەن ، ئۆرتەنگەن ، خۇرسىنغان ئادەمدىلا بولىدىغان ئېستېتىك تەجرىبە ۋە بوغدا ئابدۇللا ئۇلىماقچى بولغان روھ تارىخىي تۇيغۇ . «سالغا تېشى»دىكى بۇ سۆزلەرنىڭ ھەر بىرىدە بىزگە نامەلۇم ، لېكىن چۆل ـ جەزىرىدىكى چىراغتەك پىلىلداپ تۇرىدىغان ، ھەرقانداق بوران ـ چاپقۇندا ئۆچمەيدىغان ھاياتلىق كەچۈرمىشلىرى بار . بۇ سۆزلەرنىڭ ھەربىرىدە بىردىن داستان بولغۇدەك ئىچكى قۇدرەت بار . ئىپتىدائىي ئىماگنىڭ بۇيانقىلىرى

ئېستېتىك ئاڭدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ ، بوغدا ئابدۇللانىڭ روھىيەت ئاسمىنىدىن ئاقار يۇلتۇزدەك نۇر تارتىپ ئۆتكەندە ، ئىنسان تۇركۇمىنىڭ ئۆتمۈش زامانلاردىكى پۈتمەس ـ تۈگىمەس مالامەتلىرى ، رېئاللىقى بىلەن ئاخىرقى مەنزىلى توغرىسىدىكى ئازابلىق ئويلىنىش ئۇنىڭ روھىيەت زېمىنىدا چاقماق چاققاندا ، بۇ ئىماگ ئۇنىڭ مىسرالىرىغا يېڭىدىن ـ يېڭى ئەركىن ئىرادىنى تۇغۇپ بەرگەن ۋە بوغدا ئابدۇللانى ئۆزىگە خىرىس قىلىپ كېلىۋاتقان ئىپتىدائىي ئىماگقا تەسلىم قىلغان بولىدۇ . كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق بىلەن ئۇنىڭ ئەسلى كۆرۈنۈشى بولغان ئىپتىدائىي ئىماگ ئېستېتىك ئوبراز يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلۈپ ، بوغدا ئابدۇللانىڭ ئۆزىدىن سالغا تېشى ياسايدۇ . بۇ چاغدا پۈتكۈل مىسرالاردا ئايان بولۇۋاتقىنى بوغدا ئابدۇللاغا خاس ھېسسىيات ئەمەس ، بەلكى كوللېكتىپقا تەئەللۇق روھىي قۇدرەت بولىدۇ . بوغدا ئابدۇللانىڭ ئىجادىيىتىدە خۇددى جۇڭ ئېيتقاندەك: گېيوتى «فاۋۇست»نى يازماي ، «فاۋۇست» گېيوتىنى يازغان مەنزىرە پەيدا بولىدۇ.

ھازىر دۇنيا تەنتەربىيە ھەرىكىتىدە بىر پارچە تاشنى ياكى يۇملاق تۆمۈرنى ياكى سېمونتنى زەنجىرگە تۇتاشتۇرۇپ يىراققا ئاتىدىغان بىر تۈر بار . ئۇ بەك يىراققا ئېتىلغاندىمۇ يۈز مېتىردىن ئاران ئاشىدۇ . كىچىك چېغىمىزدا بىزمۇ سازلىقتىكى شور لاينىڭ ئىچىگە تومپىنى سېلىپ ، ئۇنى پىژغىرىم ئاپتاپقا قاقلاپ ، قۇرۇتقاندىن كېيىن ئۇنى يىراققا قارىتىپ ئاتاتتۇق . ئۇ سالغا تېشى دېيىلەتتى . ئۇمۇ ئۇنچە يىراققا بارالمايتتى ، ھەتتا قاتتىقراق يەرگە چۈشسە ياكى دەرەخلەرگە تەگسە يېرىلىپ كېتەتتى . لېكىن ، بوغدا ئابدۇللا ئۆزىنىڭ روھىيىتىنى ئىنسان تۇركۇمىنىڭ قەلبىدىكى پىسخىك ئالامەتلەرگە يۆگەپ ، تارىخىي تۇيغۇلار ئىچىدە پىشۇرۇپ ياكى ئىپتىدائىي ئىماگ بوغدا ئابدۇللانى ئەسىر ئېلىپ ياسىغان سالغا تېشى تارىخنىڭ ئۇ يېقىدىن بۇ يېقىغا قاراپ شۇنداق ئېتىلدىكى ، ئۇ يىراق قەدىمدىن بۈگۈنگە ، بۈگۈندىن يىراق كەلگۈسىگە قاراپ ئۇچتى . ئۇ بىر كۈنلەر كېلىپ يېرىلىپ كەتتى دېگەندىمۇ ، يەنىلا مىتورىت پارچىلىرىدەك ئۆزى چۈشكەن يەردە چوڭقۇر ۋە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىزنانى قالدۇرالايدۇ . ئۇنداقتا ، ئۇ بىر جايغىلا ئەمەس ، بەلكى مىڭلىغان ، ئون مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ روھىيىتىگە ئورناپ قالىدۇ . بىزنىڭ بوغدا ئابدۇللانى سالغا تېشى بولۇپ قالدى دېگىنىمىز مانا مۇشۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، بوغدا ئابدۇللانىڭ قەلبىدىكى كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق ۋە ئۇنىڭ ئەسلى شەكلى بولغان ئىپتىدائىي ئىماگ ئۇنىڭ روھىيىتىدە ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالەتتىكى ئەڭ چوڭقۇر ، ئەڭ كۈچلۈك ، ئومۇمىيلىققا ئىگە ئېستېتىك قىممەتنى يارىتىدۇ . ئۇلار ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىنسان روھىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاش ۋە يۈكسەلدۈرۈش جەھەتتە سالغا تېشى بولۇپ قالغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلايدۇ . يەنە مۇشۇ ھالەتتە بوغدا ئابدۇللانىڭ «كومزەك كۆتۈرگەن قىز»دىن چىقىۋاتقان ئاۋازى ئۆزىگە تەئەللۇق ئاۋاز ئەمەس ، بەلكى كوللېكتىپقا تەئەللۇق ئىپتىدائىي ئىماگنىڭ ئاۋازى بولىدۇ . بوغدا ئابدۇللا ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزىنىڭ قەلبى ئارقىلىق تارىخ بىلەن ، ئىنسانلار تۇركۇمى بىلەن ، ۋەتەن ۋە خەلق بىلەن ، مىللەت بىلەن ، رېئاللىق ۋە كەلگۈسى بىلەن سۆزلىشىدۇ.

شۇنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەش زۆرۈركى ، ئۆزىدە كوللېكتىپ ئاڭسىزلىقنىڭ تىندۇرمىلىرى بولمىغان ، قەلبىدە ئىرسىيەت ھالىتىدىكى پىسخىك قالدۇق ياكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھالىتىدىكى روھىي كەچۈرمىش بولمىغان ، ۋۇجۇدى روھنى ئۇلايدىغان ۋە روھنى يۈكسەلدۈرىدىغان قىزغىن ئارزۇ ـ ئىستەك ۋە ئازابلىنىش ئېڭى بىلەن چۇلغانمىغان ، تارىخىي تۇيغۇنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلمىغانلار پەقەت كۆز ئالدىدىكى ھەممە ئادەمگە تونۇشلۇق بولغان رېئاللىقنىڭ يۈزەكى قىسمىنى بىرىنچى قاتلاملىق قايتا شەرھلەش ئۇسۇلى بويىچە كۆتۈرۈپ چىقىرىۋېرىدۇ . مۇشۇ تۈپەيلى ، ئۇلار ئۆز قەلبىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئىماگنىڭ ياكى رېئال تۇرمۇشتىكى چىنلىقنىڭ تۈرتكىسىدە ئەمەس ، ئەكسىچە ئىدراكنىڭ قوماندانلىقىدا ياكى تەييار فورمۇلالارنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . نەتىجىدە بۇ خىل شېئىر ئەمەلىي ھادىسىلەرنىڭ تەكرار يېشمى ، پەلسەپىۋى ھېكمەت ، بىۋاسىتە مەدھىيە ياكى قەسىدە ـ مۇناجات بولۇپ قالىدۇ ـ دە ، ئوقۇرمەنگە ھېچقانچە ئويلىنىش ۋە ئۆزىنىڭ روھىي ماكانىنى تېپىش ، ئۇنىڭغا قايتىپ بېرىش ئىمكانىيىتى بەرمەيدۇ . مۇنداق شېئىرلار ئاڭلىماققا تەسىرلىك بولغىنى بىلەن «مەدەنىيەت تېز تامىقى» تەرىقىسىدە بىر قېتىملىق ئىستېمال بىلەن تۈگەپ كېتىدۇكى ، ھەرگىزمۇ ئوقۇرمەننى ، ئوقۇرمەننىڭ قەلبىنى سالغا تېشىغا ئوخشاش ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئاتالمايدۇ . مۇنداق شېئىردىن كۆپ ھاللاردا بىرەر ئىماگقۇ بۇياقتا تۇرسۇن ، شۇ شېئىرنىڭ ئۆزىگىلا خاس ماھىيەتنى ۋە

www.uyghurkitap.com



مۇستەقىل خاراكتېرنى ، شۇ شېئىرنىڭ ئۆزىدىن باشقا جايدا بولالمايدىغان يوشۇرۇن مەنىنى تاپقىلى بولمايدۇ . چۈنكى ، بىر پارچە ياخشى شېئىرنى ئادەتتە مۇنداق ئىككى نەرسە ، يەنى ئىپادىلەش شەكلىدىكى ئوبرازلىق تىل بىلەن شۇ تىلنىڭ ئىچكى قىسمىغا يوشۇرۇنغان ، خۇددى بوغدا ئابدۇللا ئېيتقاندەك مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدىغان ھاياتلىق روھى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ . لېكىن ، بۇ يەردىكى ھاياتلىق روھىي تىلنىڭ ئۆزىدىكى ئىپادىلەش شەكلىدىن دەبدەبىلىك بولۇپ كەتسە ، مۇنداق شېئىر ئايەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ؛ ناۋادا تىل روھتىن غالىب كېلىپ ، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ھالىتىگە ئىمكانىيەت بەرمىسە ، بۇ شېئىر چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىدۇ ، يەنى ئىچكى قۇرۇلما جەھەتتە ئۆزئارا ھىملاشمايدۇ . دېمەكچىمىزكى ، بوغدا ئابدۇللا ئۆز شېئىرلىرىدا ئىپادىلىمەكچى بولغان روھ دەل شېئىرنىڭ تۆت پۇتىنى ئۆرە قىلىدىغان كۈچنىڭ ئۆزى . بۇ يەردىكى ھالقىلىق نەرسە ، يەنىلا ئازات سۇلتان بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە سۆزلىگەن سۆزدىكى ئېستېتىك ئوبرازنىڭ ، ئېستېتىك ئاڭنىڭ ئەركىن پەرۋازى . ئەدەبىي تەنقىد نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ ، تىلنىڭ كېڭىيىش كۈچى بىلەن روھنىڭ چەكسىزلىككە ئىنتىلىشى چوقۇم ئېستېتىك ئوبراز بىلەن تارىخىي تۇيغۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇشى كېرەك . بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرىي ئىجادىيەتتىكى بۇرچى خۇددى ئۇ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغاندەك روھى ئۇلاش ۋە ئىنسان روھىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش . ھالبۇكى ، يۈكسەكلىكنىڭ ماھىيىتى مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ يەنە بىر پارچە ماقالىسىدە دەپ ئۆتكەندەك ، روھنىڭ رېئاللىقتىن ھالقىشى ، ئەركىن روھنىڭ چەكلىك مەۋجۇتلۇقتىن ھالقىشى ، چەكسىز ئەركىنلىكنىڭ چەكلىك ھاياتلىقتىن ھالقىشى بولىدۇ . مۇشۇ سەۋەبكە ئاساسلانغاندا ، ئىنسان ياكى شائىر يۈكسەكلىك تۇيغۇسى ئىچىگە ، تارىخىي تۇيغۇ ئىچىگە ، رېئال تۇيغۇلار ئىچىگە غەرق بولغاندا ياكى روھنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئېڭى ئېستېتىك ئوبراز بىلەن قوراللىنىپ ئۆتكۈر كەلگەندە ، سۇبيېكتنىڭ روھى ، يەنى شائىرنىڭ ۋۇجۇدى باشتىن ـ ئاياغ ئۆزى تىزگىنلەپ بولالمايدىغان كۈچلۈك تەۋرىنىش ، چايقىلىش ۋە زىلزىلىگە كېلىش باسقۇچىدا تۇرىدۇ . مۇنداق ھالەتتە شائىر ئۆزىنىڭ ئىختىيارىنى يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئېستېتىك ئوبرازغا قويۇپ بېرىدۇ . نەتىجىدە شائىردىكى ئىنسان روھى بىر ـ بىرىگە ئۇلايدىغان ماھىيەت ، قىزلارنىڭ يۈرىكىنى پوكۇلدىتىۋېتىدىغان ، ئوغۇللارنى بىھوش قىلىۋېتىدىغان يالقۇنلۇق مىسرالار شېئىرنىڭ بىر زامانلارغىچە ئەستىن كۆتۈرۈلمەيدىغان ئېستېتىك قىممىتىنى پەيدا قىلىدۇ . بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە سۇبيېكتىپ ياقتىن روھنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا يۈزلەنگەنلىكىنى ، ئوبيېكتىپ ياقتىن ئىنسانىيەت تارىخىغا يۈزلەنگەنلىكى ئۇنىڭ تىل ئىشلىتىش ماھارىتى بىلەن ئېستېتىك ئوبرازنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى دەلىللەيدۇ . مۇشۇلارغا كۆرە «سالغا تېشى»دا ئوقۇرمەنلەر ھېس قىلغان بىلەن ھېس قىلمىغاننىڭ ، بىلگەن بىلەن بىلمىگەننىڭ ، ئوخشاتقان بىلەن ئوخشاتمىغاننىڭ ، كۆرگەن بىلەن كۆرەلمىگەننىڭ ، گۈڭگالىق بىلەن روشەنلىكنىڭ ، سۆزلىگەن بىلەن سۈكۈت قىلغاننىڭ ، يېزىلغان بىلەن يېزىلمىغاننىڭ ، ئۇنتۇلغان يىراق ئۆتمۈشى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان كەلگۈسىنىڭ ئارىلىقىدىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن مەنزىرە ئېستېتىك ئوبراز بولۇپ شەكىللىنىدۇ . ئېھتىمال ، چىلىلىق شائىر ۋىدېپرۇنىڭ: «شائىر دېگەن باشقىلار دېيەلمەيدىغان نەرسىلەرنى دەيدىغان بولۇشى كېرەك» دېگەنلىرى مۇشۇنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن . ھالبۇكى ، بۇ يولنى تاللىغان شائىرلار ئىجادىيەتتە بەك قىينىلىدۇ . لېكىن ، ئۇلارنىڭ قىينىلىۋاتقىنى ئۆزىگە رامكا بەلگىلەشتە ، پىلان تۈزۈشتە ، ئەقلىي ئويلىنىشتا ، قاپىيە تېپىشتا ، كۆز ئالدىدىكى رېئال مەركىلەرگە تەييارلىق قىلىشتا ئەمەس ، بەلكى ئۆز ئىجادىيىتىنى چوڭقۇرلۇقتا يېتەكلەشتە ، تىلنىڭ كېڭىيىش كۈچىنى بارلىقتا كەلتۈرۈشتە كۆرۈنىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، شېئىرىي ئىجادىيەتتە ھېسسىياتقا ئەمەس ، ئىدراكقا ، ئېستېتىك ئوبرازغا ئەمەس ، ئۇقۇمغا ، يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ھۇجۇمىغا ئەمەس ، مەمۇرىي ئورۇنلاشتۇرۇشلارغا قاراپ شېئىر يازىدىغانلارنىڭ يېزىقچىلىقى تولىمۇ تەسكە چۈشىدۇ . ئۇلار ناھايىتى جىق تولغاق يەپمۇ ياخشى شېئىر تۇغالمايدۇ . لېكىن ، يەنە بىرمۇنچە شائىرلار ئىجادىي بېشارەت پەيدا بولغان ھامان ، ئالدى بىلەن قانداق قىلغاندا ئېستېتىك ئوبرازنىڭ ئالدىنقى گىرۋىكىگە يېقىنلاشقىلى بولىدىغانلىقى ، قىممەت قارىشى ۋە ئەخلاق قارىشى جەھەتتە كېلىپ چىقىۋاتقان ئىنسانىي خارابلىقلار ئىچىگە قانداق قىلغاندا تەمتىرىمەي قەدەم قويغىلى بولىدىغانلىقى ، قانداق قىلغاندا ماددىلىشىۋاتقان دۇنيانىڭ لاتقا سۇلىرىدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، قارشى قىرغاقتىكى

روھنى ئادالايدىغان مەنزىلگە يەتكىلى بولىدىغانلىقى ، قانداق قىلغاندا سانائەت مەدەنىيلىكىنىڭ ئەكس تەسىردىن قۇتۇلۇپ ، مەۋجۇتلۇقنىڭ مۇشكۇللۇكىگە ئۇدۇل قارىغىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە باش قاتۇرىدۇ . يەنە دەل مۇشۇ ھالەتتە ، شائىرلاردا قانداق قىلغاندا ئۆزلۈكتىكى سەگەكلىككە دادىل مۇئامىلە قىلغىلى بولىدىغانلىقى ۋە ئۆزىدىن ھالقىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئويلىنىش بارلىققا كېلىدۇ . شېئىردىكى ئەڭ قىيىن ئۆتكەل مۇشۇ . بوغدا ئابدۇللا «كومزەك كۆتۈرگەن قىز»دا ئۆزىدىكى ھاياتلىق كەچۈرمىشلىرىنى روھتىن ئۆتكەن ئېستېتىك ئاڭغا ، ئېستېتىك ئوبرازغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ، ئۇنى ئالدى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق كەچۈرمىشلىرىگە ئۇلىدى . ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق كەچۈرمىشلىرىنى ئۆزىنىڭ روھىدىن ئۆتكۈزۈپ باقتى . تارىخىي تۇيغۇغا نەزەر ئاغدۇردى . ۋاڭ باۋ ئەپەندىنىڭ: «ئەلۋەتتە ، تارىخىي تۇيغۇ دېگىنىمىز ، چوقۇم تارىخنى يېزىشنى شەرت قىلمايدۇ ، ئاچقۇچ شائىرنىڭ توغرىدىن ـ توغرا ئىپادىلەش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قېلىشتىن كىشىلىك دۇنيانىڭ يوشۇرۇن قاتلاملىرىدىكى سىرلارنىڭ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ ، رېئاللىق بىلەن تومۇرداش بولغان تارىخ ، مەدەنىيەت ۋە قىياپەت جەھەتتىكى مەلۇم ئامىللارنى قېزىپ چىقىپ ، شۇ ئارقىلىق ئىجادىيەتتە يېڭى نەزەر دائىرە ، قەدىمىي مۇھىت يۈكسەكلىكى يارىتالىغان ـ يارىتالمىغانلىقىدا» ⑪ دېگەنلىرىمۇ بوغدا ئابدۇللانىڭ كوللېكتىپ ئاڭسىزلىقىقا كۆرە ، ھاياتلىقنىڭ ئىپتىدائىي قۇملۇقلىرىدا كۆمۈلۈپ قالغان يوشۇرۇن سىرلارنى ئېچىشقا تىرىشقانلىقىنى ، رېئاللىق بىلەن تومۇرداش بولغان ۋە بىرلىكتە ياشاۋاتقان تارىخنى ، مەدەنىيەتنى قېزىپ ، رېئاللىقنى قەدىم دەۋرلەر بىلەن ئۇلىماقچى بولغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ . لېكىن ، بوغدا ئابدۇللانىڭ قىممەتلىك يېرى ، ئۇ بۇ خىل ئۇلاش ئارقىلىق ئىنسانلارنى ئۆزىنىڭ روھىي ماكانىغا قايتىپ كېتىشكە ئەمەس ، بەلكى مۇشۇ روھنى تېپىۋېلىشقا ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ئاۋۇندۇرۇشقا ۋە ئىنساننىڭ ئاخىرقى مەنزىلىگە ، روھنىڭ كەلگۈسى سەلتەنىتىگە يېتىپ بېرىشقا ئۈندەيدۇ.

ئۇئىتمان «ئامېرىكىنىڭ بۈگۈنكى شېئىرلىرى» دېگەن ماقالىسىدە: «گىگانت شائىرلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئوقۇرمەننىڭ تەسەۋۋۇرىنى ۋە ئويلىنىشىنى ئەڭ زور دەرىجىدە غىدىقلايدۇ . ئۇلارنى ئۆزىدىكى شېئىرىي ھېسسىياتنى ئۇرغۇتۇشقا ئەڭ زور دەرىجىدە ئىلھاملاندۇرىدۇ . لېكىن ، گىگانت شائىرلارنىڭ ئەڭ ياخشى يازىدىغان شائىرلاردىن بولۇشى ناتايىن . شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئادەملەرگە ئەڭ زور دەرىجىدە رىغبەت ئاتا قىلالايدۇ . ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى مەنىنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولمىسىمۇ ، بىراق ئۇلار ئوقۇرمەننىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ، ئۇنىڭ ئۆز تۇيغۇلىرىنى ئىزھار قىلىشى ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن ناھايىتى زور بوشلۇق قالدۇرىدۇ . ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تاماملىشىغا قويۇپ قويىدۇ»⑫ دېگەنىدى . بوغدا ئابدۇللانىڭ «سالغا تېشى» بىزنى ھەقىقەتەن چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ . بىزنى ئىنسانلارنىڭ رېئال ھاياتىنى تېخىمۇ بەختلىك ، تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ، بىزنى تارىخىي تۇيغۇ بىلەن دىدارلىشىپ ، دەۋر بىلەن تەڭ قەدەمدە ئىلگىرىلەشكە چاقىرىدۇ . مۇشۇنداق قىلغاندىلا ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تېخىمۇ گۈللىنىدۇ ۋە خاسلىق ، يېڭىلىق ، ئىجادىيلىق ئىچىدە ئالغا باسىدۇ.

**ئىزاھلار:**

①قاۋسىلقان قامىجان «مانا بۇ ـــ بوغدا»(«شېئىرىيەتتىكى بوشلۇق» بوغدا ئابدۇللا يازغان . 2004 ـ يىل ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 366 ـ بەت)

②بوغدا ئابدۇللا «شېئىرىيەتتىكى بوشلۇق» ، 2004 ـ يىل ، خەلق نەشرىياتى ، 251ـــ278 ـ بەتلەر.

③ توماس . ئېللىيوت «ئەنئەنە ۋە شەخسىي ئىقتىدار» («غەرب ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىدىن تاللانمىلار» ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، خەنزۇچە نەشرى ، 40 ـ بەت).

④⑦⑧⑨⑩ كارل . گۇستاف . جۇڭ «پسىخولوگىيە ۋە ئەدەبىيات» سەنلىيەن كىتابخانىسى ،1987 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى ،121 ـــ 140 ـ بەتلەر.

③⑦گېبن . بلوكىر «ھازىرقى زامان سەنئەت پەلسەپىسى» سىچۈەن خەلق نەشرىياتى ، 1998 ـ يىل نەشرى ، خەنزۇچە ، 266 ـ بەت.

⑥يې شيە «ئەسلى مەنىسىدىكى شېئىرلار» (تۇڭ چىڭباڭ يازغان «ۋىناسنىڭ يوپكىسى» شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى ، 2001 ـ يىل نەشرى ، خەنزۇچە ، 200 ـ بەت)

⑪ ۋاڭ باۋ «تارىخىي تۇيغۇ ، دوست ئەلگە مۇھەببەت» («شېئىرىيەتتىكى بوشلۇق» بوغدا ئابدۇللا يازغان ، 2004 ـ يىل ، خەلق نەشرىياتى ، 356 ـ بەت)

⑫ «مىزان ۋە ئۆلچەم» بېيجىڭ نەشرىياتى ، 2003 ـ يىل ، خەنزۇچە نەشرى ، 133 ـ بەت.

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**

www.uyghurkitap.com

# بوغدا ئابدۇللا ئىجادىيىتىدىكى قوش قاتلام

مامبەت تۇردى

بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىگە شېئىرىيەت ھەققىدە دەرس بەرگەن شائىر ئۇستازىنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە سۆز قىلىشقا ئۇرۇنۇشى بىر تەرەپتىن شەرەپلىك ئىش بولسا، بىر تەرەپتىن ئىنتايىن خەتەرلىك تەۋەككۇلچىلىك. بىر ئۆمۈر شېئىرنىڭ كەينىگە كىرگەن شائىر ئىجادىيىتىنىڭ سىرلىرىنى، ئەمەلىي تەجرىبىلەردىن ئۆتكەن سۆز زەرگەرلىكىنىڭ قاتلاملىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە توغرا، ئىلمىي شەرھىلەپ بېرەلىشىمىزگە كۆز يەتمەيدۇ. بىز بوغدا مۇئەللىمنىڭ ئىجادىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ئاخىرقى چىنلىقنى تاپتۇق دەپ جاكار قىلغان تەقدىردىمۇ، بۇ چىنلىق يەنىلا چەكلىك دائىرىدىكى مەلۇم شەرت ئاستىدىكى چىنلىق بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، شائىرنىڭ ئىجادىيىتى يەنە داۋاملىشىۋاتىدۇ، ئۆرلەۋاتىدۇ، ئۆسۈۋاتىدۇ.

بوغدا ئابدۇللا كەسپىي سالاھىيەت جەھەتتىن نەزەرىيىچى ھەم شائىر، شائىرلىق جەھەتتىن لىرىك ھەم ئىجتىمائىي تەنقىدچى، ئۇسلۇب جەھەتتىن ئەنئەنىۋى ھەم يېڭى يۈزلىنىشنىڭ ۋەكىلى ئوبرازىدا كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ كەسپىي سالاھىيىتى ۋە ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدىكى مۇنداق قوش قاتلاملىق تەكشۈك ھالەتتە ئەمەس. ئۇنىڭ دەرسخانىدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتى شائىرلىقتا، ئىجتىمائىي تەنقىدچىلىكى لىرىكىغا، ئەنئەنىۋىلىكى يېڭى ئۇسلۇبقا بويسۇنغان. بىز تۆۋەندە مۇشۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمىزنى ئىسپاتلاشقا تەرەددۇت قىلىمىز.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات سەھنىسىدە بوغدا ئابدۇللا ئالدى بىلەن بىر شائىر. لېكىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرسخانىسىدا ئۇ يېزىقچىلىق دەرسى ئوقۇتقۇچىسى. شائىرنىڭ نۇرغۇن ۋاقتى شېئىر يېزىشتىن باشقا، شاگىرتلىرى بىلەن بىللە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى مۇھاكىمە قىلىشقا كەتكەن. ئۇ «بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا چوقۇم نەزەرىيە ۋە نەزەرىيىۋى يۈكسەكلىك بولۇش كېرەك» ① لىكىنى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن. شۇڭا، ئۆزىنىڭ ئىككى قىسىملىق تاللانما ئەسەرلەر توپلىمىنىڭ بىرىنچى كىتابىنى شېئىرغا ئەمەس، نەزەرىيىگە ئۆتۈنگەن. بۇ كىتابتا ئەدەب ئەدەبىياتنىڭ بەكلا چوڭ نەزەرىيىۋى مەسىلىلىرىگە ئېسىلىۋالماستىن، تېما تاللاش، مىسرا، كۇپلېت، قاپىيە، تەسەۋۋۇر، خىيال، ئىلھام، شېئىرىيەتتىكى بوشلۇق، شېئىردىكى غۇۋالىق، شېئىردىكى تىل، شېئىردىكى ئوبراز قاتارلىق ئىنتايىن كونكرېت بولغان نۇقتىلار ھەققىدە ئۆز كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ قاراشلارنىڭ كۆپى ئەمەلىي ئىجادىيەت جەريانىدا سىناقتىن ئۆتكەن بولۇپ، شېئىر ھەۋەسكارلىرىغا خېلىلا ئەمەلىي نەپ بېرىدۇ. بۇ كىتاب ماڭا رۇس شائىرى ئىساكوۋسكىنىڭ «شېئىرىيەت ماھارىتى ھەققىدە» ناملىق قىممەتلىك توپلىمىنى ئەسلەتتى.

شائىرنىڭ «شېئىرىيەتتىكى بوشلۇق» ناملىق بۇ توپلىمى نوقۇل نەزەرىيىگە بېغىشلانغان كىتاب بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىكى بەزى نەزەرىيىۋى قاراشلارنى چوڭ جەھەتتىن مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. مەسىلەن، شائىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى قاپىيىنىڭ چوڭ بىر بايلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئادەتتە بىز قاپىيىنى شەكىلگە تەۋە نەرسە دەپ قارايمىز ـ دە، ئۇ مەزمۇنغا بېقىنغان ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مەزمۇن بولمىسا شەكىلمۇ بولمايدۇ دەپ ھۆكۈم چىقىرىمىز. ئەمەلىيەت تامامەن ئۇنداق ئەمەس. مەلۇم جەھەتتىن قاپىيە مەزمۇننىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. قاپىيىنى تۈرلەندۈرۈش، بېيىتىش، كىشىلەر ھازىرغىچە بايقىمىغان

① بوغدا ئابدۇللا: «شېئىرىيەتتىكى بوشلۇق» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىل، 246 ـ بەت.

ۋە ئىشلەتمىگەن قاپىيە شەكىللىرىنى قېزىپ چىقىش شائىر ئىدىيىسىگە ھۆسن قوشىدۇ. بۇ قائىدىنى شېئىر قۇرۇلمىسىغا قارىتا قوللانسىمۇ بولىدۇ. شۇڭا شائىر «شېئىر مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ» ناملىق سۆھبىتىدە «ئانا» ناملىق شېئىرىنىڭ سۆيۈپ ئوقۇلۇشقا سازاۋەر بولۇشىدىكى سەۋەبنى مەزمۇندا ئەمەس، شەكىلدە دەپ ئېنىق كۆرسىتىدۇ، يەنى «مەن بۇ شېئىرنى بارماق ۋەزنىدە يازغان بولسام، بۇ قەدەر تەسىر قوزغىيالىشى ناتايىن ئىدى. ھېسسىياتنىڭ راۋان، مەزمۇننىڭ تولۇق ئىپادىلىنىشىگە تەسىر يەتكەن بولاتتى» ① دەيدۇ. شىنجاڭ ھەر مىللەت ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدە ھازىرغىچە مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئىلمىي باھا بېرىش كەم بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ماركسىزمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋەكىلى لېنىنمۇ: «ئۇسۇل ئوبيېكتنىڭ ئىچكى پرىنسىپى ۋە روھى» ② دەپ قارىغان. مۇپاسساننىڭ ئۇستازى فېلوبىر قاتتىق غەزەپلىنىپ: «بىر ئوچۇم ئەبلەخلەر شەكىل ـ ئىدىيىنىڭ چاپىنى دېيىشمەكتە، لېكىن ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس، شەكىل ئىدىيىنىڭ قان بىلەن گۆشى، خۇددى ئىدىيە جاننىڭ روھى بولغاندەك»③ دەيدۇ.

بوغدا ئابدۇللا شېئىر ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئابستراكت ئۇقۇم ئاساسىدا ئەمەس، مەلۇم ئەمەلىي پاكىتلار ئاساسىدا شەرھىلەيدۇ. شائىر ئەمەلىي ئىجادىيەت جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبىلىرىنى پەردازسىز، ئېنىق ھەم چۈشىنىكسىز ئىلمىي ئىبارىلەرنىڭ قورشاۋىدا قالدۇرماستىن ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بىز تىلغا ئېلىنغان تopلامنى ۋاراقلايدىغان بولساق، يەنە مۇنداق قاراشلارغا گۇۋاھ بولىمىز: «شائىر دەۋرنىڭ بۇرۇلۇش يىللىرى مەيدانغا كېلىدۇ»، «ئەڭ ئېچىنارلىقى شۇكى، بۇ ئەسىردە (20 ـ ئەسىر) مىللىي چېگرادىن ھالقىغان مىللىي شائىرنى يارىتالماي قالدۇق... شائىر بىرى ئۆزىنى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرىدۇ، بۇ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىق؛ يەنە بىرى، خەلق ئۆزى ئۇنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ. بۇ ھەممىدىن مۇھىم تەرەپ. مىللىي شائىرنى يارىتىدىغانمۇ خەلق، ئۇنى يارىتالمايدىغانمۇ خەلق. بىر مىللەت بىرنەچچە شائىرنى تىكلىشى كېرەك»④. مەن بۇ پىكىرلەرنى ئالاھىدە بۆلۈپ تىلغا ئېلىشتا بۇ قاراشنىڭ يېڭى بولغانلىقىغا ئەمەس، بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ يۈزلىنىشىنى، تەرەققىياتىنى قانداق باھالاش مەسىلىسىدە چوڭ مۇنازىرىگە ئوتتۇرۇق بولالايدىغانلىقىغا قارىدىم. «مىللىي شائىر» مەسىلىسىنى18 ـــ 19 ـ ئەسىرلەردە ھايات كەچۈرگەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر گېيوتىمۇ سۆزلەپ ئۆتكەن. ئۇ «ئۇلۇغۋار مىللىي يازغۇچى پەقەت ئۆز مىللىتى مۇئەييەن سەۋىيىگە يەتكەندە ئاندىن بارلىققا كېلىدۇ. سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى بىلەن چۈشكۈنلىشىشىنى توغرىدىن ـ توغرا كىشىلەرنىڭ رېئال مۇھىتى بەلگىلەيدۇ» دەپ قارىغان⑤. بۇ يەردە دېيىلگەن «مىللىي شائىر» ئاتالغۇسىنىڭ شەرتلىك ئاتالغۇ ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىش بىلەن بىللە، زادى 20 ـ ئەسىردە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مىللىي شائىرلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن شائىرلار بارلىققا كەلدىمۇ ـ يوق، ياكى 21 ـ ئەسىردە مەيدانغا كېلەمدۇ، نېمە ئۈچۈن بۇرۇن كەلمىدى، ئەمدى كېلىدۇ، بىز مۇشۇ 100 يىل ئىچىدە قانچە قېتىم دەۋرنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىغا دۇچ كەلدۇق، مىللىي شائىرنى خەلق بارلىققا كەلتۈرىدىغان بولسا قاچان، قانداق ئۇسۇل بىلەن بارلىققا كەلتۈرۈشى مۇمكىن، گېيوتى ئاتاپ ئۆتكەن مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرسىتىدىغان مەلۇم سەۋىيە زادى قانداق سەۋىيە، ماددىي سەۋىيىمۇ ياكى مەنىۋى سەۋىيىمۇ، بىزنىڭ بۈگۈنكى رېئال مۇھىتىمىز ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرەمدۇ ياكى چۈشكۈنلەشتۈرەمدۇ دېگەندەك بىر قاتار ئايىغى چىقماس سوئاللارغا جاۋاب تېپىش يالغۇزلا سوئال قويغۇچىنىڭ ھەققى بولماسلىقى كېرەك. ئاتالغان توپلامدىن بىز چوڭقۇر شەرھىلەشنى تەلەپ قىلىدىغان يەنە نۇرغۇن پىكىر ئۇچقۇنلىرىنى بايقايمىز.

بوغدا ئابدۇللا شېئىرىيەت نەزەرىيىسىنى ئۆزىنىڭ مۇھىم كەسپلىرىنىڭ بىرى قاتارىدا قارىغان ھەم مەقسەتلىك، پىلانلىق ھالدا مۇشۇ ساھەدە ئىزدەنگەن. لېكىن، بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇنىڭ نەزەرىيىسى شائىرلىققا بېقىنغان نەزەرىيە. شۇڭا، ئۇنىڭ ماقالىلىرى شەكىل، تىل جەھەتتىن ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىدەك قىسقا ھەم ئوبرازلىق. ئۇ شېئىرىيەت نەزەرىيىسىنى

---

① يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش، 263 ـ بەت. ② لى گوخۇا: «ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىلمى»، خېبېي ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىل، 170 ـ بەت.
③ دوڭ چىڭبىڭ: «ئۇسلۇپ ۋە ئۇسلۇپ ئىجادىيىتى»، يۈننەن خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىل، 67 ـ بەت. ④ «شېئىرىيەتتىكى بوشلۇق»، 168 ـ، 240 ـ بەتلەر.
⑤ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى، 1985 ـ يىل، 444 ـ بەت.

سۆزلىگەندە كۆپىنچە ئۆزىنىڭ شائىرلىق تەجرىبىلىرىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان . بۇ توپلامنى ئۇيغۇر شېئىرىيەت نەزەرىيىسى جەھەتتىكى جانلىق دەرسلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئەمدى بىز شائىرنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىدە ئىجتىمائىيلىق بىلەن لىرىكىلىقتىن ئىبارەت ئىككى تىزگىننى قانداق تۇتقانلىقى ھەققىدە توختىلىمىز.

بىزنىڭ بىلىشىمىزچە ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ۋە ھاياتلىقتا دائىم يولۇقۇپ تۇرىدىغان ئادالەتسىزلىك ، ياۋۇزلۇق ، رەزىللىك ۋە خۇنۇكلۇككە غەزەپلەنمەيدىغان ، ئۇنىڭغا قارشى چىقمايدىغان ، ئىچ ـ ئىچىدىن ئاچچىق يۇتۇپ ، تولغانمايدىغان ۋە ئۇنى شېئىر قىلىپ يازمايدىغان شائىر بولمىسا كېرەك . ھايات كەچمىشلىرىدىكى ۋەقەلەرنىڭ ئۆزىلا شېئىرنىڭ تۈگىمەس تېمىسىدۇر . بىز بوغدا ئابدۇللانى لىرىك شائىر دەپ تونۇغان تەقدىردىمۇ ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئۆتكۈر ئىجتىمائىي كىنايىنى ، ئادالەتسىزلىككە بولغان غەليانلىرىنى كۆرمەسكە سالالمايمىز . ئۇ يېتىم قىز ، سەرسان ئۆسمۈرلەرنى كۆرۈپ تىت ـ تىت بولىدۇ ، بارلىق نەرسىگە ئىچ ئاغرىتىدۇ . تەبىئەت بىلەن ئادەم ، تارىخ بىلەن بۈگۈن ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىكنى ئىزدەپ ئىزتىراپ چېكىدۇ . شۇڭا ، ئۇ نۇرغۇن خەلق رىۋايەتلىرىنى شېئىرلاشتۇرغان ، نۇرغۇن تارىخىي شەخسلەرگە مۇراجىئەت قىلغان ، نۇرغۇن قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ سەلتەنىتىنى مەدھىيىلىگەن ھەم «سوئال» ناملىق شېئىرىدىكىدەك تەنىنى شۈركەندۈرىدىغان سوئاللارنى قويغان . بوغدا ئابدۇللا ئىجادىيىتىدە پىكىر چوڭقۇرلۇقى بىلەن ھېسسىيات چوڭقۇرلۇقى بىر ـ بىرىگە قارشى قويۇلمىغان . مەسىلەن ، ئۇ «بىر رىۋايەت» ناملىق شېئىرىدا ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان ئۆلۈمنىڭ خۇدانى قانداق خاتىرجەم قىلغانلىقىنى كىنايە قىلسا ، «قارا خال»دا تامامەن باشقىچە كەيپىياتتا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . شەرق شائىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بوغدا ئابدۇللا ئەقىل بىلەن ھېسسىياتنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى بەك يىراقلاشتۇرمايدۇ ، لېكىن لىرىك شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەقلىي تاللاشقا قارىغاندا ھېسسىي تاللاشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ . بولۇپمۇ بىر ئۆمۈر شېئىرنىڭ كەينىگە كىرىش ئۇنى چۈش كۆرسىمۇ شېئىر يېزىپ چۈش كۆرىدىغان ھالەتكە يەتكۈزگەن . شائىر ھەر زامان خىياللار دۇنياسىغا غەرق بولىدۇ ، ھېسسىي تۇيغۇسىدا يالت قىلىپ ئۆتكەن ھەرقانداق ئۇچقۇنلارنى شېئىر قىلىپ يېزىشقا ئۇرۇنىدۇ . شۇڭا ، ئۇ ئاڭلىغان رىۋايەت ، بارغان شەھەر ، كۆرگەن دېڭىز ، ئۇنىڭغا ئۇرۇلغان شامال ، پۇرالغان گۈل ، يولۇققان گۈزەل... ھەممىسى پەقەتلا بىر نەرسىگە — شېئىرغا ئايلىنىدۇ . ئۇ شېئىرلىرىدا ئىجتىمائىي تەنقىدىي مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرگەندىمۇ شاخلىتىپ تاشلىماستىن ، لىرىكىلىق ئۇسۇلدا يېپىق يوشۇرۇن ، ئىما ـ ئىشارەت بىلەن بىلدۈرىدۇ . يەنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق بۇ يامان ، بۇ ياخشى دەيدىغان ھۆكۈمنى ئوقۇرمەنلەرگە تاڭمايدۇ . ئۇنىڭ شېئىرلىرى خۇددى شائىرنىڭ ئۆزىدەك خىيالچان ، كەم سۆز ، چوڭقۇر.

شائىر ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ مۇھىم قاتلام — ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىقنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بوغدا ئابدۇللا ئۇسلۇبىنى تەشكىل قىلغان قاتلام.

ئۇسلۇب مەسىلىسى ئېيتىش ئاسان ، قول سونۇش مۈشكۈل بولغان تېما . مەيلى ئەدىبنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىشى بولسۇن ياكى شۇ ئەدىبنىڭ ياراتقان ئۇسلۇبىنى ئىلمىي جەھەتتىن يەكۈنلەپ ، ئۇنىڭغا ئىسىم قويۇپ چىقىش بولسۇن ، ئۇنچىلا ئاسان ئىش ئەمەس.

بىز بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرىغا نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا مۇنداق ئىككى ئۆزگىچىلىكنى بايقايمىز . بىرى ، داستانلىرى شېئىردەك ، شېئىرلىرى رۇبائىيدەك قىسقا يېزىلغان؛ ئىككىنچىسى ، ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتتىكى كۆپلېت بىلەن قاپىيە ئۇقۇمى زور دەرىجىدە يېڭىلانغان . لېكىن ، بۇ تاشقى كۆرۈنۈش . بوغدا ئابدۇللا ئىجادىيىتىدىكى ئىچكى خاسلىق زادى قايسىلار؟ كىم مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلسا ، شۇ شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە لىللا باھا بەرگەن بولىدۇ . بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان تەتقىقات تېمىسىدۇر . شۇنداق بولسىمۇ دەسلەپكى بايقاشلىرىمىزنى بايان قىلىمىز.

مەن شائىرنىڭ «چوغ» ناملىق شېئىرىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدىم . ئەگەر شېئىرنىڭ ئاخىرىدىكى «1964 ـ يىلى» دېگەن ۋاقىت ئىملادىكى خاتالىق بولمايدىغان بولسىلا ، ئۇ چاغدا 1960 ـ يىللىرىلا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كلاسسىك دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن بىر پارچە شېئىر مەيدانغا كېلىپ ، ئۇنى ئەدەبىيات تارىخىنى يازىدىغانلار بايقىمىغان بولىدۇ . بۇ شېئىرنى تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ «تۈگىمەس ناخشا» ناملىق شېئىرى بىلەن پاراللېل قويۇشقا تامامەن ھەقلىقمىز . ئاندىن شۇ 1964 ـ يىلى دېگەن ئېنىقلىمىنىڭ كەينىگە يەنە «غۇلجا ، ئۇ-

رۇمچى» دەپ يېزىلغان . مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن بۇ شېئىرنىڭ 1 ـ بۆلىكى غۇلجىدا ، يەنى 60 ـ يىللاردا يېزىلغان ، 2 ـ ، 3 ـ بۆلەكلىرى ئۈرۈمچىدە ، يەنى كېيىن ئۆزگەرتىلگەن بولۇشى مۇمكىن ، دېگەن پەرەز بىلەن قالىمىز . بۇ شېئىرنىڭ 2 ـ بۆلىكىدىكى:

«قوشنا قىزلارنىڭ،
ئىشىك چەككىنى
چوغ سورىغىنى!»

دېگەن مىسرالار بىلەن 3 ـ بۆلىكىدىكى:

«هە راست ①
كۆيگەن ئوتنى ئۆچۈرۈپ بولماس!»

دېگەن مىسرالار پۈتۈن بىر شېئىرنى يېڭى بىر مەنە قاتلىمىغا باشلاپ كىرگەن . شۇنىڭ بىلەن ئوتنى ساقلاشتىن ئىبارەت تىرىكچىلىك ئۇسۇلىنىڭ شائىرغا بولغان تېماتىك قىممىتى 1 ـ بۆلەكتىلا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، ئىسپاتلىنىپ خۇلاسە چىقىرىلغىنىغا قارىماي ، شېئىر يەنىمۇ بىر كەڭلىككە قاراپ يېيىلغان . بىر پارچە چوڭ ھەجىملىك لىرىك داستاندا ئاران ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان ئىستېتىك غايە كىچىك بىر پارچە شېئىردا تولۇق ئەكس ئەتكەن . بۇ شېئىر 60 ـ يىللاردىكى ئەدەبىيات ئۈچۈنلا ئەمەس ، 80 ـ ، 90 ـ يىللاردىكى ئەدەبىيات ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە ھەم شائىرنىڭ ئىجادىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ.

بوغدا ئابدۇللا بىر سۆھبىتىدە «بىرەر مىسرا ياكى ئوخشىتىش پەقەت ئىجاد قىلغۇچىغىلا مەنسۇپ ②بولۇشى كېرەك . كۆپ تەكرارلىنىپ كەتسە تەمى بولمايدۇ» دەيدۇ ھەم «كۆز قارىچۇقىمدا ئادەم سۈرىتى» دېگەن جۈملىنى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كۆپ تەكرارلانغان ئىبارە دەپ قارايدۇ . شائىر شېئىر تېخنىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك مۇشۇ نۇقتىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەن ھەم ئۆز ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئۆزىگە خاس شېئىر ئىبارىسىنى يارىتىشقا تىرىشقان . دېمەك ، شائىرنىڭ ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكىنى بارلىققا كەلتۈرگەن نەرسە ئىدىيىدىكى سەزگۈرلۈك بولماستىن ، بەلكى شېئىر تىلى جەھەتتىكى سەزگۈرلۈك بولغان . ئۇنداق بولمايدىغان بولسا ، ئېچىلغان گۈلنى ، چىقىۋاتقان قۇياشنى ، مەۋج ئۇرغان دېڭىزنى ، ھەيۋەتلىك تاغلارنى ، سۇمبۇل چاچلىق سەھرا گۈزىلىنى كۆرۈپ ھەرقانداق شائىر ھاياجانلىنىدۇ . سۆيۈنۈش بىلەن غەزەپنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنى ئوخشاش ، ئوخشىمايدىغان يېرى ئۇنى قانداق ئىپادىلەش . سەنئەتنىڭ بارلىق تۈرلىرى قانداق ئىپادىلىگەنلىكى بىلەن ھەر خىل ژانىرلارغا بۆلۈنگەندەك ، شائىرلارمۇ شېئىر يازغانلىقى بىلەن ئەمەس ، قانداق يازغانلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ . بىز تۆۋەندىكى مىسرالارغا نەزەر سالايلى: «بۇ تۆشۈك بەختىڭنى بىر ئۆزۈك ياما» («ئايگۈل ، يىغلىما») ، «جان دېگەن شىۋاق ئەمەس ، كۈندە ـ كۈندە كۆكلىمەس» («سۇمبۇل چاچ») ، «ئۆگىنىپ بولامدۇ ۋىجداننى ، قالدىغىز دوسكىدەك ئەبەدىي ياشاپ» («زىكرى مۇئەللىم») . مانا بۇ شائىرنىڭ ئۇسلۇبىنى بارلىققا كەلتۈرگەن شېئىرىي ئىماگ . ئىستىلشۇناسلىق ئىلمىدە ئىماگ شېئىرنىڭ روھى دەپ قارالماقتا . ئەدەبىياتشۇناس روگدىنىڭ: «مىڭ كىتاب يازغىنىڭ ئۆمرۈڭدە بىر ئىماگ يازغىنىڭغا يەتمەيدۇ» دېگەن سۆزى بۇ ساھەدە ئەقلىيىگە ئايلىنىپ كەتكەن . شېئىر ئىجادىيىتىدە مىللىي تىل لېكسىكىسىدىكى بارلىق مۇمكىنچىلىكلەردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى يېڭى مەنىلەرگە ئىگە قىلىش ئارقىلىق شائىرلىق مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ، شائىرنىڭ ئۆزلۈكىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى بىردىنبىر ئۈنۈملۈك يول بولۇشى مۇمكىن . شائىرلار قولىغا قەلەم ئالغاندىن كېيىن ئۇلارنى قىينايدىغان نەرسە ياخشى ئىدىيىنىڭ كەلمىگەنلىكىدىن ئەمەس ، شۇ ياخشى ئىدىيىنى ئىپادىلەيدىغان لايىق سۆزنىڭ تېپىلمىغانلىقىدىن بولىدۇ . بىز توختىلىۋاتقان شائىر بۇنى بالدۇرلا ھېس قىلىپ يەتكەن ھەم شۇ توغرۇلۇق ئاگلىق ئىزدەنگەن . شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى گۈڭگالىق ، لىرىكىلىق مەيلى ئەنئەنىدىن كەلگەن بولسۇن ياكى يېڭى شېئىرىيەت بىلەن تونۇشۇش جەريانىدا مۇقىملاشقان بولسۇن ، ئۇنىڭ ھەممىسى بوغدا ئابدۇللاچە شائىرلىققا ئاكتىپ خىزمەت قىلغان.

شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە باھا بەرگىنىمىزدە ، ئۇنىڭ ئاز ۋە ساز يازىدىغان ، قىسقا ھەم تەملىك قىلىپ ، مىسرالارنى قەستەن ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇپ سۆز ئىسراپچىلىقى قىلمايدىغان ، ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت قۇرۇلمىسىغا كۆپ يېڭىلىقلارنى كىرگۈزگەن ، ئۆز ئالدىغا ئۇسلۇب يارىتىشقا قادىر بولالىغان تەرەپلىرىنى يەنىمۇ

① بوغدا ئابدۇللا: «كومزەك كۆتۈرگەن قىز» (شېئىرلار توپلىمى) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2004 ـ يىل ، 26 — 27 ـ بەتلەر.

② «شېئىرىيەتتىكى بوشلۇق» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2004 ـ يىل ، 159 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com



چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۇنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدا شېئىر ئۈچۈن شېئىر يېزىشتەك ئىستەكنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەن تەرەپلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەت . بۇ تەبىئىي ھادىسە . ئەگەر بارلىق شائىر ھەر بىر پارچە شېئىرىدا ھەر قېتىم يېڭى بىر يۈكسەكلىك ھاسىل قىلالايدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا شېئىر يېزىش ئىنتايىن ئاسان كەسىپكە ئايلانغان بولاتتى . شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت شېئىرىيىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان بىر يېتەرسىزلىك ــــ ئادەتتىكى تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى شېئىر ئارقىلىق ئۇقۇملاشتۇرۇش؛ يەنە بىرسى ، خەلق ئەدەبىياتىدىكى تەييار ئىبارىلەرنى ئۆز پېتىچە تەكرارلاش . مەسىلەن ، شائىر «پارچە» ناملىق ئۈچ①مىسرالىق شېئىرىدا:

ئىنسانغا تىنچلىق بولار نەدە؟
بىرى بۆشۈكتە،
بىرى قەبرىدە!

دەپ يازىدۇ . بۇنى بىز شائىرنىڭ غوۋغاسى كۆپ ھاياتتىن نارازى بولۇپ ، غەمسىز باللىقىنى سېغىنىشتىن كەلگەن ھاياجىنى دەپ چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ ، بۆشۈك چوڭلارنىڭ نەزىرىدە تىنچ ماكان بولغىنى بىلەن ، شۇ بۆشۈكتە پۇت ـ قولى باغلىنىپ ياتقان بالا ئۈچۈنچۇ؟ دېمەك ، بىز نۇرغۇن ۋاقىتلاردا ئۆزىمىزنىڭ ئۆلچىمىمىز بويىچە باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىغا باھا بېرىمىز ھەمدە ئۇنى پۈتۈن ئىنسانغا ئورتاق ھەقىقەت قاتارىدا قارايمىز . بۆشۈك پەقەت ۋەتەننىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى سۈپىتىدە سىمۋوللۇق مەنىسى بىلەن ئۇلۇغلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىش جەريانىدىكى پايدىلىق تەرەپلىرى بىلەن پايدىسىز تەرەپلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئەلۋەتتە شېئىرنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس . لېكىن ، ئۇنى قەبرە بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ ، ھاياتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بۆشۈك ، ئاخىرقى نۇقتىسى قەبرە دەپ قاراپ ، مۇشۇ ئىككى ئۇچ ئەڭ تىنچ جاي دېگەن ئۇقۇمنى شېئىرلاشتۇرۇپ يېزىشنىڭ قانچىلىك بەدىئىي قىممىتى بارلىقىنى ئېنىق دەپ بېرىش بىرقەدەر قىيىن.

يەنە بىرى ، شائىرنىڭ توپلىمىدىن قارىغاندا ، ئۇ نۇرغۇن خەلق رىۋايەتلىرىنى شېئىرلاشتۇرۇپ ، ئۇنىڭغا يېڭى مەنە ئاتا قىلغان . توپلامدا «رىۋايەت» ئاتالغۇسى بىلەن كەلگەن شېئىرلارنىڭ سانى خېلى بار ھەم بۇ جەھەتتىكى ئىزچىللىق ئۆز ئۈنۈمىنى كۆرسەتكەن . لېكىن ، بەزى شېئىرلار شۇ خەلق رىۋايىتى ئىپادىلىگەن مەنە چېكىدىن ھالقىپ ئۆتەلمىگەن . تەجرىبىلەر ئىسپاتلاپ تۇرغاندەك ، نەسرىي شەكىلدىكى رىۋايەتنى نەزمىي شەكىلگە ئايلاندۇرۇش يېڭى بىر ئىجاد قىلىش باسقۇچىدىن ئۆتمىسە ئۆزگە خاس شېئىرىي ئەسەرگە ئايلىنىشى مۈشكۈل . مەن بۇ قارىشىمنى تامامەن توغرا دېيەلمەيمەن . كەسپداشلارنى زادى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى تەييار ۋەقەلىكلەرنى ۋە ئىدىيىلەرنى قانداق ئۇسۇل بىلەن قايتا يېزىش ۋە قانداق قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ ئىجادىي ئەسىرىمىزگە ئايلاندۇرۇش ھەققىدە بىرلىكتە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىمەن . بۇ يالغۇزلا بىر شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدە كۆرۈلگەن ھادىسە ئەمەس ، پۈتۈن سۈرۈك ئىجادىيەت ئورتاق دۇچ كەلگەن مەسىلە.

يەنە بىر مەسىلە شۇكى ، شائىرنىڭ «كومزەك كۆتۈرگەن قىز» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگەن ئەسەرلەر يىل تەرتىپى بويىچە بېرىلمىگەنلىكتىن شائىرنىڭ ھەرقايسى دەۋر ، ھەرقايسى مۇھىتتىكى شېئىرىي پوزىتسىيىسىنىڭ ، ئېستېتىك غايىسىنىڭ ۋە شېئىر تېخنىكىسىنىڭ قانداق ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى بىلىش ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى سېلىشتۇرۇپ چىقىشقا ئىمكانىيەت تاپالماي قالدۇق.

ئاخىرىدا ، مەن ئۇستازىمنىڭ ئىجادىيىتىگە تولۇق باھا بېرەلمىدىم ، ئۆزۈم ئوقۇغان نۇرغۇن ئېسىل شېئىرلىرىنى تولۇق شەرھلىيەلمىدىم ھەم چولتا ۋە ئالدىراقسانلىق بىلەن پىشمىغان باھالىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم دەپ قارايمەن . شۇڭا ، كۆپچىلىكتىن ۋە ئۇستازىمدىن ئەپۇ سورايمەن . ئۇستاز شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە ئۇتۇق ، تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمەن . چاچ ئاقارغىنى بىلەن شائىرلىق يۈرەككە قورۇق چۈشمەيدۇ!

تەھرىرلىگۈچى: **ئىمىرھەسەن مەخمۇت**

---

① بوغدا ئابدۇللا: «كومزەك كۆتۈرگەن قىز» (شېئىرلار توپلىمى) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2004 ـ يىل ، 96 ـ بەت.



# شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ ئۇستازلىق يولى

**قاۋسلقان قامجان**

بوغدا ئابدۇللا ئاتاقلىق شائىر ھەم مەرپەتپەرۋەر خەلقىمىز قەلبىدىكى يۈكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر پېشقەدەم ئۇستاز ، تۆھپىكار پېداگوگ.

ھەر بىر تىل سەنئەتكارلىرىنىڭ ، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم ساھەدىن ، مەلۇم كەسىپتىن كەلگەن . ئاشۇ ساھە ، ئاشۇ كەسىپ ئۇلارنىڭ بىلىمى ، ماھارەت كۆرسەتكەن مەيدانى بولغان.

يېتۈك شائىر بوغدا ئابدۇللا ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىش داۋامىدا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ، ئۆزىگە خاس شائىرانە ئۇسلۇب ياراتقان ، يۈكسەك ماھارەتلىك تىل سەنئەتكارى . شۇنداقلا بىر ئۆمۈر پۈتۈن ۋۇجۇدىنى مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلاپ ، بۇ ساھەدىمۇ شۆھرەت قازانغان بۈيۈك ئۇستاز . بوغدا ئابدۇللانىڭ مەرپەتپەرۋەرلىك ، ئۇستازلىق ھۈنىرى بىلەن ئىجادكارلىق ، شائىرلىق ھۈنىرى بىر ـ بىرى بىلەن زىچ باغلانغان . شۇڭا ، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتى ئۈستىدە پىكىر ، ئىلمىي مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندە ، شائىرنىڭ ياشىغان مۇھىتىدىن ، ئۆزى تەۋە بولۇپ كەلگەن ساھەسىدىن ، شۇغۇللىنىپ كەلگەن كەسپىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە ياكى ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قاراشقا بولمايدۇ.

بوغدا ئابدۇللا ئۆمرىنى نوقۇل ھالدا كەسپىي يازغۇچىلىق بىلەن ئۆتكۈزمىگەن ، ئۇ بىر قولىدا قەلەم ، بىر قولىدا بور تۇتۇپ 40 باھارىنى دەرس مۇنبىرىدە ئۆتكۈزگەن تۆھپىكار باغۋەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ھەم ئاتاقلىق شائىر ، تەتقىقاتچى ، ھەم ئاتاقلىق پېداگوگ ، ئۇستاز دېيىشكە ھەقلىقمىز.

بوغدا ئابدۇللانىڭ ئىجادىيىتى ، يەنى شائىرلىقى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە باشلىنىپ ، ئوقۇتقۇچىلىق دەۋرىدە ۋايىغا يەتكەن .

دېمەك ، بوغدا ئابدۇللانىڭ ئىجادىيەت جەھەتتە تاللىغان يولى شائىرلىق بولسا ، كەسىپ جەھەتتە تاللىغان يولى ئوقۇتقۇچىلىق ، ئۇ بۇ يولدا باشتىن ـ ئاخىر تەۋرەنمەي ماڭدى . ماڭغاندىمۇ غەلىبىلىك ماڭدى.

بوغدا ئابدۇللا مېنىڭ قەلەم سەپىرىدىمۇ ، ئۇستازلىق سەپىرىدىمۇ بىللە بولغان ، قەلبىمىز بىر ، جېنىمىز بىر ئەڭ يېقىن دوستۇم ، سىردىشىم . ئۇ قېرىنداش ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىچىدە ماڭا نىسبەتەن ئۇنتۇلغۇسىز شەپقەت ياغدۇرغان ، قەلبىمگە ئۇنتۇلماس ئىزلارنى چەككەن شەخسلەرنىڭ بىرى.

مېنىڭ نەزىرىمدىكى بوغدا ئابدۇللا باشقىلارغا بەخت ـ سائادەت تىلەيدىغان پەرىشتە سۈپەت ئادەم . ئۇ قەلبى گۇمانسىتىك روھ ، ۋۇجۇدى ئىلىم ـ مەرىپەت دۇردانىلىرى بىلەن تولغان سۆيۈملۈك ئۇستاز.

ئالىيجاناب ئادەملەر ئۈچۈن ئېيتقاندا مۇرەككەپ ، كۆپ قاتلاملىق ھاياتلىق مۇساپىسىدە ئەڭ قىيىن ، ئەڭ مۇھىم ، ئەڭ ساۋاپلىق ئىش يەنىلا ئادەم تەربىيىلەش بولسا كېرەك . شائىر ، پېداگوگ بوغدا ئابدۇللا ئوقۇتقۇچىلىق ئۆمرىدە ئاشۇنداق يولنى تۇتتى . ئۇ بىر پارچە شېئىرنى تېرەن مەنىدار تەپەككۇر جەۋھەرلىرى ، يالقۇنلۇق ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىنىگە ئوخشاش ، بىر سائەتلىك دەرسكىمۇ پۈتۈن زېھنىنى سىڭدۇردى.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدا جەزمەن ئىككى ئەڭگۈشتەر بولۇش زۆرۈر . ئۇنىڭ بىرى ، ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ، يەنە بىرى ، ئىلمىي تەتقىقات . بوغدا ئابدۇللانىڭ بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىلىرىگە نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا ،

بۇ ئىككى ئەڭگۈشتەر ئاجايىپ جۇلالىنىپ كۆزنىمىزگە تاشلىنىدۇ . ئۇ ئالىي مەكتەپ دەرس مۇنبىرىدە ئۆتكەن ئوقۇتقۇچىلىق هاياتىدا باشتىن ـ ئاخىر يېزىقچىلىق بىلىملىرى دەرسىنى ئۆتۈش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشقا زور كۈچ بەردى ھەم قوشۇمچە يېزىقچىلىق كافېدراسىنىڭ مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىدى.

«يېزىقچىلىق بىلىملىرى» ئالىي مەكتەپلەردە مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ ئۆتۈلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق دەرسلەرنىڭ بىرى . چۈنكى ، ئۇ ئالىي مەكتەپلەردە ھەم ئىجتىمائىي پەن ، ھەم تەبىئىي پەن سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوخشاشلا ئۆتۈلىدىغان چەكلىمىسى ، چېگرىسى يوق دەرس . ئۇ ئۆزىنىڭ «يېزىقچىلىق ئىلمى» ناملىق دەرسلىك كىتابىدا: «يېزىقچىلىق ئىلمى ، ئۆگەنمىسە بولمايدىغان پەن ، ئىنسان ياشىغانىكەن ، ئۇ ھامان ئۆزىنى ئىپادىلەشكە موھتاج بولىدۇ . بۇ خىل ئىپادىلەش تىل ۋە يېزىقنىڭ ياردىمى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئەگەر بىر خەلق ، بىر مىللەت يېزىقچىلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىلىمنى بىلمەيدىكەن ياكى ئۇنىڭغا سۇس قارايدىكەن ، ئۇنىڭ باشقىلاردىن ئارقىدا قالغىنى قالغان . بۇنىڭ ئورنىنى ھەرقانداق بىر نەرسە بىلەن تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ» دەيدۇ.

بوغدا ئابدۇللا ئۆز بايانلىرىغا ئەمەل قىلىپ ، بۇ ئىلىمدىن ستۇدېنت ھەم ئاسپىرانتلارغا قېتىرقىنىپ بىلىم بەردى . ئۇ مۇساپىسىدە سوقۇر ئۈچەي بولۇپ بىر ھەپتىدىن ئارتۇق دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالانغاندىن باشقا ، بىرەر كۈنمۇ دەرس مۇنبىرىدىن ئايرىلمىغان .

بوغدا ئابدۇللا ھەقىقەتەن كىشىلەر تەرىپلىگەندەك ئۇسۇلى يېڭى ، ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە باي ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتتە تەڭ يېتىلگەن ، ئىزدىنىش روھىغا تويۇنغان قەدىردان باغۋەن . ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىدىكى ئوقۇتۇش ، دەرسلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىملارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ھارماي ئىزدىنىش ۋە كۈچ سەرپ قىلىش بەدىلىگە مەخسۇس ئالىي مەكتەپلەرگە بېغىشلانغان دەرسلىك «يېزىقچىلىق ئىلمى»نى بارلىققا كەلتۈردى.

ساپالىق ئۇستازنىڭ قولىدىن ساپالىق شاگىرت چىققىنىغا ئوخشاش ، ساپالىق ئوقۇتقۇچى قەلىمىدىن قىممەتلىك دەرسلىك تۆرلىدۇ . بوغدا ئابدۇللا تۈزگەن ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1996 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «يېزىقچىلىق ئىلمى» ناملىق دەرسلىك كىتاب دۆلەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر دەرسلىك مۇكاپاتىغا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر كىتاب مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . بوغدا ئابدۇللا يەنە ئاتا تەبىئەت ئاتا قىلغان تالانت ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ ، ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى بىلەن شېئىرىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى داۋامىدا كەينى ـ كەينىدىن «شېئىر مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ» ، «شېئىرىيەتتىكى بوشلۇق» قاتارلىق كىتابلىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ ، ئۆزىگە خاس يېڭى كۆزقاراش ھەم قويۇق مىللىي پۇراق سىڭدۈرۈلگەن شېئىرىيەت نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئىبارەت بۇ نوپۇزلۇق ، نۇقتىلىق ئالىي بىلىم يۇرتىدا مەكتەپ خاراكتېرلىك يېزىقچىلىق دەرسىنىڭ سۈپەتلىك ئۆتۈلۈپ ، ھەر قەدەمدە غەلىبە قازىنىشىنى شەخسەن بوغدا ئابدۇللانىڭ بۇ يولدىكى بەدەللىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ . چۈنكى ، ئۇ بۇ كەسپىنىڭ قوماندانى بولۇپ كەلدى.

بوغدا ئابدۇللا كافېدرا مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مەزگىللىرىدە ، مەكتەپتە بولۇپمۇ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، قازاق قاتارلىق ئۈچ مىللەتنىڭ تىلىدا ئۈچ مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتەتتى (ھازىرمۇ شۇنداق) . بۇ چاغدا بوغدا ئابدۇللا باشقۇرۇشنى ، ئىتتىپاقلىقنى ، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە كەسپىنى چىڭ تۇتتى . بۇلارنىڭ ھەر ئۈچىلىسىنىڭمۇ ئۈنۈمىنى كۆرسىتىپ ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى . يىغىپ ئېيتقاندا ، بوغدا ئابدۇللا ھەر جەھەتتىن شۆھرەت قازانغان يېتۈك شائىر ، ئاتاقلىق پېداگوگ ، قەدىردان ئۇستاز . ئۇ بىزگە ھەممە تەرەپتىن ئۈلگە بولۇشقا مۇناسىپ.

تەھرىرلىگۈچى: **ئىمىرھەسەن مەخمۇت**



# لەڭگەر بوشى

**( پوۋېست )**

**ئابدۇكېرىم قادىر**

**1**

ئاچالدىكى لەڭگەر بازىرى يىگىتلەرنى ئاسان بۇزۇۋې-تىدۇ.

لەڭگەر بازىرى تۆت كەنتنىڭ بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان دوقمۇشىدا يايما ئاچقان نەچچە ئون ئۇششاق سېتىقچى-دىن ، ئەتراپتىكى كەنتلەردىن ئېقىپ كېلىپ ، توختام سۇدەك تۇرۇپ قالىدىغان بىكارچىلاردىن پەيدا بولغان بار بىن،ن يوقنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر ئۆتەڭ . سىرتتىن قا-رىغاندا ، لەڭگەر خۇددى كرېست بەلگىسىدەك كېسىشىپ تۆت تەرەپكە سوزۇلغان يولنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا كەلتۈ-رۈپ مىخلاپ قويغان بىر پارچە تاختىدەك كۆرۈنىدۇ . شۇنداق ، ئاچالدىكى لەڭگەر بازىرى بۇ يەردە خېرىدار كۈتۈپ تۇرغان لەڭپۇڭچىنىڭ غالتىكىگىمۇ ، تېرەكنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ ياماق ياماۋاتقان ياماقچىنىڭ پەشتا-مىسىغىمۇ ، دوڭغاق سۆگەت تۈۋىدىكى قېرى ناۋاينىڭ گىرۋىكى ئۇچۇپ كەتكەن تونۇرىغىمۇ ، بازار ئەتراپىدىكى ئورمانلىق ئىچىدە سورۇن تۈزۈۋالغان هاراقكەشلەرنىڭ سورۇنىغىمۇ ، ئىشقىلىپ ، يەنە ئاللىنېمىلەرگىدۇر ئوخ-شاش كىچىك ھەم كۆرۈمسىز . لەڭگەرنى يەنە كونا چىقىشتىن كۆن پېتىشقا ئاقىدىغان ئۇلۇغ سۇلۇق بىر ئۆستەڭ كېسىپ ئۆتىدۇ . لەڭگەردە يۈرگەن كىشىلەر بۇ ئۆستەڭدىن سۇ ئىچىپ ئۆزىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرغان بىلەن ، ئۆستەڭگە ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدۇ . با-زاردىكىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئەقلىگە كەلگەندىن بېرى سۈيى توختىماي ئېقىۋاتقان بۇ ئۆستەڭ خۇددى مۇشۇن-داق ئېقىشى كېرەكتەك ، ئۇنىڭ ئېقىشى ئەڭ ئادەتتىكى بىر ئىشتەك بىلىنىدۇ . ئەمما ، تاسادىپىي هالدا سىرت-تىن كېلىپ بازارنى كۆرگەن كىشى بۇ ئۆستەڭنىڭ لەڭگەر بازىرىنىڭ جان تومۇرى ئىكەنلىكىنى هېس قىلىدۇ.

لەڭگەرنىڭ بازار بولۇپ قىزىيدىغان مۇقىم بىر كۈنى يوق . چوڭراق سودىلىقى چىقىپ قالغانلار يەكشەنبىگە توغرا كېلىپ قالسا شەهەرگە ، بېنەپتە كۈنلىرى بولۇپ قالسا ئەتراپتىكى يېزا بازارلىرىغا قاراپ ئېشەكنى تو-قۇيدۇ . قىلىدىغان ئىشنى تاپالمىغان ، تاپىنى قىزىپ قالغانلار كەنت يولىدىكى پورپاڭ ئۇماچ توپىدەك ئاستا ـ ئاستا لەڭگەرگە يوپۇرۇلۇپ ئاقىدۇ . لەڭگەردە تىلغا ئال-غۇدەك سودىنىڭ بولغانلىقىنى ، بىركىمنىڭ يېنىدىن قولىغا تۇكۇرۇپ سانىغۇدەك پۇلنىڭ چىققانلىقىنى ، بىر كىمنىڭ مانچە پۇلغا ئالدىم دەپ بىرەر نەرسىنى كۆتۈرۈپ ماڭغىنىنى ئانچە كۆرگىلى بولمايدۇ.

ھەر سەھەر خورازلارنىڭ كانىيىنى سوزۇپ چىڭقى-لىپ ـ چىڭقىلىپ چىللاشلىرىدىن كېيىن يېڭى بىر تاڭ

سۆزۈلگەندە ، لەڭگەر ئاۋۋال ئاستا ـ ئاستا ئاقىرىپ ، كې-يىن قىزارغان تاڭ بىلەن تەڭ كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولىدۇ.

لەڭگەر شۇنچە ئاددىي ، شۇنچە جىمجىت كۆرۈنىدۇ ، لېكىن توپا ـ تۇمان ئىچىدە قىمىرلىشىپ يۈرگەنلەرنىڭ چىرايىدا ، كۆزلىرىدە ئادەتتىكىچە بولمىغان بىر تۇيغۇ جىمىرلايدۇ ...

## 2

— كۈن قوزىچۇش بولدى ، سۆڭگەكچى چىقىپ كەتكەن قوتازدەك يېتىۋەرمەي قوپساڭچۇ ئورنۇڭدىن! — لەڭگەر ئۆستىڭىنىڭ ئۇيان قېتىدىكى جىگدە بوردىمال-لىق ئىچىدە مۆكچىيىپ تۇرغان ھويلىدىن زەيتۇنخاننىڭ زىل ، ئەمما تەئەددىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى . تاملىرى پاكار ھويلىدىكى مۇنداقلا قۇرۇپ قويغان چەللىنىڭ ئاستىدا گىژىلداپ تۇرغان بىزەك چىۋىنلاردىن ۋايساپ ، ئەسكى يوتقاننىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىپ تۈگۈلۈپ ياتقان تۇ-رامەت خوتۇنىنىڭ گېپى خۇش ياقمىغاندەك بوش قى-مىرلاپ قويدى . ئېرىنىڭ قىلىقىغا جۇدۇنى تۇتۇپ ، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغان چوكان يەنە خورەك ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

— خورەكنى راست تارتىۋاتامسەن ـ يالغانمۇ؟ مۇ-شۇنداق بەرسەڭ يەيمەن ، ئۇرساڭ ئۆلىمەن دەپ يېتىپ ئىچىمنى سىقىپ ، بۇ جېنىمنى تۈگەشتۇرۇۋېتىدىغان ئوخشايسەن! — چوكاننىڭ ئىككى قولى بېلىگە تىرەل-گەن ، قويۇق قاشلىرىنىڭ قۇيرۇقىدىن مەڭزىگىچە ئېقىپ چۈشكەن قارامتۇل يېشىل ئۇسمىسى تېخى يۇ-يۇلمىغانىدى، — ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن ، تۇرامەت! ساڭا گەپ ئۆتمىگەن بىلەن يۈز ـ كۆزۈڭگە قونۇۋالغان ئاۋۇ بىزەك چىۋىنلارمۇ ئاۋازىمدىن ئۈركۈپ تۇرۇۋاتىدۇ ، شۇ تاپتا...

يوتقان تۇيۇقسىز ئىرغىتىپ تاشلاندى . كالتە تامبال بىلەن يېرىم يالىڭاچ ياتقان تۇرامەت تېقىمىنى كۆكۈيۈن چاقىقاندەك چاچراپ ئورنىدىن قوپتى . سۈپىدىن يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ ، ئۆزىگە ئاچچىق ، غەزەپ ئارىلاش دومسىيىپ تۇرغان خوتۇنىنىڭ كۆزىگە كىرىشتى:

— ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويماي ، بېشىمغا كېلىپ نېمە ۋالاقلاۋېرىسەن؟ يەيدىغان نېسىۋەڭ...

— ھە ، ئۇخلا ، ئۇخلا ، ئۇخلاۋەر! — ئېرىنىڭ ئەلپازىدىن بىرئاز قورقۇمسىراپ كەينىگە داجىغان زەي-تۇنخان بوشاشقان ھالدا تەئەددى قىلدى، — ساڭا شۇ ئۇيقۇدىن ئوبدان نەرسە يوق ، جاھاندا!

— ئەمسە كۈندۈزىمۇ ئىشەك ئېتىپ مىنىپ يۈرەي دېگەنمىدىڭ ، خۇدا سەتى قانجۇقنىڭ قويۇۋالغان ئوس-مىسىنى كۆرەيمۇ ئەمدى... ئۇنچە قىلىپ ئۆزۈڭنى پەر-دازلاپ كەتمىسەڭمۇ ، مەن سېنى خوتۇن قىلىۋېرىمەن!

— ھوي ، گېپى سەت بىغەرەز گاچا! ئورنۇڭدىن قوپساڭ ئىشەك ئېتىپ بويىنۇڭغا مىنىۋالاي دېمىدىم . بۇ جاھاندا نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ ، بىز نېمە قىلىپ ئول-تۇرۇپتىمىز ، ئالدى ـ كەينىگە بىر قاراپ باقامدىكىن ، دېگەن.

— مېنى قانداق قىل دېمەكچىدىڭ، — تۇرامەت پەيلىدىن سەل بوشاپ ، كۆپكۆك كۆزلىرىدىكى چاپىقىنى ئۇۋۇلىدى . ئىككى ئىلىك كېلەي دەپ قالغان سىرىق پاخما چاچلىرىنى تاتىلاپ ، بېشىنىڭ قىچىقىنى باس-ماقچى بولدى، — قاق ئەتىگەندە قۇلىقىمنىڭ تۈۋىگە كېلىپ تولا ۋارقىرىدىڭ.

— تەڭتۇشلىرىڭ نېمە كويدا يۈرىدۇ ، ئى لەڭگەرگە چىقىپ ، قاراپ باقامدىكىن ، دېگەن...

— لەڭگەردە نېمە بوپتۇ؟

— لەڭگەردە بىرنېمە بولماپتۇ ، ھەممىسى قولىدىن كەلگىنىنى قىلىپ ، بازار قىزىتقىلى تۇرۇپتۇ.

— قىزىتسا قىزىتسۇن ، ئۆزىنىڭ ئىشى!

— توۋا خۇدايىم ، توۋا! نېمانداق تەپسە ـ تەۋرىمەس ، ئۆلسە غەم يېمەس بىر ئەرگە تېگىپ قالغان بولغىيدىم... ئەينەكنى قولۇڭغا ئېلىپ ، بېشىڭغا بىر قاراپ باققىنا ھەي بىغەم ، چىچىڭ ئۆسۈپ ، ئوغلاقباش بولۇپ كەتتىڭ ، شۇمۇ چاچ چۈشۈرتكىلى كېتىدىغان بىر ـ ئىككى كوي پۇلغا ئېشىنالمىغاننىڭ كاساپىتىغۇ!

— تولا كوتۇلدىماي ، يوتقانغا كىرە ، ماڭ! — تۇ-رامەت تۇيۇقسىز خوتۇنىغا ئېسىلدى، — سەندە چوقۇم بىر گەپ بار ، بولمىسا بۇنچە قىلىپ كېتەتتىڭمۇ! نې-سىۋەڭنى ئۇدۇل كەلگەن يەردە بەرسەم ، ئاندىن مېنى ئاقچى ـ كۆكچى دېمەيسەن!

— ۋاي ما ئىمانسىز گاچىنى ، ئەمدى ھۇرۇنلۇقتىن ئۆتۈپ ساراڭ بوپتىمۇ ، نېمە! — زەيتۇنخان تىپىرلاپ ـ تىرمىشىپ ئېرىنىڭ قۇچىقىدىن ئاران تەستە قۇتۇلۇپ چىقتى . ئالدى ـ كەينىگە قارىماي تالاغا يۈگۈردى.

— كورۇڭ توخۇدەك تۈكىنى تەتۈر ياندۇرۇپ قاچ-قىنىنى ما بىرنېمىنىڭ! نېمىدەپ قويغان ئەمسە ئۇ

ئۇسمىنى...؟ — يېرىم يالىڭاچ هالدا خوتۇنىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقالمىغان تۇرامەت خوتۇنىنىڭ يۈگۈرۈشىگە قاراپ هويلىدا يالغۇز قالدى.

تۇرامەت كەينىگە يېنىپ سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى . تۈگمىلىرى ئۈزۈلۈپ تۆگىگەن كۆڭلىكىنى ، قارا غىش گۈللۈك ئاق شاپاق دوپپىسىنى تېپىپ كىيىۋالدى . باش ـ كۆزىگە توختاۋسىز قونۇپ تىندۇرمىغان قاشاڭ چىۋىنلار بىلەن ئۇرۇشقاچ ، «بۇ خوتۇندا چوقۇم بىر گەپ بار ، بولمىسا نېمىشقا كۈندە بېشىمنى ئاغرىتىپ خاپا قىلىدۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

زەيتۇنخان ئېرىنىڭ كىيىمنى كىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، كەينىگە يېنىپ كىردى . ئېرى تالادىن تاتلىق جىلمىيىپ كىرگەن خوتۇنىنى كۆرۈپ سوئال نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى . «زادى نېمە دېمەكچىسەن؟» دېگەندەك سوئال يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆپكۆك ئۇسما ئاستىدا ئويناپ تۇرغان كۆزلەرگە ئاغدۇردى . زەيتۇنخان ئۇڭ مۈرىسىدىن سىيرىلىپ تۇرغان بىلەكتەك ئۆرۈمە چېچىنى كەينىگە تاشلاپ ، ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى . بىر هازادىن كېيىن پەس ئاۋازدا ئېغىز ئاچتى:

— ئۆي تۇتۇپ نەچچە يىلنى مۇشۇنداق غۇربەتچىلىكتە ئۆتكۈزۈۋەتتۇق . هازىرغىچە خۇدايىمنىڭ بەرگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن ، لېكىن قارىسام ، لەڭگەردە ياخشى كۈنلەرگە ئۇلاشقانلارمۇ يوق ئەمەس ئىكەن . روزى باخشىنىڭ ئوغلى تۇدەكمۇ لەڭگەردە ماڭقىسىنى تارتقىنىچە تىمىسقىلاپ يۈرۈيتتى ، مانا ئەمدى بىر ئوبدان باققاللىق دۇكىنى ئېچىۋاپتۇ . خوتۇنى دېگەن شىداقمۇ قولى ئانچە ـ مۇنچە پۇل كۆرگەنىنىڭ بۇ تەرىپىدە بوي تارتىپ قالغاندەك بولۇپ قاپتۇ . توختى تاتۇقىنىڭ تۈز ، چاي دۇكىنىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئاۋاتلىشىپ قاپتۇ . ئەتىگەندە مەسچىتنىڭ جامائىتى تارقاپ بولغۇچە دۇكىنىنى ئېچىپ ، ئىچى ـ تېشىنى سۈپۈرۈپ سۇ چېچىپ ، ماللىرىنى رەتلەپ تەييار قىلىدىكەن . ئۆيىگە يانغانلاردىن بىر ـ ئىككىسى بىرەر يېرىم بولاق چاي ، ياكى تۈز سېتىۋېلىپ ، ئەتىگەندە دەسلەپ قىلىشىدىكەن . يەنە...

— هە ، يەنە قانداق قىلىدىكەن؟ — تۇرامەت خوتۇنىنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىپ هۆركىرەپ قوپتى.

— هۆي ، بىر چىرايلىق گەپ قىلىۋاتسام ، نېمانداق چاقپېلىكى بۇزۇلغان تۈگمەندەك چەپ چۆرگىلەپ قوپىسىز؟ سىز ئۇڭمۇ ياكى تەتۈرمۇ؟ — زەيتۇنخان ئېرىنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قارىدى.

— مەن تەتۈر ، قانداق قىلاتتىڭ؟ — دېدى تۇرامەت خوتۇنىنى هېلىلا ئۇرۇپ قوپالماس قىلىۋېتىدىغان ئەلپازدا مۇشتۇمىنى تۈگۈپ ، — سېنىڭ خىيالىڭ مېنى ئۆيدىن نېرى قىلىشقۇ ، تايىنلىق!

زەيتۇنخان چايان چاققاندەك تولغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . لېكىن ، ئېرىنىڭ ئۇچىمىنىڭ چومىقىدەك تۈگۈلگەن مۇشتۇمىغا كۆزى چۈشۈپ ، لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى . رايىش ، يېقىملىق قوي كۆزلىرىدە مۆللىدە ياش ئەگىپ ، ئېرىنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرىگە قارىدى:

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ ، تۇرامىتاخۇن؟

— ماڭا هىيلە ئىشلىتىمەن دېمە ، خوتۇن! — تۇرامەت ياز كۈنلىرىدىمۇ سۇ كۆرمىگىلى نەچچە كۈن بولۇپ قارىداپ قالغان قولىنى خوتۇنىنىڭ كۆزىگە چېنىدى، — هېلىمۇ چىداپ كېلىۋاتىمەن ، ياز بولغانىنىڭ بۇ تەرىپىدە ئۆزۈڭنى پات ـ پات شامالغا سالىدىغان بولۇپ قالدىڭ . بىر كىم ساڭا قوي بېقىش ئالۇڭنى سالغاندەك ، ئۆزۈڭچە ئاناڭنىڭ ئۆيىدىن قوي ئەكېلىپ ، قوينىڭ قورسىقىنىڭ باهانىسىدە قوناقلىقمۇ قوناقلىق ئوت ئالغىلى چىقىدىغان بولۇۋالدىڭ . بۇنىڭغا گەپ قىلمىسام ، ئەمدى مېنى لەڭگەرگە چىقارتىۋېتىپ ، ئۆزۈڭ يالغۇز ئۆيدە نېمە ئىش قىلماقچىدىڭ ، ئېيتە قېنى؟! — تۇرامەتنىڭ كۆكۈچ كۆزلىرى غەزەپ ، ئاچچىقتىن ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتتى.

ئېرىنىڭ ئاغزىغا قاراپ كۆزلىرى چەكچىيىپ قالغان زەيتۇنخان كۆكتاتلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكلەپ قويغان قارانچۇقتەك قېتىپ تۇرۇپ كەتتى . هالال رىزق ـ نىكاھ قېتىلىپ ، چىن كۆڭلىدىن پېشىنى تۇتۇپ كەلگەن ، يۆلەنگەن بىر ئەركەكنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالغان ، تىلى كالۋالىشىپ ، لايىقىدا بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلالماي قالغانىدى.

— كالپۇكۇڭنى يەملەپ قويغاندەك زۇۋانىڭ چىقمايدىغۇ! چىڭ يېرىدىن چۈشۈپ قالدىمۇ يا؟ — زەيتۇنخانىنىڭ گەپ قىلالماي تۇرغان ئىپادىسىگە قاراپ ، خوتۇنۇمنىڭ ئاجىزلىق يېرىنى تۇتۇۋالدىم دەپ ئويلىغان تۇرامەت بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىشىۋالدى . خورلۇق ، ئەلەم دەستىدىن توختىماي ياش قۇيۇلۇۋاتقان ئۇسما يۇـ

قى كىرپىكلەر ئارىسىغا بىگىز بارمىقىنى تېخىمۇ قاتتىق نوقۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچۇرماقچى بولدى. لېكىن، زەيتۇنخاننىڭ كۆزلىرىدىن، ئاغزىدىن يىغىدىن باشقا نەرسە چىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

تۇرامەت يىغلاۋاتقان خوتۇنىنىڭ بېشىدا كۈن چۈش بولغۇچە دېۋەيلەپ تۇردى. خوتۇنىنىڭ قانائەتسىزلىكىدىن، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ ئېرىگە كۆز سېلىپ يۈرگەنلىكىدىن ئىختىيارسىز پەيدا بولغان گۇمانىي رەشىك ئوتىدا ئۆزىچە پۇچۇلاندى. پىغانى ئۆرلىدى. غەزەپكە كەلدى. شۇ تاپتا خوتۇنى مىشىلداپ يىغلىماي، ئازراقلا ئۆتكۈزۈپ قويىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ باش ـ كۆزىگە قارا ـ قويۇق ئۇرۇپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. خوتۇنىدىن باشقا سادا چىقمىغانلىقىنى كۆرگەن تۇرامەت ئىككى قولىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، ھورۇن قەدەملەر بىلەن لەڭگەرگە قاراپ يول ئالدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئەتىدىن ـ كەچكىچە ۋىتىلداپ زۇۋانى بېسىلمايدىغان، مەھەللىدە يورغىلاپ ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ ـ چىقىپ يۈرىدىغان، بىكار قالسىلا دەمدەك ئۇسما قويۇپ، قاش ـ كۆزىنى ئويىنىتىپ ئولتۇرىدىغان خوتۇنىنى مۇشۇنداق ئەدەپلەپ تۇرۇش، گېزى كەلسە قونجىلىرىنى ئامۇت ئالغان خورجۇندەك قىلىپ، پايخىنىنى چىقىپ ياتقۇزۇپ قويۇش بىر خوتۇننىڭ ئېرى بولغان ئەركەكنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى ئىدى. مۇشۇنداق بولغاندا، ئەر دېگەن ئەردەك، خوتۇن دېگەن خوتۇندەك بولاتتى. تۇرامەتنىڭمۇ مۇشۇ ئۆيىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئالدىدا ئەركەكتەك يۈزى بولاتتى.

يەنە تېخى بۇ خوتۇن ھازىرغىچە قورساق كۆتۈرمەي، لەڭگەرلىكلەرنىڭ ئالدىدا ئادەمنىڭ يۈزىنىمۇ قويمىدى... دەپ ئويلىدى كېتىۋاتقان تۇرامەت.

3

زەيتۇنخان ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتتى.

ئۈستىدىن شاخ ـ شۇمبىلار ساڭگىلاپ تۇرغان قىڭغىر چەللىنىڭ ئاستىدا يالغۇز يېتىپ ئۇخلاپ بولالماي ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ يېتىپ، گېزىلداپ تۇرغان چىۋىنلار بىلەن ئۇرۇشۇپ زېرىككەن تۇرامەت ھېچ ئىش خۇش ياقمىغاندەك ئەلپازدا ۋەيرانە ھويلىدىن چىقتى. سۆرىلىپ تۇرغان تاپىنى بىلەن يەرنى سىيپاپ، ئايىغىدىن توپا توزۇتقىنىچە كونىدە بازار جايى بولغان لەڭگەرگە كەلدى.

تۇرامەتنىڭ كۆزىگە لەڭگەر راستىنلا ئاۋاتلىشىپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئۆيدە خوتۇنىدىن زېرىككەن پاختەك نوچىلارنىڭ ھەممىسى لەڭگەردە يايمىچى بولۇۋالدىمۇ قانداق، يۇقىرىقى مەھەللىدىكى مەمەت پوقاق، ئىلگىرى مەكتەپ ئالدىدا ئۇششاق باللارنى گوللاپ تۇخۇمغا لەڭپۇڭ سېتىپ يۈرگەن پاتەمخان دەللال، يەنە باشقا كەنتلەردىن كەلگەنلەرمىكىن، ئىشقىلىپ، تونۇش ـ ناتونۇش بولۇپ بىرمۇنچە كىشىلەر بۇ يەرگە غالتەكلىرىنى تىزىپ ماكان تۇتۇۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش، كېلىپ ـ كېتىۋاتقانلارغا ئىككى موچەن ئۇچۇن كۈلۈپ قاراپ، لازىملىق نەرسىنى ئېلىپ بېرىپ، بەرگەن پۇلنى «ھەشقاللا» دەپ ئېلىپ، بىر ئوبدان تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرۈشەتتى.

«خوتۇن دېگەن شىتىلە ئوسمىچىنىڭ دېگەن گەپلىرىمۇ ئورۇنلۇقتەك قىلامدۇ، قانداق؟» بازارغا قاراپ ئۆزىنىڭ مۇشۇ چاغقا قەدەر ھېچبىر ئىشقا ھەۋەس قىلمىغانلىقىنى ئويلاپ قالغان تۇرامەت بىردىنلا ئۆز سودىسى بىلەن ئالدىراش يۈرگەنلەرگە ھەۋەس قىلىپ قالدى. «بىزنىڭ ئۆي لەڭگەرنىڭ پوكىنىدىلا، چىقىپ ـ كىرىشكە، بىرەر ئىشنى يۈرۈشتۈرۈشكە ناھايىتى ئوڭ كېلىدۇ. خوتۇنۇمنىڭ گېپىنى نېمىشقا ئوبدانراق ئويلىنىپ باقمىغاندىمەن؟ ئۇمۇ بەلكىم كۆڭلىگە بىرەر ئىش ـ ئوقەتنى پۈكمىگەن بولسا، ئۆزىچە ماڭا ئۇنداق ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ گېپىنى قىلماستى، بىر قانغۇچە يىغلىۋالماستى، لېكىن...»

— خوتۇن... ئاي، خوتۇن دېدىمما! — تۇرامەتنىڭ كۆڭلىدىن خوتۇن دېگەن تۈيغۇ كېچىش بىلەن ئاستا ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئىختىيارسىز زەيتۇنخان كېلىۋالغانىدى، — يات كۈۋۈكتىن ئېزىقىغان دەمدەردەك ئەجەب يامانلىۋالدىيا، ئۇ خوتۇن! مەنمۇ بىلىپ ـ بىلمەي، كۆڭلىگە تەگ كېلىدىغان گەپ قىلىپ قويدۇممۇ يا؟ بولمىسا قېيدىماق، يامانلىماق توغۇل خادىغا ياماشقان ھەشقىپىچەكتەك ئادەمگە چىرمىشىپلا يۈرىدىغان ئۇۋا تەگكۈر ئىدى، ئۇ...

تۇرامەت بىردىنلا ئۆزىنى غېرىبسىنىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. كۆز چاناقلىرىغا ھەقىقەتەن ياش پاتماي قالدى. ئۇنىڭ قورسىقىمۇ ئاچقان، ئىش ـ ئوقەتنىڭ ئىشىنى ئويلاپ، ئاتا ـ بوۋىسى ئېسىگە كېلىپ قالغانىدى. ھەرقانچە باغرى قاتتىق ئەر كىشىمۇ بۇنداق چاغدا بەرداشلىق بېرەلمەي قالاتتى.

— نېمانداق ئانىسىدىن ئايرىلىپ ئېزىقىپ قالغان كىچىك بالىدەك بازارنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا پوتلاڭلىنى ئېقىتىپ تۇرىسىلە ، تۇرامەت خالۋاپ؟

تۇرامەت بىرسىنىڭ تۇيۇقسىز دولىسىغا شاپىلاقلى-شىدىن چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلدى . ئۇستى - بېشىغا ھەرە كېپىكى توزۇندىلىرى يېپىشقان ئېگىز بوي ، ئۇستىخانلىق تۇرسۇن ئۇنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىگە قاراپ مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈپ تۇراتتى . ئۇ خېلىدىن بېرى لەڭگەردە شال تىلىش ھەرىسى ماڭدۇرۇپ ، بازىرى چىقىپ قالغان ھۈنەرۋەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان ، ھال - ئو-قىتىمۇ يامان ئەمەس ئىدى.

— شال تىلىدىغان ياغاچ بەك ئاۋۇپ كەتكەنىدى . بىر قولۇمنى ئىككى قىلالماي قالدىم . ئەتىگىنى - ئاخ-شىمى ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىۋالغاچ ، قارىشىپ بەرسەڭلا ، ئوبدان رازى قىلسام ، — دېدى تۇرسۇن گەپ - سۆزسىز تۇرغان تۇرامەتنىڭ كونىلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرغان ئۇستى - بېشىغا قاراپ.

— مەن ئۆتۈپ - تېشىپ سىلىگە مەدىكار ئىشلەمە-دىم؟! — ئىككى قولىنى يەنە ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سىلىۋالغان تۇرامەت تۇرسۇننىڭ قولىدىن ئۆزىنى قا-چۇرغاندەك ئۇنىڭدىن بىرئاز يىراقلاشتى، — بىزنىڭ ئا-تا - بوۋىمىز بارغۇ ، خورجۇن - خورجۇنلاپ پۇل تاپقان ، جاھان سورىغان ئادەملەر . خەقكە مەدىكار ئىشلەش ئە-مەس ، خەقنى ئىشلىتىپ ، ساۋاب تاپقان . چوڭلارنىڭ ئېيتىشچە ، سىلىنىڭ داداڭلىمۇ بىزنىڭ گە-


لەمچىلىك دەستگاھىدا مايمۇندەك ھەممە يې-رىنى قىزارتىپ ئولتۇرۇپ ، بوياقچىلىق قىلى-دىغان ئىمكارلارنىڭ بىرى ئىكەنمىشقۇ ، ھىم...! — تۇرامەت دىمىقىنى قىقىپ يەرگە بىرنى تۈكۈردى . ئۇدۇل كەلگەن يېرىدىن چا-تىغان دەرەخنىڭ پۇتىقىدەك بۇغدىيىكىنى چىقىرىپ ، كېرىلىپ ئاسمانغا قارىدى.

تۇرسۇن گەپ - سۆزسىز كېتىپ قالدى.

تۇرامەت قورسىقىنىڭ كوركىراپ كېتىۋات-قانلىقىنى ، ئۆرە تۇرغۇدەك ماجالى قالمىغانلى-قىنى ھېس قىلدى . ئۇ ئەتىگەندىن بېرى ئاغ-زىغا قورسىقىغا دال بولغۇدەك ھېچنەرسە سال-مىغانىدى . لەڭگەرنىڭ ئەتراپىدىكى كەڭرى كەتكەن ئېتىزلاردا ئوبدانلا باش تارتقان بۇغداي مايسىلىرى تېخى سارغايمىغان ، يازلىق ئورما -

خامان ئېلىشقا خېلى ۋاقىت بار ئىدى . «بوۋامنىڭ زا-مانىسىدا ئاجايىپ ئاۋات بولغان لەڭگەر بازىرى مۇشۇنداق كۆنلەردە قىزىيدىغان بولغىيمىدى؟ ياق ، بۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك قىزىيدىغان بولغىيدى ھەرقاچان ، چۈنكى ئۇجمە ئەمدى ئالا بۆرەك بولدى . غورىنىڭ ئاچچىقى تې-خى يانمىدى . مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا ، بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە كېچىكىپرەك قىزىسا كېرەك . ھازىرمۇ شۇنداق بىر جاھان بولسىغۇ ، ئەجەب بەلەن بولاتتى» . ئاغزىنى تاتلىق ئەتكىنچە سارغىيىپ - تۇگۇلۇپ ، ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ جىگدە بوردىمالىنىڭ يېنىغا كەلگەن تۇرامەتنىڭ بۇرنىغا مەززىلىك بىر پۇراق ئۇرۇلدى . ئۇ ياغدا قورۇلغان پىيازنىڭ پۇرىقى ئىدى . بۇ مۇشۇنداق توگۇلۇپ قالغان چاغدا پۇت - قولىغا ماغدۇر بولىدىغان قىزىقىنە بىر چىنە ئاشنىڭ پۇرىقى ئىدى . «چاشقان كىرسە يامانلاپ چىقىدىغان ئۆيدىن قانداقلارچە پىياز قورۇمىسىنىڭ ھىدى تارقىلىدىغاندۇ! يەنە كېلىپ قولى تاتلىق خوتۇنى زەيتۇنخاننىڭ قورۇغان پىيىزى... ياكى ‹ئاچىنىڭ كۆزى ئاشتا ، تازنىڭ كۆزى چاچتا› دەپ ، قورساق ئېچىپ تۇرغان پەيتتە ئاش - تاماقنى ئويلاپ قالغاندىكىن ، شۇنداق بىر تۇيغۇ مېنى ئالداۋاتامدۇ يا؟»

زەيتۇنخان راستىنلا چەللىنىڭ ئاستىدىكى ئوچاقتا قازان قايىنىتىپ ئولتۇراتتى . «ئۆزى كەتكەن يارىم ، ئۆزى كەلگەن يارىم»... تۇرامەت كۆزلىرىگە ئىشەنمەي ھويلى-نىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇردى . ياغ قۇيۇپ



يالىغاندەك پاك ـ پاكىز تازىلانغان هويلا ، سىۋەتكە تاشلانغان كۆك ئوتقا كىرىشىپ ، ئاچچىق ـ ئاچچىق مەرەشتىن زوۋانى بېسقىپ قالغان بولۇكدىكى ئانا ـ بالا قوي ، باغدا قورۇلغان پىيازنىڭ مەززىلىك پۇرىقى... هەممە ئىش ئۆزگىچە ئىدى . يەنە ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى جىگدە غازىكى رەڭگىدىكى سۈس ئۇزۇن گىرىپ كۆڭلەكنىڭ ئۈستىدە ئوينىپ تۇرغان ، خوتۇن... تۇرامەت خوتۇنىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، چەللىنىڭ ئاستىدىكى سۇپىغا ئاستا كېلىپ ئولتۇردى . «قىزىق خوتۇن ـ دە ، بۇ ، خۇددى ھېچنېمە بولمىغاندەك ، كېيۇالغان بادام گۈللۈك مارجان دوپپىسىنى دەيمۇ ، بەئەينى بوۋام زامانىسىدا يۇرت ـ يۇرتلاردىن لەڭگەر سەيلىسىگە كېلىپ يىگىتلەرنىڭ ئەقلىنى ئۆزى بىلەن بىللە بازار ئايلاندۇرىدىغان لەڭگەرنىڭ لىۋەنلىرىدەك ئولتۇرغىنىنى...»

تۇخۇم چېكىپ ئېتىلگەن ئېشىپ سىلىپ ئاش ئۇلۇشكۇندىن بېرى قۇرۇق نان غاجاپ شىدىنى قۇرۇپ قالاي دېگەن تۇرامەتنىڭ پۇت ـ قولىغا جان كىرگۈزدى . ئاش ئىچىلىپ بولغۇچە ، يېڭى تويى بولغان قىز ـ يىگىت بىر ـ بىرىدىن تارتىنىپ قالغاندەك ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشماي ئولتۇردى . داستىخان يىغىلىپ بولغاندا ، ئوبدانلا كەچ كىرىپ قالغان بولغاچقا ، ئىككىيلەن تەبەئىيلا يەنە بىر يەرگە كېلىپ قالدى.

— ئىشىك ـ دەرۋازىلارنى كوھقاپنىڭ ئاغزىدەك ئوچۇق قويۇپ ، هويلىنى تاشلاپ ئەشمىدە قوشلىغىنى... — يەنىلا زەيتۇنخان دومسايغان قىياپەتتە گەپ ئەشتى، — تاپىنى تۇشۇك...

— سەن بولمىغاندىكىن ، يولۇڭغا چىقىپ ، تاپىنىم تېشىلسە ـ تېشىلگەندۇ!

— مەن ئوچۇنما ، ئانامنىڭكىدە كۆزلىرىمنى ياشلاپ ياتسام ، كەينىمدىن بېرىپ باقمىغان ئادەمنىڭما؟

— قولۇم قۇرۇق ، بارالمىدىم!

— مەن بۇچاغقا قەدەر سەندىن پىتلىق ياغلىق تەمە قىلدىممۇ؟ — زەيتۇنخان كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئالدى، — سەن بارمىغاندىكىن ، دادام : «بېرىك ، جوگۇرۇڭ ، ئېرىڭىزنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇڭ ، قىزىم» دەپ ئىشەك هارۋىسىغا چىقىرىپ ئەكېلىپ قويۇپ كەتتى.

تۇرامەت شۇندىلا ئۆزىنىڭ ئوبدان ئىش قىلمىغانلىقىنى ، بارغانچە ئەقلى ـ هوشىنى يوقىتىپ مۇشۇنداق ئىشىك ـ دەرۋازىلارنى قۇلۇپلاشنىمۇ ئۇنتۇپ ، تالادا يۇرگەنلىكىنى ئويلاپ قالدى.

— مېڭىڭ ، لەڭگەرگە چىقىپ چاچ ـ ساقاللىرىڭىزنى چۈشۈرتۈپ كىرىڭ ، هەممە يېرىڭىزنى تۈك بېسىپ ئوغلاقباش بولۇپ كېتىپسىز، — زەيتۇنخان ئېرىنىڭ ساقال ئېڭىكىنى سىلاپ قويۇپ ، ئۇنىڭغا يىگىرمە يۈەن پۇلنى تەڭلىدى.

—نەدىن تاپقان پۇل ئۇ؟ — تۇرامەت پۇلغا قولىنى ئۇزاتماستىن ، يىرگىنچلىك بىرنەرسىدىن يىرگەنگەندەك كەينىگە داجىپ خوتۇنىنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى.

— بايا يولدا كەلگۇچە دادام بەردى . يەنە «تولا پۇل جېدىلى قىلىپ ئېرىڭىزنىڭ بېشىنى ئاغرىتماڭ ، كۆڭلەر ئاستا ـ ئاستا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ» دېگەندەك گەپلەر بىلەن بىرمۇنچە نەسىھەت قىلدى.

«خوتۇن كىشىنىڭ قولىغا قارىغانمۇ ئىشمۇ» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن تۇرامەت پۇلغا قاراپمۇ قويمىدى .

— هىم... ئالساڭچۇ، — خوتۇنى ئۇنى نازلىق تۇرتتى، — يەنە بىردەم ئۆتسە ، ساتىراشلارمۇ دۇكىنىنى يىغىپ كېتىشىدۇ بىكار.

خېلى ئۆزۈندا ساتىراشخانىدىن كىرگەن تۇرامەت ئون بەش ياش ياشىرىپ قالغاندەك تېتىك كۆرۈنۈپ قالغانىدى . ئۇنىڭ ئېڭەكلىرىنى قىرىن تازىلىغاندەك قىرىپ قىزارتىۋەتكەن ساتىراش تېخى ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ دەپ ئۇپا ، ئەتىر چېچىپ قويغانىدى.

— ۋىيەي ، يىگىت بولۇپ كەتكىنىنى... — دېدى ئېلېكتىر چىرىغىنىڭ يورۇقىدا پارچە ـ پۇرات كىر ـ قاتلارنى يۇيۇپ قولى بىكار بولغان خوتۇنى ئۇنىڭ باش ـ كۆزىگە قاراپ، — ئەينەككە سەپسېلىپ باقە مانا! — ئۇ يەنە گېپىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك ، ئېرىنىڭ ئالدىغا تەكچىدىكى قوش ئالقاندەك ئەينەكنى كۆتۈرۈپ كەلدى.

— ئوسما قويىدىغان ئۇ نېمەڭنى نېرى ئاپار، — دېدى تۇرامەت ئەينەككە قاراشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، — يىگىتلىكتە ساڭا يارىسام ماڭا شۇ ھېساب.

— ئەمىسە ، مېنىڭ دېگىنىمدەك يىگىت بولسەن ـ هە!

—ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ ، دېگىنىڭدەك بولمىسام ، ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي!

— راست!

— راست!

خوتۇنى بىلەن ۋەدە بېرىشكەندەك گەپ ئېيتىشىپ قالغان تۇرامەت بىردىنلا ئۇنىڭ كېيىنىك تىغ ئۇچىنىڭ نەگە ، نېمىگە قارىتىلغانلىقىنى چۈشىنىپ قالغاندەك بولدى . لېكىن ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن دېيىشەلمەيدىغان ھېچبىر تىل قىسىنچىلىقى يوق ئىدى . شۇڭا ، خوتۇنى بىلەن ئېرمىشىپ ـ چىرمىشىپ ئوينىشىپ كەتتى.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن كۈلكە ـ چاقچاق ئىچىدە ئويان ئېتىرىشىپ ، بۇيان ئېتىرىشىپ ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرىپ قالدى . ئۇلار ھە دەپ ئوينىشىپ ۋىلىقلىشىۋاتقاندا ، تورۇستا ئامۇتتەك ئېسىلىپ تۇرغان چىراغ بىر ئاقىرىپ ، بىر قىزىرىپ ، لاپىيدە ئۆچتى...

4

لەڭگەر مەسچىتى تەرەپتىن ئاڭلانغان سوزۇق ئەزان ئەل ـ يۇرتنى ئويغاتتى.

زەيتۇنخان ئېتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئەتىگەندە يەنە كېلىپ قالغان توكنىڭ يورۇقىدا قومۇش پاخلى بىلەن ئوچاققا ئوت ياقتى . قورسىقى يوغان ، قاپقارا ئېسىلىشاڭغۇ كونا مىس چۆگۈننى مورا ئىچىدىكى ئوچاققا ئاسما قىلدى.

ئىسسىق سۇدا غۇسلى تەرەت ئېلىپ ، يۇيۇنۇپ ، ئۈستىخانلىرى يەڭگىللەپ قالغان تۇرامەت خوتۇنى تەييارلاپ قويغان پاكىز كىيىملەرنى كىيىپ ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي ، گۈس ـ گۈس دەسسىگىنىچە تالاغا ماڭدى . بىردە ئېرىنىڭ تېتىك قەدەملىرىگە ، بىردە سۆزۈلۈۋاتقان تاڭغا قاراپ دىلى سۆيۈنگەن زەيتۇنخان ئەزەلدىن ئېرىشەلمىگەن بىر نەرسىگە ئېرىشكەندەك ، ئەمدى مەڭگۈ مۇشۇنداق بولىدىغاندەك ، بىر خىل ئېيتىخارلىق ئىلكىدە قۇچاقلانغاندەك تۇيغۇغا چۆمۈپ ، بوش شىۋىرلىدى:

— مۇشۇنداق قىلىپ دىلىغا پاكلىق ، دىيانەت ، ئىنتىلىش ، يېڭى روھ نېسىپ بولۇپ قالسا ، بۇقىدەك كۈچى زايە بولۇپ كەتمەيتتى...

زەيتۇنخان تۇرامەتنىڭ قولىغا قىز چۈشكەن ئەمەس . ئۇ مۇشتۇمدەك چېغىدا ئۆزىنىڭ ئىختىيارىغا مۇخالىپ ھالدا ، تولا خوتۇن يەڭگۈشلەپ ئۈچ نىكاھلىق بولغان بىر باي تۇغقىنىغا ياتلىق قىلىنىپ ، خوتۇن بىدىكى بەڭگىنىڭ قولىدا خورلاندى . ئاشۇنداق يۈرۈپ ئىككى يىلغىچە بوقۇلداپ يىغلاپ ، ئانىسىغا ھال ئېيتىپ ، چىرايى زەپىرەك بولغاندا ، ئۈچىنچى يىلى ئاران دېگەندە ئۇ بەڭگىدىن قۇتۇلدى . ئۇنىڭسىزمۇ تۇرمۇشقا قارىتا ھېچقانداق ۋاپاسى يوق ، ئۆزىنىڭ بىر كۆڭلۈكى ئۈچۈن قانداق قىلىش ياخشى بولسا ، شۇنداق قىلىشقا كۆنۈكۈپ كەتكەن ئۇ ئادەم بۇزۇلۇپ ، بۇرۇنقى خوتۇنىنى تېپىۋالغانىدى . خۇددى شۇنىڭدەك ، تۇرامەتمۇ زەيتۇنخان بىلەن تويلىشىشتىن ئىلگىرى بىر خوتۇنى «پادىغا قوشۇپ» بولغان . يېڭى ئەر ـ خوتۇن بولۇشقان بۇ ئىككىيلەن تولۇن ئاي چەللە ئاراچلىرىدىكى تۆشۈكلەردىن ماراپ تۇرغان بىر ئاخشىمى قىلىشقىلى گەپ تاپالمىغاندەك ئاشۇ كونا خانىلىرىنى سورۇشۇپ قالغاندا ، تۇرامەتنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە ، ئۇنىڭ تۇنجى خوتۇنىنىڭ بۇ جىگدە بوردىمال ئىچىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆي ـ ئاپتاپنى توسۇشتىن باشقا ھېچنېمىگە دال بولمايدىغان ئەسكى چەللىگە زادىلا كۆڭلى چۈشمەپتىمىش . بۇ ئاز كەلگەندەك ، تۇرامەتنىڭ ھورۇنلۇقى ، پۇل دېگەن نەرسىنى زادىلا چوڭ بىلمەسلىكى جېنىغا پاتقانمىش.

— بۇنداق ئەر بىلەن ھەرگىز ئۆي تۇتالمىغۇدەكمەن! — دېگەنمىش ئۇنىڭ تۇنجى خوتۇنى ئاجرىشىش سەۋەبىنى قىلغاندا، — بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا توغرىدىن ـ توغرىلا، — بەرەمكى يوق سىنت ـ يارماق ، ئۆرۈشى تاك ئاتقۇچە؛ قوڭىدا يىرتىق ئىشتان ، كۈلكىسى بەگ ـ بايۋەچچىچە .

قاراپ تۇرغانلار كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

— بەك گەپدان ئىكەنسىز ، سىز؟! — دەپتۇ كاتىپ ئۇنىڭ خوتۇنىغا قاراپ كۆزەينىكىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، — خوتۇنى ئالغان ئادەم ئۇنى ئۆيىنىڭ بۇلۇڭدىكى يوتقان ـ كۆرپە ، يۈك ـ تاقىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ يەلپۈپ قويمايدۇ ، ئاشۇنداق ئىش بار ، شۇ... نېمە دېگىنىڭىز ئۇ ئەمدى؟

— بىرەر ھۈنەر ـ كەسپنىڭ بېشىنى تۇتمايدۇ ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئىككى قولىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ يورغىلاپ يۈرۈشتىن ، بۇرۇن بەگ ـ بايۋەچچە بولۇپ ئۆتكەن ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ گېپىنى قىلىشتىن ، ئاغزىنى تامشىتىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ.

كاتىپ «راستمۇ؟» دېگەندەك ، تۇرامەتنىڭ كۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراپتۇ ، تۇرامەت:

— راست! — دەپتۇ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ.

— راست! دەپ مېنىڭ ئالدىمدا مەيدەڭگە مۇشتلىغۇچە ، ئاز ـ تولا مىدىرلاپ پۇل تېپىپ خوتۇنۇڭنىڭ ئالدىدا مۇشتلىساڭ بولمامدۇ شۇ تۆكلۈك مەيدەڭگە! — دەپ قاتتىق ئاچچىقلىنىپتۇ كاتىپ ۋە ئۇنىڭ قولىدىن

ئوتقاشتەك چىرايلىق توي خىتىنى تارتىۋىلىپ ، توخۇنىڭ پوقى رەڭگىدىكى يا قارا ئەمەس ، يا يېشىل ئەمەس بىر رەڭدىكى ئاجرىشىش گۇۋاھلىقنامىسىگە قول قويدۇرۇپ تامغا بېسىپ ، ئالدىغا تاشلاپ بېرىپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن تۇرامەتمۇ خۇددى زەيتۇنخانغا ئوخشاش ئىككىنچى توي قىلماسلىقنى ئويلاپ قاپتۇ . ئەمما ، ئۇزاق ئۆتمەي ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى زەيتۇنخاننى سايە قىلىپ ، قانداقراق ئىكەن دەپ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەندە ، ھەرگىز خوتۇن ئالماسمەن دەپ يۈرگەن بايقۇشنىڭ قويۇق ئوسما قويغان ئەگمە قاشلارغا مەيلى تارتىپ قاپتۇ . كېچىلىرى ئويان ئۆرۈلۈپ ، بۇيان ئۆرۈلۈپ ، ئۇخلىيالماي تاڭ ئاتقۇزۇۋېتىدىغان بوپتۇ... قازان قاينىتىپ ئولتۇرغان زەيتۇنخان خىيال ئىلكىدە ئولتۇرۇپ ، ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى:

— خوتۇنسىزلىقتا ئۆلەي دەپ قالغان بۇقا...

زەيتۇنخان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ زورى بىلەن تۇرامەتكە تەگكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ھەقىقەتەن كەمبەغەللىكنى كۆردى . بۇ ئۆيدە شۇ بىر جان تۇرامەتكە توغرا كەلگەن ئۈچ مو يەردىن باشقا مە... مە... دېگۈدەك يېتىم قوزا ، تاخ ـ تاخ دېگۈدەك چىچقاق توخۇ ، پەش ـ پەش دېگۈدەك مىياۋ مۈشۈك يوق ئىدى.

يېڭى توي قىلىپ بىرەر ئايغىچە ئۆيدىن چىقماي ياتقان تۇرامەت يەنە بۇرۇنقىدەك لەڭگەرگە ئۆگىنىپ قالدى . يىگىرمىدىن ئاشار ـ ئاشماي ئىككى نىكاھلىق جۇۋان دېگەن ئاتاققا ئىگە بولغان زەيتۇنخان بولسا ئەمدى مۇشۇ ئۆينى ئۆي قىلىپ ، ئىشىنى ئاش ، بېشىنى تاش قىلىپ ، ئايىغىنى ئىسسىتىشنى ئويلايتتى . شۇڭا ، تۇرامەت ھەرقانچە ھۇرۇنلۇق قىلسىمۇ ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۆينى زەيتۇنخانغا تاشلاپ بېرىپ ، تالادا ئەشمىدە قۇشلاپ ، كوچا چىڭداپ يۈرسىمۇ ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنىدەك ئۆينى بېشىغا كىيىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ يۈرمەستىن ، ياخشى خۇلق ، چىرايلىق گەپ بىلەن ئېرىنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگەرتىۋېلىشنى ئويلايتتى . ئەمەلىيەتتىمۇ تۇرامەت ئىش ـ ئەمگەكتە بولمىسىمۇ ، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن بىلەن ، تۇرمۇشتا زەيتۇنخانغا بۇرۇنقى ئېرىدەك زۇلۇم سالغىنى يوق . ھەر كۈنى ئاخشىمى توك ئۆچۈپ قالغاندا ، يورۇقلۇق بىلەن تەڭ غايىب بولغان يوقسۇزلۇق ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

زەيتۇنخان تۇرامەت بىلەن توي قىلىشقاندىن بېرى مۇشۇنداق تۇرمۇش ئىچىدە يىللارنى قاتلاپ ئۆلگۈردى . ئۈچ مو يەرنىڭ يىغىم ـ تېرىم ، پەرۋىش ئىشلىرىنى بىر ئۆزى ئۆگىنىپ قىلىپ كەلدى . ئۇ يەنە ئۆزى بۇ ئۆيگە نوپۇس بولۇپ قوشۇلغاندىن كېيىن ، يەنە بىر نوپۇسلۇق يەر ئېلىپ جىقراق يەرگە ئىگە بولۇشنى ئويلايتتى . لېكىن ، كەنتتە يەر قىس بولغانلىقتىن ، بۇ ئىش ئاسانلىقچە ھەل بولىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، ئەتىيازدىن بېرى دادىسى ئۆز قولى بىلەن بېشىنى باغلاپ بەرگەن قوزىلىق قوي ، ئانىسى سېۋەتكە سولاپ بەرگەن بىر جۈپ چۆجىنى ئەكېلىپ بېقىپ ، ھويلىنى ئاۋات قىلىپ ئولتۇردى.

قىڭغىيىپ تۇرغان قوشام دەرۋازىنىڭ غىچىلداپ ئېچىلىشى زەيتۇنخاننىڭ خىيالىنى بۆلدى . ئۇ قازانغا يوبدان سىققاچ قىيا قايرىلىپ ، شەپە چىققان تەرەپكە قارىدى . پاكىز سۈپۈرۈلۈپ سۇ چېچىلغان ھويلىغا تۇرامەت كىرىپ كېلىۋاتاتتى . بۈگۈن كۈن قاياقتىن چىقتىكىن ، ئۇنىڭ چوڭ ، كۆكۈچ كۆزلىرى ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرىدا چاقناپ كەتكەن ، ئۆزى روھلۇق ئىدى . ئۇ كۈندىكىدەك قوزىچۇش بولغۇچە يوتقاننى بېشىغا پۈركەپ ياتىدىغان تۇرامەتكە ھەقىقەتەن ئوخشىماي قالغانىدى.

زەيتۇنخان داستىخانغا ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئاشنى ئەكەلدى . ئاندىن ئاخشام قىزىق ئوچاققا كۆمۈۋالغان ناننى لېگەن بىلەنلا ئاچىقىپ ئۇشتۇپ قويدى . ئۆزىمۇ تۇرامەتنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۈن ـ تىنىسىزلا قولىغا ئاش ئالدى.

— ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ كەلدىم، — دېدى تۇرامەت ئۆزىنىڭ نەگە بېرىپ كەلگەنلىكىدىن خوتۇنىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويماقچى بولغاندەك.

— ئۆزۈڭچىلىما؟ بۈگۈن ئەجەب...

— تاڭ ئاتارغا يېقىن بوۋام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ ، شۇڭا ئەتىگەندە ئەل ـ جامائەتنىڭ قاتارىدىلا...

ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئېغىر سۈكۈتكە چۆكتى.

زەيتۇنخان داستىخان ، قازان ـ قومۇشلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ، ئىختىيارسىز گاراخ ھالەتتە ئولتۇرۇپ قالغان ئېرىگە ئېغىز ئاچتى:

— قارىغاندا ، بوۋىمىزنىڭ روھى بىزنى يۆلەۋاتقان ئوخشايدۇ . بىز بالدۇرراق ھەرىكەتكە كېلىپ ، ئېپىدىرەك بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتايلى.

بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرغان تۇرامەت خوتۇنىغا قارىدى . ئەمەلىيەتتىمۇ تۈنۈگۈن تۇرسۇننىڭ «ماڭا ئىش لىشىپ بەر ، كۈنلۈكۈڭنى بېرىمەن» دېگەن گەپلىرى ئۇنىڭ نېرۋىسىغا تېگىپ كەتكەن ، زادى نېمە ئىش قىلىدىغان ئىش بولسا ، بىر ئىش قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ قالغانىدى . لېكىن ، نېمە ئىش قىلىش

كېرەكلىكى ، قايسى ئىشتىن پايدا ئالغىلى بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئېنىق ئەمەس . شۇڭا ، خوتۇنىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ ياندۇرۇپ سورىدى:

ــ نېمە ئىش قىلىمىز ، ئەمىسە؟

ــ ئالدى بىلەن لەڭگەرگە چىقىپ قاراپ باقايلى ، بازاردا نېمە ئىش كەم بولسا ، شۇنىڭغا بېقىپ بىر ئىش قىلارمىز.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن بوسوغىدىن ئۇلۇغ پۇتىنى ئېلىپ ئىشىكتىن چىقتى . دىلى سۇزۇك ، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى.

## 5

تۇرامەتنىڭ ئارغامچا ـ توقۇناق ، جۇمبۇ ـ جاۋەن ، هارۋا سايمانلىرى دېگەندەك دېهقانچىلىق لازىمەتلىكلىرى دۇكىنى تىجارەت باشلىغاندىن كېيىن ، يامان ئەمەس ئېقىشقا كىرىپ قالدى . دۇكانمۇ خۇددى ئالاهىدە پىلانلاپ ئىش كۆرگەندەك ، يازلىق ئورما تەييارلىقىغا ئۇلگۈرتۈپ ئېچىلغان بولغاچقا ، ئەتراپتىكى دېهقانلارنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىپ قالغانىدى . ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ دەسلەپتە قاپاقتېرەكنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرغان كىگىز ئورنىدەك يەرگە يالتىراقنى سېلىپ ئاچقان بۇ يايمىسى ئەنە شۇنداق كۆز قورقۇتۇشلار ، ئارىسالدىچىلىقلار ئىچىدە خېرىدارلارنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى.

ــ هازىر جاهاندا ئالغۇچىدىن ساتقۇچى تولا،ــ دېدى ئۇلارنىڭ تىجارەت قىلماقچى بولۇپ ئۇنى ـ بۇنى ئۇقۇشۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنلەر كۆز قورقۇتۇپ.

ــ شۇ ئەمەسمۇ ، بالدۇرراق بىر ئىش قىلغان بولسا قاملىشىپ قالامتىكىن ، هازىر بەك كېچىكتى.

ــ ئەمدى بىر ئىش قىلىپ پايدا ئالالامدۇ ، تۇرامەتنىڭ بولۇمسىزلىقى...

بازاردا گەپ جىق ئىدى . ئۇ بىرنېمە دەيتتى ، بۇ بىرنېمە دەيتتى . لېكىن ، زەيتۇنخان خەقنىڭ گېپىگە كىرىپ بەل قويۇۋېتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى.

زەيتۇنخان پۇۋلىگەندەك سەمرىتىپ بېقىۋاتقان قوزىلىق قويىنى سېتىپ ، بىرنەچچە يۈز يۈەن پۇلنى شەهەردىكى توپ مالچىلارنىڭ دۇكىنىدا پارچىلاپ خەجلەپ بولغۇچە هېچنېمە خىيالغا كىرىپ چىقمىدى . تەمكىن بولدى . تېخى يايما ئاچقان بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە خېلى سودا بولۇۋاتقانلىقىغا قاراپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپلا قالدى . خېرىدارلارنىڭ سورىغانلىرىغا قاراپ ئېهتىياجلىق بولۇۋاتقان لازىمەتلىكلەرنىڭ تۈرلىرىنى بىلىۋالدى . هودۇقۇپ ئولتۇرۇپ ، بەزى ماللارنى زىيىنىغا ، بەزى ماللارنى پايدىسىغا سېتىپ ، بارا ـ بارا موللا بولدى.

ــ بازارغىمۇ چىقىپتىمىز ، لېكىن نېمە ئىش قىلارمىز؟ ــ دېگەنىدى زەيتۇنخان هېلىقى ئەتىگىنى لەڭگەردىكى تۆت يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئېرىنىڭ كۆزىگە قاراپ.

ــ ئاتا ـ بوۋىمىز خالۋاپ بولغاندىكىن ، شۇنداقراق بىر ئىش قىلالايلىمىكىن يا... ــ دېگەن تۇرامەتمۇ ئارىسالدى بولۇپ.

ــ كاناي ياغلىغىلى ياغ يوق ، سۇناي ياغلىغىلى ياغ نەدە دەپ ، ئۇ ئىشنىڭ دەسمايىسى ئېغىر تۇرسا، ــ دېدى زەيتۇنخان ئۆزىچە خۇرسىنىپ، ــ يەنە كېلىپ بىزگە ئوخشاش تېخى قورساقنىڭ غېمىدىن چىقىپ بولالمىغان بۇ ئادەملەردە گىلەم ئالغىلى پۇل نەدە دەڭا!

ــ خالۋاپلار گىلەملا ئەمەس ، خۇرجۇن ـ تاغار توقۇيدۇ ، قۇر ـ ئارغامچا ئېشىدۇ.

ــ ئەجەب ئوبدان دېدىڭىز ، مۇشۇ كەمدە ئارغامچا ، تاغار دېگەن نەرسىلەرمۇ قىس بولۇپ كەتتى.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن جىق تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن ، ئۆيىگە تاغار ، ئارغامچا توقۇيدىغان دۇكان قۇرۇپ ، تۇرامەتنىڭ ئاتا كەسپى ئارقىلىق ياخشىراق كۈن كۆچۈرمەكچى بولدى . هالبۇكى ، شۇ ئىش ئۈچۈن پالاقلاپ يۈرگەن كۈنلەردە ، بۇ ئىشقا خام ئەشيا قىلغۇدەك پاختىنىڭ يوقلۇقىنى ، پاختىنى شىركەت ، زاۋۇتلار هەر يىلى پاك ـ پاكىز سېتىۋېلىپ يىغىشتۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن ئەر ـ خوتۇننىڭ پىلانى تەييار ئارغامچا ، توقۇناق دۇكىنىغا ئاساس بولۇپ قالدى . شۇنداق قىلىپ تۇرامەت بىر هېسابتا يەنىلا ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغان بولدى.

قاپاقتېرەكنىڭ سايىسىدا يايما ئېچىلغان كۈندىن باشلاپ تۇرامەت بۆلەكچىلا بىر ئادەمگە ئايلاندى . ئۇ هەر كۈنى ئولۇغ چۈش كۆرگەن ئاشۇ خاسىيەتلىك ئەتىگەندىكىدەك تاڭ سۈزۈلۈشتىن ئاۋۋال ئورنىدىن تۇراتتى . كۈن قىزىل بولغۇچە لەڭگەرگە چىقىپ بىرمۇنچە يەرنى سۈپۈرۈپ سۇ چېچىپ ، يايمىغا مال تىزىپ بولاتتى . ئالدىراپ كەلگەن خېرىدارلارغا ئانچە ـ مۇنچە سودا قىلىپ بولغۇچە ، خوتۇنى زەيتۇنخان هورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قىزىق ئاشنى كۆتۈرگىنىچە كەينىدىن يېتىپ چىقاتتى . ئۇلارنىڭ تىجارىتى مۇشۇنداق باشلاندى.

لەڭگەردىكى بىكارچىلار تۇرامەتكە بولغان هەيرانلىقىنى يوشۇرالماي قالدى . بۇ تۇرامەت ئىلگىرىكى تۇرامەتكە ئوخشىماي قالغانىدى . ئۇ چاغدىكى تۇرامەت «باي

دادام شۇنچە باي تۇرۇپ ، كەمبەغەللىكنى سېتىۋالالماي ئارمانسىز كەتكەن ، شۇنداق بىر كۈنلەردە سەن پۇل تاپقانلارنىڭمۇ چىچار يېرىلىك سامانلىق بولىدۇ» دەپ كۈلۈپ ، پۇل تاپقانلارنى كەم سۇندۇراتتى . مانا ئەمدى ئۇ پۇل تېپىش كويىغا بېشىچىلاپ كىرىپ كەتتى . بىكار تۇرۇش دېگەننى ئەسلا بىلمەيتتى . تاپقان - تەرگىنىنى بۇزۇپ - چېچىش دېگەن خىيال يوق ، دۇكىنىنى ئاۋات قىلىش ، بىرنى ئىككى قىلىشنىڭلا كويىدا يۈرەتتى.

بۈگۈن تۇرامەت قاپاقتېرەكنىڭ تۈۋىگە پارچە - پۇرات ياغاچ - تاش ، شال - تاختايلاردىن بوتكا ياساشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراش يۈرەتتى . ئۇنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە لەڭگەر ئۆستەڭ بويىدىكى سۆگەتنىڭ سايىسىدا سالقىنداپ ، قۇرۇق گەپ سېتىپ ئولتۇرۇشقان بىكارچىلارنىڭ گېپىگە قوشۇق سېلىشىپ بەرگىلى چولىسى يوق ئىدى.

— تۇرەك دېگەن كۆك كۆزگە قاراڭلار، — دېدى بىكارچىلارنىڭ گەپ ئاغزى بولغان روزى ئەتراپىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى تۇرامەتكە بۇراپ، — ئىشلەپ بولالماي ، تاس - ماس قاپتۇ ئۆلگىچە ئىشتان - كۆڭلەكنى سېلىپ تاشلىغىلى، — روزى ئىچى قوتۇر ، خۇيى ئەسكى بولغاننى ئاز دەپ ، تۇرامەتنىڭ زەيتۇنخانىدەك خوتۇنغا ئۆيلىنىۋالغانلىقىغا ئىچى سەل قىزىيتتى.

قىلغىلى گەپ تاپالماي ، ئىچ پۇشۇقىدا ئولتۇرغانلار بوينىنى چېپار ئۆردەكنىڭ بويىنىدەك سوزۇپ ، دوپپىسىنى تېرەكنىڭ پۇتىقىغا ئىلىپ قويۇپ ، كۆك ئاسمايكا بىلەن يەڭگىل ئولتۇرۇپ شال مىخلاۋاتقان تۇرامەتكە قارىدى . ئۇ شۇ تۇرقىدا ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۆز ئىشىغا بېرىلگەنىدى . ئىككى تال ئۇزۇن ئۆرۈمە چېچى كاسىسىدا ئويناپ تۇرغان خوتۇنى يايمىدا ئۇنى - بۇنى ساتقاچ ، تۇرامەتنىڭ ئېغىرىنى يېنىك قىلىپ ، قولمۇ قول ھە - ھۇ دېيىشىپ بېرىۋاتاتتى.

— ئۇۋۇلىق قويغىلى تەييار بولغان پاختەك ، باش - كۆزى يوق ئۇۋا ياساۋاتقاندەك - ھە... — دېدى روزى يەنە تۇرامەتنىڭ يېغىرىغا تېگىپ.

— خوتۇنىنىڭ ئالدىدا پاختەككە ئوخشاپتۇ ، زادى!

— دېمىسىمۇ شۇغۇ ، بۇ پاختەكنى خوتۇنى ئالدىغا سالغان بولغاچقا ، شۇڭا پۇت - قولى يەرگە تەگمەي پالاقلاپ يۈرىدۇ.

— مەنمۇ شۇنداق دەپ ئاڭلىۋىدىم ، تۇرامەت ئۆيىدە ئارام ئېلىپ ياتسا ، خوتۇنى بېشىغا كېلىپ دۈنامە ئوقۇپ ئارام تاپقۇزماسمىش ، بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇت دەپ ۋالاقشىپ ئۆيىدىن قوغلارمىش.

— خوتۇنى ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئەكەلگەن قوزىلىق قوي ، توخۇلىرىنى سېتىپ مۇشۇ ئىشنى قولاشتۇرۇپتىمىش.

— ۋۇي ، ئانداق بولسا زەيتۇنخان دېگەن ئۇ كۆك ئۇسما بولىدىغان خوتۇنمۇ نېمە ، ئاغىنىلەر؟ — دېدى روزى ئۆچكىدەك مەرەپ.

— خوتۇن كىشى دېگەن بولۇپ - بولماي قانچىلىك نېمىدى! نېمە دېگىنىڭ ئۇ؟

— بىزنىڭ خوتۇن خەقلەردىن تېخى ئۇنچىلىك ئىنجا كېلىدىغانلىرى يوق جۇما! تېپىپ بەرسەڭ بەپ بېرىدۇ ، ئۇرۇپ سالساڭ ئۆلۈپ بېرىدۇ!

— بۇ گەپقۇ راست.

— قويە ، ئۇنداق گەپنى ، تۇرامەتنىڭ ئۇ خوتۇنى ھازىر ئۇنداق قىلىپ يۈرگەن بىلەن ، كېيىن ھامان ئۇنىڭغا نان بەرمەيدۇ.

— توغرا دېدىڭ ، خوتۇن كىشىنىڭ مەللىسى ئىشىك بېشىدىكى ئەسكى چورۇق دېگەن گەپ بار . ھازىر ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىل سىغمىغان بىلەن ، كېيىن ئالمادىس ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە كەينى بولۇپ قالسۇن قېنى ، ئۇ چاغدا تۇرامىتاخۇننىڭ پېشانىسىگە دوققىدە تېگىدۇ!

— ئۇنداق خوتۇن كىشىنىڭ قولىغا قالغان ئەر-



كەكنى ئەركەك دېمىسىمۇ بولىدۇ.

— شۇڭا پاختەك دەپ قويدۇققۇ ، ئاپا!

— ھا ـ ھا ـ ھا... — ئۈستەڭ بويىدىن چىققان ئالتاغىل كۆلكە پۈتۈن بازارغا ئاڭلاندى . تۇرامەت ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بۇ گەپلەرنى ، مەسخىرە كۈلكىسىنى ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا سالدىمۇ قانداق ، كارى يوق ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى.

## 6

كىشىلەر ئېيتقاندەك ، كۈننىڭ بەرىكىتى قالمىغانمىكىن. قانداق ، پەسىللەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئالمىشىپ ، ئۈچ يىل تۇرامەت .ئەر ـ خوتۇنلارغا ئۈچ كۈنچىلىكمۇ بىلىنمىدى . لېكىن ، لەڭگەردىكى ئۆزگىرىشلەرگە كۆز سالغان كىشى ھەقىقەتەن بىر ـ بىرىنى قوغلاشقاندەك ئۆتۈۋاتقان كۈنلەر ، ئايلار ، يىللارنىڭ تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتانلىقىنى ، ۋاقىتنىڭ لەڭگەرگە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىدۇ.

بۇ كۈنلەردە لەڭگەردىكى توپا توزۇپ تۇرىدىغان كېسىنشمە يولغا شېغىل تۆكۈلۈپ تەكشىلەنگەن ، يول بويىدىكى رەتسىز بوتكا ، دۇكان ، ياپىلار يولنىڭ سىرتىغا چىقىرىلىپ ، لەڭگەر باشقۇرۇش رايونى مەبلەغ چىقىرىپ سالغان دۇكانلارغا كۆچۈرۈلگەن . تىجارەت قىلىدىغانلار يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىپ ، ئاشپەزلەر ، قاسساپلار ، ئۇن ـ سىن بۇيۇملىرى دۇكىنى دېگەندەكلەر پەيدا بولدى . ئىشقىلىپ ، مۇشۇ كەمدە لەڭگەردە توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نېمە تېپىلىدىغان بولۇپ كەتكەندى.

موتىسكلىتنى گۇركىرەتكىنىچە شەھەر تەرەپتىن شامالدەك ئۇچۇپ چىققان تۇرامەت ئۈستەڭ بويىدىكى تارچۇق بىلەن دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كەلدى . موتىسكلىتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، دۇكاندىن چاققان قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەلگەن زەيتۇنخان ئېرىنىڭ قولىدىكى رەڭلىك كۆزەينەكنى ئېلىپ ، دۇكان ئىچىدىكى ئەينەكلىك پەشتاختا ئۈستىگە ئاۋايلاپقىنە قويدى . ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ھەش ـ پەش دېگۈچە موتىسكلىتنىڭ كەينىدىكى قەغەز ساندۇق ئىچىگە لىپمۇلىق قاچىلانغان چوكا مۇز ، تەييار ماروژنىلارنى بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ ، دۇكان ئىشىكىگە تاقاپ قويۇلغان توڭلاتقۇغا سالدى . مانا قاپاقتېرەك تۈۋىدىكى ھېلىقى كىچىك بوتكا ئۈستەڭ بويىدىكى مۇشۇ يېڭى سېلىنغان چوڭ ، ئازادە دۇكانغا ئالماشقان ، دۇكان ئىچىدىكى يېپ ـ يېڭىنە ، تۇرمۇش

لازىمەتلىكلىرى ، ئارغامچا ـ توقۇناق ، تاغار ، تۆمۈر ـ تەسەكلەردىن تارتىپ ئات ھارۋىسىنىڭ چاقى ، ساپان ، يېزا ئىگىلىك ماشىنا زاپچاسلىرىغىچە بار ئىدى . سىرتقا توڭلاتقۇ ، ئاممىۋى تېلېفون قويغان ، ئىشقىلىپ ، ئۇلار مۇشۇ ئۈچ ـ تۆت يىلدا خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان ، ئىقتىسادى يېتىشمىگەن تەرەپلەرگە يېزىلىق ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىدىن ئانچە ـ مۇنچە قەرز ئېلىپ دۇكىنىنى مۇشۇنداق ئاۋات قىلغانىدى.

شەھەردىن يېڭى ئاچىققان ماللىرىنى رەتلەپ بولۇپ ، توڭلاتقۇغا چېتىلغان توك مەنبەسىنى بىر قۇر تەكشۈرۈۋەتكەن تۇرامەت موتىسكلىتنى چەتكە تارتىۋېتىپ ، بىرئاز ھارغىن كەيپىياتتا قىزىل لەمپە ئاستىدىكى ياغاچ ئورۇندۇققا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشىغا ، ناتونۇش بىرەيلەن دۇكان ئالدىدا پەيدا بولدى . مال تىزىلغان پەشتاختىلارغا بويۇنداپ قاراپ ، زەيتۇنخاندىن سورىدى:

— ھاراق بارمۇ؟

— يوق! — زەيتۇنخان ئېغىز ئاچقۇچە تۇرامەت جاۋاب بەردى .

— تاماكىچۇ؟

— ئۇمۇ يوق! خەلققە زىيان قىلىدىغان ئۇنداق نەرسىلەرنى ساتىدىغان دۇكان ئەمەس ، بۇ!

ناتونۇش كىشى قاتار كەتكەن دۇكانلارغا بىر ـ بىرلەپ قاراپ كېتىپ قالدى . ناتونۇش خېرىدارنىڭ قارىسى يىتكۈچە ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرغان تۇرامەت كۆڭۈلسىز بىر تۇيغۇغا چۆمدى.

كۈزلۈك يىغىم ئاخىرلىشىپ ، كىشىلەر ساتقۇلۇقلىرىنى سېتىپ ، قۇرۇق قوللار ئاز ـ تولا پۇل كۆرگەن كۈنلەردە ، يازدا تۇرامەتتىن ھاراق ، تاماكا سوراپ يۈرگەن ھېلىقى ناتونۇش كىشى لەڭگەردە يەنە پەيدا بولدى . لەڭگەر باشقۇرۇش رايونى (گۇەنلىچۈي) قورۇسىنىڭ يولغا قارىغان ئىككى ئىشخانىسىنى ئىجارىگە ئېلىپ ، يول تەرەپكە ئىشىك ئاچتى . ئىچىنى چالا ـ پۇلا ئاقارتىپ ، تورۇسقا گۈللۈك قەغەز چاپلىدى . ئاندىن كىچىك ماشىنا بىلەن يېشكىلەپ ھاراق ، تاماكىلارنى ئەكېلىپ يېڭى دۇكانغا تىزدى.

دەسلەپكى بىر ـ ئىككى ھەپتىگىچە كىشىلەر بۇ دۇكانغا ئاياغ بېسىپمۇ قويۇشمىدى . پەقەت ياشلار ئارىسىدا پارىڭى بولدى ، كېيىنچە ئۇلار ئاخشاملىرى ئىككى ـ ئۈچتىن بولۇشۇپ پەتە قىلىشىپ چىقىدىغان بولۇشتى.

بارا ـ بارا كەچلىرى مەزىنىنىڭ خۇپتەنگە ئوقۇغان ئەزان ئاۋازىغا قوشۇلۇپ ، ھېلىقى قاۋاقخانىنىڭ پەشتاختىسىغا

يۆلىنىپ بىرنەچچە رومكا قىپقىزىلدىغانلارنىڭ ناخشىسى ، ئالتاغىل توۋلاشلىرىمۇ ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولدى . ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرۈپ ئالا بوپتۇ دېگەندەك ، يىل ئالماشقىچە بۇنداق قاۋاقخانىلار كۆپىيىپ تۆتكە يەتتى . بۇلارنىڭ نەچچىسى تېخى يىل ئاخىرىدا ئالدىغا قىزىل چىراغلارنى يېقىپ ، ئىچىدە نازۇلۇق كۆلكە ـ چاقچاقلار ئۆكسۈمەيدىغان ئايرىم خانىلارنى ئېچىۋالدى.

كۆزدىن لەڭگەردە ئېغىز ـ بۇرنىدىن سېسىق ھور چىقىرىپ ، ئېگىز ـ پەس دەسسەپ يۈرگەنلەرنى كۆرۈپ ئەجەبلەنگەن بوۋايلار مانا ئەمدى ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۆيگە كىرگىلى ئۇنىماس بولۇۋالغان ئوغۇللىرىنى ئىزدەپ بۇ يەرگە قاترايدىغان بولدى . نامازشامدىن كېيىن تالاغا چىقمايدىغان يۈزى تۆۋەن چوكانلار تۈن قاراڭغۇسىدا ئالۋاستىنىڭ كۆزىدەك يېنىپ تۇرغان پاللا ـ پۇللۇڭ چىراغلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەرلىرىنى ئىزدىگىنىچە ، پەشتاختىغا يۆلىنىپ ئىچىۋاتقانلارغا بىر ـ بىرلەپ كۆز سالىدىغان ، ئايرىم خانىلارغا بويۇنداپ قاراشقا مەجبۇر بولۇشتى . مەست بولۇپ ، ساراڭ كالىدەك ئالدى ـ كەينىگە دەسسەپ يۈرگەن ئەرلىرىنى ئۆيگە ئەكېتەلمەي ئاۋارە بولۇش ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى.

تۇرامەت دۇكىنىدا ئولتۇرۇپ بۇ رەڭگارەڭ دۇنياغا ، مۇشۇنداق بىر تۇرمۇشقا ئىنتىلىپ تۇرغانىدەك ، ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىپ كەتكەن ، يولدىن چىققان ئادەملەرگە ئېچىناتتى . توۋا دەپ ياقىسىنى چىشلەيتتى . ئۇ باشتىن ـ ئاياغ كۆرۈپ تۇردى . لەڭگەردە ھەممىدىن بۇرۇن ھاراق ئىچكىنى روزى بولدى . ئۇ شۇ كۈنى يېنىدا پۇلى بولمىسىمۇ ، ناتونۇش دۇكانچىنىڭ «بىر بازارلىق بولۇپ قالدۇق ، ئەمدى بىز دوست...» دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن رومكىغا قۇيۇپ بەرگەن پارچە ھارىقىنى ئىچىپ ، ئېشكى تۆت چىشلىق بولغۇچە كۆلۈپ لەڭگەرنى بىر ئايلىنىپ چىقتى . تۇرامەتنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، بوينىغا ئېسىلىۋېلىپ «كۆڭۈل ئىزھار» قىلدى . دۇكىنىنىڭ بوسۇغىسىغا شالاپشىتىپ قۇسۇپ قويدى . ئۇنىڭدىن بىزار بولغان تۇرامەتنىڭ بىر ئېغىز تەنبىھ بېرىشى بىلەن ساراڭلىقى تۇتۇپ ئېگىز ـ پەس جۆيلىدى . بازارنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا يېتىۋېلىپ كىملەرنىدۇر تىللاپ ، ھۆ تارتىپ يىغلاپ چىقتى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھاراق ئىچىۋالسا ئۈن سېلىپ يىغلايدىغان ، تۇرامەتنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاغزىنى بۇزىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان تۇرامەت بۇ تايىنى يوق ، تۇتامسىز لەنەتگەردىگە نەسىھەت قىلىپ ئۆزىگە ئاۋارىچىلىق تېپىۋالغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى ھەم ئۇ مەست بولۇپ كەلسىلا دۇكاننى تاقاپ ، ئۆيگە كىرىپ كېتىدىغان بولدى.

ئايۇپ لەقۋامۇ بىردىنلا ئىچمىسە تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ شۇ كۈنى خوتۇنى بىلەن ئاجراشقاچقا ، قارا خەتنى كۆتۈرگىنىچە ، يېزا ئورگىنىدىن كېلىپلا شۇ يەرگە كىرىپ كۆڭۈل خاپىلىقىنى باسماقچى بولغانىدى . شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۇنى سۆرەپ ، بۇ بۇنى سۆرەپ لەڭگەرنىڭ يۈزى ئاستا ئاستا ئېچىلدى . قاۋاقخانىلارغا كىرمەكچى بولغان ياشلار بىركىمدىن خىجىل بولۇپمۇ يۈرمەيدىغان بولدى . ئىلگىرى زېرىكىپ ـ تېرىكىپ قالسا پات ـ پات جاڭگالغا يۈگۈرىدىغان ئەسكى قىلىقى بار ياشلار ئەمدى ئايرىم خانىلارغا يۈگۈرىدىغان بولدى .

مۇشۇ كۈنلەردە لەڭگەر ئايرىمخانىلاردىكى قەدەھ ـ رومكىلار ئىچىدە چايقىلاتتى.

لەڭگەر تۆت كوچىنىڭ ئۆتۈشكەن جايىدا تۆت تەرەپكە تەڭ ئەلەڭگۈيتتى.

مانا ئەمدى لەڭگەر دوقمۇشتىكى قاپاقتېرەكنىڭ سايىسىغا ئۆزىنى تاشلاپ ياتاتتى.

## 7

بۈگۈن چۈش پېشىندا يۈز ـ كۆزىنى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزارتىۋالغان روزى ئالچاڭشىپ چىقىپ كەلدى ۋە لەڭگەر بىلەن تەڭ دەلدۈگۈنۈپ ، ئالدى ـ كەينىگە دەسسىگىنىچە بازارنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىدى . كېسەل توخۇنىڭ كۆزىدەك يېرىم يۇمۇلۇپ قالغان كۆزلىرىنى مەست ـ ئەلەس ھالدا ئەتراپىغا تىكىپ ، بۈگۈن كىم بىلەن ئۇرۇشۇپ ، قانداق ئاھاڭدا يىغلىسام بولار دېگەندەك ، ھەر تەرەپكە تەڭ قارىغىلى تۇردى . ھەرچى تۇرسۇنمۇ ئۇنىڭدىن كېيىنرەك قاۋاقخانىدىن غىپپىدە چىقىپ ، دۆكىنى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

ئىزغىرىن شامالدا ئۇچۇپ يۈرگەن تاشلاندۇق يالتىراق پارچىسىدەك بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پەس ئەلەڭلەپ يۈرگەن روزى ئۇيان دەلدۈگۈنۈپ ، بۇيان دەلدۈگۈنۈپ ، ئاخىر تۇرامەتنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . خېرىدارسىز دۇكاندىكى ماللارنى بىر تەرەپتىن سۆرتۈپ ، بىر تەرەپتىن رەتلەۋاتقان زەيتۇنخانىنى كۆرۈپ شۆلگەيلىرىنى ئېقىتقىنىچە ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈشكە باشلىدى.

— زە... زەيتۇنخان ، سودا بولمىغان دۇكىنىڭىزدىكى توپا بېسىپ قالغان نەرسىلەرنى ياغلاپ ـ سۆرتۈپ ساتقۇچە ، سىزمۇ ئاۋۇلارغا ئوخشاش ئاسان پۇل تاپىدىغان

كەسىپنى قىلىسىلەرچۇ؟

تۇيۇقسىز يامان گەپ ئاڭلاپ ، تېنى شۈركىنىپ كەتكەن زەيتۇنخان كەينىگە لاپپىدە ئۆرۈلۈپ قارىدىيۇ ، لېكىن روزىنىڭ مەستلىكتىن خۇدىنى يوقاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، لېۋىنى قاتتىق چىشلىگىنىچە ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى.

— ئا... ئاڭلاۋاتامسىز ، سىزنى دەۋاتىمەن. ئۆزىڭىزنىڭمۇ خېلى ئېپى بار ، چىرايىڭىزمۇ بولىدىغان جۇۋان...

زەيتۇنخاننىڭ تاجىرەڭ ئەتلەس كۆڭلەك ئىچىدىكى ئۇستىخانلىق كەلگەن تېنى تىترەپ كەتتى . شۇ تاپتا بىردىن - ئىككىدىن كېلىپ ، روزىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان بىكار تەلەپلەر ئاغزىنى كالچايتىپ كۈلگىلى تۇرغانىدى . روزى بولسا بارغانچە ئۆزىنى بىلەلمەي ئەدىگىلى تۇردى:

— خې... خېرىدارسىز ئولتۇرغان جۇۋانغا مېنىڭ مەسلىھەتىم خۇش يېقىپ قالدى بولغاي ، قاراڭلار ، جىملا تۇرغىنىنى... ئۇنىڭ ئۇستىگە ، مۇشۇ چاغقىچە مۇشۇك چاغلىق بالىسى يوق ، تۇرامەتكە خوتۇن بولۇپ ئۆگىلىرى ئاجرىغۇدەك بىرەر قېتىم ئەرنىڭ تەمىنى تېتىپ باققان خوتۇن ئەمەس بۇ!

— شورۋا گەدەن تاز! — دېدى ئاھانەتكە چىدىمىغان زەيتۇنخان قىلىۋاتقان ئىشىنى قويۇپ ، روزىغا يۈزلەنگىنىچە، — ئەر لازىم بولسا ، ئۇدۇللا ئېرىمدىن سورا ، ئولتۇرۇپ قالغان ئاچا - سىڭىللىرىڭ بولسىمۇ ھاجىتىدىن چىقىدۇ.

— ئا... ئاشۇ كۆك كۆزما؟! — دېدى روزى زەيتۇنخاننىڭ جاندىن ئۆتكۈدەك تىل - ئاھانىتىنى قېتىغا ئالماستىن، — دۇكان بىلەن پۇلدىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئۇ يارىماستىن ، ئۇنچىلىك ئىنجا كەلگەن بولسا ، بۇ چاغقا ئىچىڭگە بىرنېمە ئۈنمەمتى!

تۇيۇقسىز تەگكەن مۇشت - پەشۋا زەربىسىدىن روزىنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن شۇررىدە قان كەتتى . ئاسماندىن چۈشتىمىكىن ياكى يەردىن ئۈندىمىكىن ، ئاسمانغا قاراپ زەيتۇنخاننى تىللاۋاتقان روزىنىڭ بېشىدا تۇرامەت پەيدا بولۇپ قالغانىدى.

— دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ نېمە خوتۇنۇمغا تىل سېلىپ يۈرىسەن ، ھۇي زاڭ؟! — غەزەپكە تولغان تۇرامەتنىڭ كۆكۈچ كۆزلىرى سوغۇق چاقناپ تۇراتتى، — بۇ چاغقا قەدەر ساڭا يامانلىق قىلغان يېرىم يوقتۇ!

ۋايجانلاپ ، ئوڭ - تەتۈر تووۇلاپ ، يىغلاپ ئورنىدىن قوپقان روزى ئاغزى - بۇرنىدىن چىقىۋاتقان قاننى يۈز - كۆزىگە ، ئالا - چاقماق كۆڭلىكىگە سۈۋاپ ، بەتبەشىرە بولدى . لەڭگەردە ئادەم تىللاش ، بېشەملىكتە نامى چىققان زوۋانىنى قويىۋەتتى.


— نېمە ئادەم ئۇردۇ ما پومېشچىكنىڭ كۈچۈكى!...

— نېمە خوتۇنۇمغا تىل سالىسەن ، ئەمىسە؟!

— دۇكانغا ئاچىقىپ قويغاندىكىن قانداق قىلسام - قىلىمەن! ھۇ پومېشچىك...

— قانداق قىلسام قىلىمەن دېدىڭما ، زوۋانىڭغا بېقىپ گەپ قىل ، ھۇ بەش كاپالەت قەلەندەر!

— قە... قەلەندەر؟! — روزى يىغىدىن توختاپ بىردىنلا ئەتراپىغا يىغىلغانلارغا قاراپ كۈلدى، — قەلەندەر بولسامۇ ، خوتۇنۇمنى دۇكانغا ئاچىقىپ ساتقۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان يېرىم يوق مېنىڭ ، ھۇ خوتۇن ئىشتىنى سولامچى! — روزى شۇنداق دەپ تۇرامەتنىڭ ئالدىدا غارقىرىتىپ قۇسۇۋەتتى . قارىشىپ تۇرغانلار پا-



راقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى . كۈلگەنلەرنىڭ بۇ تېتىقسىز كۈلكىسى روزىنىڭ زەھەردەك گېپى ئۈچۈنمۇ ياكى نودىن سۇ ئېتىلىپ چىققانلىقى ئۈچۈنمۇ ، ئىشقىلىپ ، بۇنى بىلىپ بولغىلى بولمايتتى . روزى تېخىچە تىل ياغدۇرۇۋاتاتتى:

— تې... تېخى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا خوتۇنۇڭنى قوناقلىقمۇ قوناقلىق ئوت ئالغىلى چىقارتىۋېتىپ ، ئۆزۈڭ لەڭگەردە ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغان ، ئەتىگەنلىكىڭگە تاپساڭ ، كەچلىكىڭگە يوق تۇرەك سەن شۇغۇ! ئۇنتۇپ قالما ، خو... خوتۇنۇڭ قوناقلىقتىن چۆنتىكىنى تولدۇرۇپ ئەكىرىپ بەرگەن پۇلغا ، بېقىپ بەرگەن قويغا قاپاقتېرەكنىڭ تۈۋىدە يايما ئېچىپ ، ئەمدى مۇشۇنچىلىك بولغان تۇرەكسەن . ئەمدى يەنە خوتۇنۇڭغا ئاۋۇ ئويناپدىغان يەردىن ئاز ــ تولا ئىش ئۆگىتىپ ئاچىقساڭ تېخىمۇ باي ، ئاتا ــ بوۋاڭدەك پومېشچىكلاردىن بولۇپ قالىسەن! مەن باشقا گەپ قىلمىدىم ، خوتۇنۇڭغىمۇ شۇنى دەۋاتاتتىم...

ئاھانەتكە چىدىمىغان زەيتۇنخان يۈزىنى تۇتۇپ ھۇ تارتىپ يىغلىغىنىچە ئۆيى تەرەپكە يۈگۈردى . كىنودىكى پىلىموتتەك تاتاتلاشنىڭ ئالدىدا سۈرىتى تارتىلىپ قالغان تۇرامەت تۇيۇقسىز ئالدىغا ئېتىلدى . بىر كاللا بىلەن روزىنى موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى.

روزىنىڭ ئۈچ تال ئوتتۇر چىشى تۆكۈلۈپ ، تۇرامەتنى تىللىيالماس بولغان چاغدا ، لەڭگەردە يەنە بىر دەھشەت چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى . تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلار روزىنى تاشلاپ چىرقىرىغان تەرەپكە بۇرۇلدى ، يۈگۈردى . كۆردىكى ، كونگەي دوقمۇشتىكى چوڭ توك ھەرىسىدە شال تىلىۋاتقان تۇرسۇننىڭ ئوڭ قولىنى ھەرە بېغىشىدىنلا ئۈزۈۋەتكەن ، ئۇستىخانلىق ، گىروي كەلگەن تۇرسۇن ھەرە كېپىكى ئۈستىدە قانغا مىلىنىپ ھوشسىز ياتاتتى.

يۈرىكى ئېچىشقىنىچە قارىشىپ تۇرغانلار ئۇنىڭ ھەممىشە بىردەم ــ بىرىمدەم ئارام ئېلىش ئۈچۈن قاۋاقخانىغا يۈگۈرىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى يادىغا كەلتۈرۈشتى.

8

لەڭگەر كىشىنىڭ كۆڭلىگە سوغۇق ، يات تۇيغۇ بېرىدىغان بىر بازارغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئۈچ يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش جازا مۇددىتىنى توشقۇزۇپ قايتىپ كەلگەن تۇرامەت ئۆزىنى بىردىنلا بىتىمسىراپ قالغاندەك ھېس قىلدى . قاقىقان قوزۇقتەك بازارنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ تۆت تەرەپكە بىر ــ بىرلەپ نەزەر تاشلىدى . يېڭىدىن كۆپەيگەن قاۋاقخانىلار ، توخۇ گۆشى قورۇمىخانىسى ، ئۆز ــ ئۆزىدىن ياتلىشىپ ، پەرۋاسىز ، روھسىز بولۇپ كەتكەن لەڭگەرلىكلەر...

ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئوتتۇر چىشلىرىنى تۆكۈۋېلىپ ، تۇرامەتنى سولاتقۇزۇۋەتكەن روزى بەزگەك تىترىگىنىچە قاۋاقخانىلارنىڭ بىرىنىڭ ئالدىدا دۈگدىيىپ تۇراتتى . بىر قولىدىن ئايرىلىپ چولاق بولغان تۇرسۇن ئورۇقلاپ ، قورۇق ئۇستىخان بولغان ھالدا دوقمۇشتىكى قېرى قاپاقتېرەكنىڭ سايىسىدا ئۆتكەن ــ كەچكەنلەردىن تىلەپ ــ تىرىپ ئولتۇراتتى . ئالدىغا سېلىنغان كونا داستىخاندا قېتىپ كەتكەن نانلار ، سىنىت ، موچەن دېگەندەك پارچە ــ پۇرات پۇللار چېچىلىپ قالغانىدى.

تۇرامەت كۆز ئالدىدىكى رېئاللىققا سوغۇقلا قاراپ قويدى . مەھكۇملۇق ئىچىدە ئۆتكەن ھايات ، ئېغىر ئىش ــ ئەمگەك ئۇنى شۇنداق سوغۇق ، پەرۋاسىز قىلىپ قويغانىدى . بىر چاغلاردا ھۇرۇن ، ئۈمىد ــ ئىشەنچسىز تۇرامەتتىن بىر سەھەردىلا روھلۇق ، ئىرادىلىك ، سەھەر تۇرۇپ كەچ ياتىدىغان ، ئەتىدىن ــ كەچكىچە ئىشلەپ ھارمايدىغان تۇرامەت مانا ئەمدى ئايرىلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان بازارغا كېلىپ ، چۆرگىلىتىپ قويۇپ بەرگەندەك بولۇپ قالدى.

تۇرامەتنىڭ ياداڭغۇ ، سولغۇن ، ياشاڭغىراپ ، يۇمۇلۇپ كەتكەن كۆزلىرى بازارنى ئالا قويماي ئايلىنىپ چىقتى . بۇ كۆزلەر ئۆزىنىڭ دۇكىنىغا تىكىلگەندە ، كۆكۈچ قارىچۇقلىرى كەينىگە تارتىشقاندەك قېتىپ قالدى . ئۇنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا ناتونۇش بىر ئايال خېرىدار چىللاپ ئولتۇراتتى.

تۇرامەتنىڭ بېشى ئايلىنىپ ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى . ئۇ ھەرقانچە بولسىمۇ بۇنچە بولۇپ كېتىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمىگەنىدى . قېنى ئۇنىڭ دۇكىنى؟ پەشتاختىلارغا پەۋەس تىزىلغان ماللارچۇ؟

— ھو... ھوي ، تۇرەكقۇ بۇ!

تۇرامەت تۇيۇقسىز بۇرنىغا كىرگەن ھاۋا بىلەن قوشۇلۇپ ۋۇجۇدىغا سۈمۈرۈلگەن قاڭسىق ھاراق ھىدى ، سۈيدۈك ــ چىللە پۇرىقى ، قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ئاڭلانغان غاراڭ ــ غۇرۇڭ ئاۋازدىن چۆچۈپ يانغا بۇرۇلدى . شۇنچە شەپىسىز كەلدىمىكىن تاڭ ، ئۇنىڭ يېنىدا روزى تۇراتتى . بايقۇشنىڭ يېقىن ئارىلىقتىن كۆرۈنگەن ئەپتى باياتىنقىدىنمۇ يىرگىنىشلىك بولۇپ ، چاچ ــ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ، كىيىم ــ كېچەكلىرى كونىراپ ئەبگالىشىپ ، پۈتۈن ئەزايى تىترەپ بىر ئورنىدا تۇرالمايتتى.

— ئا... ئادەم بولۇپ چىقتىڭما؟ — دېدى روزى ئۆ-

زىگە قاراپلا قالغان تۇرامەتنى كۆزگە ئىلمىغاندەك بىر كۆرۈنۈشتە مايماق كۈلۈپ.

تۇرامەت لام ـ جىم دېمەي يەنە كونا دۇكىنى تەرەپكە قاراپ تۇردى.

ــــ ئەمدى ئۇ يەرگە كۆزۈڭنىڭ ئىچىنى سالما ، سەن خوتۇنۇڭدىن ئەنسىرەپ قىلالمىغان ئىشنى خەق قىلدى ئاينا... ماڭە ، ئىچىگە كىرىپ چىقمىز، ــــ روزى شۇنداق دەپ تۇرامەتنىڭ چاپىنىنىڭ يېڭىدىن تۇتۇپ ئۇنى ئاشۇ دۇكان تەرەپكە سۆرىدى . تۇرامەت ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئۆزى گۈل كەلتۈرۈۋەتكەن دۇكاننىڭ ئىچىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئويلاپ قالدىمۇ ياكى روزىنىڭ گېپىگە كىرىپ ماڭدىمۇ ، ئىشقىلىپ ، كىشىلەر ئۇنىڭ قىزىل ئىشىك پەردىسى تارتىلغان ئىچى قاراڭغۇ دۇكانغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

تۇرامەتنىڭ گېلىدىن ھەم قاڭسىق ، ھەم ئاچچىق بىر رومكا ھاراق ئۆتكەندە ، ئۇ ھەم سەسكەندى ، ھەم چۆچۈپ قالدى . ئەمما ، بۇ ئىشلار شۇ قەدەر تاسادىپىي ھەم ئويلىمىغان رەۋىشتە بولۇپ ئۆتتىكى ، تۇرامەت ئۆزىمۇ ئالدى ـ كەينىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغانىدى . شۇنداق بولدى ، ئۇلار ئىشىك ئالدىغا كېلىشىگە دۇكانغا تەكلىپ قىلىندى . روزىنىڭ مۇشۇنداق بىكاردىن مېھمان قىلىدىغانلار بولسا باشلاپ كېلىپ خەقنىڭ سايىسىدا بىرنەچچە رومكا قېقىۋېلىپ چىقىپ كېتىدىغان خۇيىنى بىلىدىغان دۇكاندار ئايال گەپ ـ سۆزسىزلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا سوغۇق سەي ، ھاراق ئاچىقىپ ئۈلگۈردى . روزى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتتى . ئىككى رومكا لىقلاندى . گۈلقەغەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن روزى كونا ئاداۋەتنى يۇيۇۋېتىش ئۈچۈن تۇرامەتكە رومكا تۇتتى.

ــــ ئىچە ، ئاداش! ئىچكىنە، ــــ روزى تۇرامەتنىڭ خىيالىنى بۆلدى، ــــ ئوغال بالا دېگەن ھەممە ئىشنى بىر قېتىم قىلىپ باققۇلۇق ، تۇرمىگىمۇ كىرىپ چىقتىڭ ، ئاينىكا!

تۇرمىنىڭ گېپى چىقىش بىلەن ھەممە نېمىسى بەربات بولغاندەك ، ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ئۆزىنى يېتىم ـ بىگانە ھېس قىلغان تۇرامەت رومكىنى قولىغا ئېلىپ ئاغزىغا دۈم كۆمتۈردى.

ــــ ھە ، مانا ئەمدى يۈزۈڭ ئېچىلدى ، بۇندىن كېيىن ياق دېمەيدىغان چو... چوكان بولدۇڭ ، ھا ـ ھا ـ ھا...

ئاچ قورساققا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىچىپ كىرگەن ئۈچ رومكا ھاراق تۇرامەتنىڭ بېشىغىلا چىقتى . تۇرمىدە تارتىپ قالغان ئاق سېرىق يۈزى شەلپەردەك قىزاردى . بېرىم تەخسە توخۇ قورۇمىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ تۇرامەتكە سۈركىلىپ تۇرۇپ شىرەگە قويغان سېمىز چوكان ئۇنىڭ كۆزلىرىگە زەيتۇنخان بولۇپ كۆرۈندى . لېكىن ، زەيتۇنخاننىڭ كاسىسى بۇنداق يوغان ئەمەس ئىدى . ئالدىدا سېيرتمىسى بار ئەتىرەك ئىشتانغا چىڭ قويۇلغان ئۆپكىدەك لىققىدە سىغدىلىپ تۇرغان كاسسا مىڭ نەچچە كۈنلەپ يات جىنسقا بۇنچىلىك يېقىن ئارىلىقتىن قاراپ باقمىغان تۇرامەتنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى.

كۆتۈرۈلۈپ قالغان تۇرامەت ئەمدى ھاراقنى ئۆزى قۇيۇشقا باشلىدى.

ئەس ـ ھوشى خىرە ـ شىرە ھالدا ھاراققا چىلىشىۋاتقان تۇرامەت ئۇيان ئۆتۈپ ، بۇيان ئۆتۈپ ئۆزىگە سۈركىلىپ تۇرغان مىق ـ مىق كاسسىنىڭ زەيتۇنخاننىڭ كاسىسى ئەمەسلىكىنى بىلگۈچىلىكى بار ئىدى . زەيتۇنخاندىن ئايرىلغان كۈنى ئۇنىڭ رومكا تۇتقان مۇشۇ قوللىرىغا سوغۇق پارقىراپ تۇرغان كويزىنى سېلىپ ، كۆك جىپقا سولاپ مېڭىشقاندىن كېيىن ، لەڭگەردە ئېزىلىپ ـ ئېزىلىپ يىغلاپ تۇرغان زەيتۇنخان گويا ئۇنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋالماقچى بولغاندەك خېلى يەرلەرگىچە ماشىنىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى . كېيىن توپا ـ تۇمان ، ماشىنا چاقىدىن چاچرىغان شېغىل تاشلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمەي قالدى . سولاققا چۈشكەندىن كېيىنكى بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە خوتۇنى كۈن ئارىلاپ دېگۈدەك ئۇنىڭ كەينىدىن يوقلاپ كەلگەندە ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئۈن ـ تىنىسىز بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىشتى . بىر ـ بىرىگە چىش يېرىپ بىرنېمە دېيىشمىدى.

سوتنىڭ ھۆكۈمى چىققاندىن كېيىن ، تۇرامەت ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ ، ئەركىنلىك جۈملىسىدىنمۇ ، تۇرمۇش جەھەتتىنمۇ زور بەدەل تۆلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . شۇ كۈنلەردە زەيتۇنخان دۇكاننىڭ سودىسىدا ئايلىنىۋاتقان نەق پۇلنى يىغىپ ، روزىنىڭ ئۈچ تال چىشى ئۈچۈن بۇيرۇلغان ئۈچ مىڭ يۈەننى سوت ئارقىلىق روزىغا بەردى . قالغان ـ قاتقان مال ، تۇرامەتنىڭ موتسىكلىتى ، ۋەھاكازالارنى يىغىشتۇرۇپ بانكىنىڭ قەرزىگە چىقىش قىلدى ھەم تۇرامەتنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن دۇكاننى تاقاپ ، بىراقلا ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى.

تۇرامەت كۆزنەكلىرى سىم تور بىلەن قاپلانغان ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ بىر كۈندە ئاران يېتىپ كەلگەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن ، خوتۇنى بىلەن بولغان ئالاقىسى

ئۈزۈلۈپ قالدى . ياخشى ـ يامان كۈنلەردە بىللە بولغان قەدىناس خوتۇن قانداقلارچە... ئاچچىق هاراق ئۆپكىسىگە كەتتىمۇ ياكى دىدارلاشمىغىلى ئۈچ يىل بولغان خوتۇنى كۆز ئالدىغا كېلىۋالدىمۇ ، ئەيتاۋۇر تۇرامەتنىڭ كۆزلىرىدىن پۇرچاقتەك ـ پۇرچاقتەك ياش تامچىلىرى ئۈزۈلۈپ چۈشتى.

تۇرامەت خوجايىن ئايال بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدى . مەست بولۇپ پۇتلىرىنى باشقۇرالماس هالەتكە يەتكەن روزى بولسا ئىشتىنىنىڭ بېغىنى كۆتۈرگىنىچە ئالدى ـ كەينىگە دەسسەپ چىقىپ كەتكەنىدى . قۇرۇقدالغان تەخسە ، غاجىلاپ تاشلانغان سۆڭەك ، يېيىلمەي ئېلىغاپ قويۇلغان ئاچچىق مۇچ ، يەرگە چۈشۈپ لېۋى سۇنۇپ كەتكەن پىيالە ، چېچىلىپ تۇرغان چوكا دېگەندەك نەرسىلەر قالايمىقان تاشلىنىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ يانچۇقىدا يېگەن ـ ئىچكەنگە تۆلىگۈدەك پۇل بولمىغانلىقتىن ، خۇپتەندە خوجايىن ئايال بىلەن ئۇرۇشۇپ لەڭگەرنى بېشىغا كىيدى . شۇ كېچىسى تۇرامەت ئامانلىق ساقلىغۇچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ ، باشقۇرۇش رايونى ئىچىدىكى كونا سولاقخانىغا سولاندى . سولاقخانىنىڭ ئىشىكىنى تاراقشىتىپ قارشىلىق قىلغاچقا ، تۆپىلەپ باش ـ كۆزىگە تاياق يېدى . ئەتىسى بۇ خاپىچىلىقلارنى ئاڭلاپ يۇقىرىقى مەهەللىدىن يېتىپ كەلگەن قېينانىسى بىلەن ئايالى لەڭگەرگە كېلىپ توخۇ قورۇمىخانىسىنىڭ خوجايىنىنى رازى قىلىپ ، ئامانلىق ساقلىغۇچىلارغا يالۋۇرۇپ ، مىڭ يوەن كاپالەت پۇلى تۆلەيدىغانلىقىغا تىلخەت يېزىپ بېرىپ ، تۇرامەتنى ياندۇرۇپ ئاچىقتى.

9

لەڭگەرنىڭ يەنە بىر كۈنى باشلاندى.

زەيتۇنخان زەيدەپ ، تاملىرىنىڭ ئۈلى تۆكۈلۈپ تۇرغان هويلا ، ئايۋاننى تازىلاپ ، ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئانىسىنىڭكىگە يۆتكەپ تۇرغان بىساتلىرىنى ئەكەلدى . ئۆيىنى سەرەمجانلاشتۇردى . چەللە ئاستىدا بېشىنى چاڭگاللاپ تۇرغان تۇرامەت خوتۇنىنىڭ پەرۋانە بولۇشلىرىغا پەرۋاسىز ئىدى . ئۇنىڭ كۆكەرگەن باش ـ كۆزلىرىگە قاراپ خوتۇنىنىڭ ئىچى سىيرىلاتتى.

— سوت كېسىپ سىنى ئەكېتىشكەندىن كېيىن ، دادام بىلەن ئىككى قېتىم يوقلاپ باردۇق، — دېدى جىمجىتلىقتا ئىچى سىقىلغان زەيتۇنخان ئېرىگە قاراپ، — لېكىن ئۇلار ئىككىلا قېتىمدا باشقا بىرىنى چاقىرىپ بەردى . بۇ ئەمەس ، تۇرامىتاخۇن ئىسىملىك كۆك كۆز كىشى ئىدى دېسەك ، باش چايقاشتى . ئاپارغان گۈلە ، ياڭاق ، پۇل ـ پۇچەكلەرنى بىز بېرىپ قويايلى دەپ ئېلىپ قېلىشتى...

تۇرامەت پاك بولۇپ قالغاندەك ياكى روهى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك خوتۇنىنىڭ گېپىگە هېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى.

— كېيىن دادامنىڭ ئۆپكە تۇبېركىليوز كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قېلىپ ئورۇن تۇتۇپ ياتتى . ئۇزاق ئۆتمەي قازا قىلدى، — دېدى كۆزلىرى ياشلانغان زەيتۇنخان ئېرىنى مەندىن ئاغرىنىپ باتناپ ئولتۇرسا كېرەك دەپ ئويلاپ، — ئىشكتىن دەس ـ دۇس چىقالمايدىغان بولدۇق...

— دۇكاننى تاقىغاندا ئاشقان قالدۇق ماللارنى يېشكلەرگە قاچىلاپ ساقلاپ قويغان، — دېدى زەيتۇنخان گەپنى ياخشى تەرەپكە بۇراپ، — يەنە بۇ ئىككى ـ ئۈچ يىلدا توخۇ ، تۇخۇم ، سۈت ـ قېتىق سېتىپ دېگەندەك مىڭ نەچچە يۈز يوەن پۇل قىلدىم . بىز يەنە بۇرۇنقىدەك مىدىرلىساق ، تىرىشچانلىق كۆرسەتسەكلا...

تۇرامەت خۇددى هېچنېمە بولمىغاندەك ئۆزىگە سۆزلەۋاتقان خوتۇنىغا مۇنداقلا قاراپ قويدى . ئۇ ئەمدى باشقىچىلا ئادەم بولۇپ قالغانىدى .

قىزىتىلغان قازانغا تاشلانغان پىيازنىڭ مەززىلىك پۇرىقى تارالدى . جىگدە بوردىماللىق هويلىنىڭ ئىچىدىن ئىشتىهانى قوزغايدىغان بۇنداق مەززىلىك پۇراقنىڭ تارقىلىپ باقمىغىنىغا ئۇن نەچچە پەسىل بولغانىدى . هويلىنىڭ ئالدىدىكى تار يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ئوچۇق سۆز ، ئىشچان زەيتۇنخانىنىڭ بۇ هويلىدا تۆشۈكلۈكنى يەنە قولىغا ئالغانلىقىنى جەزم قىلىشتى . بۇ جۇۋان بىر چاغلاردا هاياتقا نىسبەتەن ئۈمىد ـ ئىشەنچىسىنى يوقاتقان قاشاق ، هورۇن ئېرىنى ئۆزگەرتكەن ، لەڭگەرگە گۈل كەلتۈرۈپ چىرايلىق ماگىزىن ئاچقان ، غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن كۈنلىرىنى ياخشىلىغانىدى . ئۇلار تېخى مۇشۇ جىگدە بۇردىمال ئىچىدىكى قورۇ ـ جايىنى يېڭىلىماقچى بولۇشقانلىقىنى ئېيتقاندەكمۇ قىلغان . راست ، زەيتۇنخاندەك خوتۇنلار ئەرنى ئەر قىلىدۇ . ئىشقىلىپ ، بۇ هويلىدا يەنە ياغ پۇرىتىپتۇ . هەي ، لېكىن مۇشۇ تۇرامىتاخۇن هاراق دېگەن ئېچىق يوندىنى ئاغزىغا ئالمىسا بولاتتى...

قازىنى قايناپ ، ئاش سالغۇدەك بولغان زەيتۇنخانىنىڭ قولى ئىشتىن توختىدى . ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كەتكەن ئېرىنىڭ قايتىپ كىرمەيۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ، ياندۇرۇۋاتقان پىلتىنى جايىدا قويدى . تېشىپ كېتىۋاتقان قا-

زانغا سۇ قۇيۇۋېتىپ ، ئۇتنى پەسەيتىپ ئېرىنى ئىزدەپ چىقتى.

كۈن ئولتۇرۇۋاتقان ، زاۋال چۈشۈۋاتاتتى.

لەڭگەردىكى قاۋاقخانا ، سىنقويغۇخانىلارنىڭ ئىشىك بېشىدىكى چىراغ ـ ۋىۋىسكىلار ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە كۆز قىساتتى . قوللىرى خېمىر يۇقى ، بىر كۆزى قايناۋاتقان قازىنىدا قالغان جۇۋاننىڭ كۆزلىرى ئېرىنى ئىزدەيتتى . تونۇش بىلىشلىرىدىن سورايتتى . تىت ـ تىت بولاتتى . شۇ چاغدا بازاردا يۈرگەن بىرسى تۇرامەتنىڭ بىر ئاش پىشىم بۇرۇنلا تۇرسۇن چولاق ، روزى پەلچۇگۆر بىلەن يالتىراق خالتىغا بىرنەرسىنى كۆتۈرگىنىچە باشقۇرۇش رايونى قورۇسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى.

ئورمانلىقتا ئىچىشۋازلىق قىزىپ كەتكەنىدى . قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي ، يوتىدەك تېرەكلەرگە يۆلىنىپ داق يەردە سورۇن تۈزۈپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرغان تۆت ـ بەش گەۋدە نۆۋەت بىلەن پىيالىنى ئاغزىغا دۈم كۆمتۈرۈۋاتاتتى . ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالتاغىل سۆزلەپ ، تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىشىۋاتقان بولسىمۇ ، تۇرامەت ئۈن ـ تىنسىز ئىدى . ئىچمەن دەپلا تۇراتتى.

— تۇرامەت ، گەپ قىلساڭچۇ! — دېدى ئارىدىن بىرى . لېكىن تۇرامەت جىمجىتلا ئولتۇراتتى.

— تاڭگازا چىشلىۋالمىغاندىكىن ، بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىله!

— قىلغۇدەك نېمە گەپ قالدى! — دېدى تۇرامەت بىردىنلا بۇقۇلداپ يىغلاپ.



— ما... ماز گۈيكەن بۇ! — دېدى روزى تۇرامەتنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ، — نېمە يىغلايسەن، ئوغۇل بالىمۇ يا سەن خوتۇنكىشى!

— ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا ئاداش! — دېدى ئاغزىدىن گەپ چۈشۈپ كېتىپ تۇرغان تۇرسۇنمۇ . لېكىن ، تۇرامەت ئېزىلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئۇلارنىڭ كەينىدە ئەلەم بىلەن قاراپ تۇرغان زەيتۇنخان تۇرامەتنىڭ يىغىسى بىلەن تەڭ ئېزىلىپ كەتتى . ئۇ بۇ چاغقا قەدەر ئېرىنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، — دېدى جۇۋان ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ پەس ئاۋازدا . خوتۇنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان تۇرامەت توكى توختىغان كانايدەك يىغىدىن توختاپ ، ئولتۇرغان يېرىدىن قىمىرلاپ كەينىگە قايرىلدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە خوتۇنى مۇشۇ تۇرقىدا مەڭزىگە ئېقىتىپ ئۇسما قويغانىدى . قوناقلىقتا ئوت ئالغىلى چىقىدىغان خۇيى بار ئىدى . ئەتىدىن ـ كەچكىچە بازاردا ئۆمىلەپ يۈرىدىغان روزى بىرنەرسىنى بىلمىسە ئاشۇنداق گەپنى قىلمايتتى . بۇ خوتۇن زادى سىڭگەن نېنىنى يەپ ، رىزقىغا شۈكۈر قىلىپ ئولتۇرىدىغان ئىتائەتچان خوتۇنلاردىن ئەمەس ئىدى . دۇكان ئاچمىغان بولسا تۇرامەت خەق بىلەنمۇ ئۇرۇشمايتتى . تۈرمىگىمۇ كىرمەيتتى . ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ مۇشۇنداق چېپىلغاق بولمىغان بولسا ئويلىغانسېرى تۇرامەتنىڭ زەردىسى قايناپ قالدى:

— ئەمدى مېنىڭ كۆزۈمگە كىرىۋالما! — دېدى مەستلىكتە ، ھەققەتەن پىغانى ئۆرلەپ كەتكەن تۇرامەت قاراڭغۇلۇق ئىچىدە خوتۇنىغا ھۆركىرەپ . ئۇنىڭ كۆڭلى قاراڭغۇلۇقتىنمۇ بەكرەك تۇتۇق بولۇپ كەتكەنىدى.

— كۆزىڭىزگە كىرىۋالمىدىم ، ئەتىگەندىن بېرى ھېچنېمە يېمىدىڭىز ، قورسىقىڭىز ئاچ ، شۇڭا ئىسسىقىدا تاماق يەۋالامدىكىن دېگەن . سىز لەگمەنگە ئامراققۇ... — زەيتۇنخان يات كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ، ئېرىنىڭ كەيپىياتى جىددىيلىشىپ قالغان مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلاتتى.

— دېدىمغۇ، مېنى ئارامخۇدا قوي دەپ!

— ئە... ئەمدى ئوغۇل بالىغا ئوخشىغىلى تۇردۇڭ ئاداش! — دېدى روزى تۇرامەتنى ئېچىتىپ، — خوتۇن كىشىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن ماڭغان ئەركەك ئىلگىرى باسمايدۇ ، ئاشۇنداق قاراڭغۇ ئۆيگىمۇ كىرىپ چىقىسەن تېخى!

— ھا ـ ھا ـ ھا...

ئورمانلىق ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

—ھاراق ، زاكۇسكىنىڭ پۇلىدىن خاتىرجەم بولۇڭ جۇمۇ زەيتۇنخان ، ئېرىڭىزگە ئىتتىرىپ قويمايمىز... —بۇ تۇرسۇننىڭ خىرقىراق ئاۋازى ئىدى.

— ھازىر ھەممىمىزدىن تۇرسۇننىڭ ھال ـ ئوقتى ياخشى . كۆزدىن ئايرىغان خۇدايىم ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ دېگەندەك ، ئۇ قولىدىن ، قايتا ھەرىدەشكە قۇربى يەتمەيگەن شال ھەرىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ ، لەڭگەردىن ئۆتكەن ـ كەچكەن دىلكەشلەرنىڭ خەيرىخاھلىقىدىن ئايرىلمىدى .

— پايلاقچىدەك بېشىمدا دېۋەيلەپ تۇرۇۋەرمەي ، گۆرخاناڭغا كىرىپ كەت! — دېدى تۇرامەت خوتۇنىغا گۇركىرەپ، — بۇ يەردە نېمە بار ساڭا !

ئىچ ـ ئىچىدىن يىغا قاپساپ چىققان زەيتۇنخان بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە كەينىگە ياندى . تۇۋۋا، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بۇ ھاراق دېگەن نېمە بىر ئوبدان ئادەمنىڭ تۇرمۇشىنى ، ئادەمنى بۇلغاپ مۇشۇنداقلا ۋەيران قىلىۋېتەرمۇ! ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن يۈرگەن ئادەم روزى دېگەن ئىچەرمەننىڭ پوقىغا تېيىلىپ ، ھاياتىنىڭ گۈلدەك بىر پەسلىنى تۈرمىدە ئۆتكۈزدى . ئەمدى ئۇ يەردىن چىققاندا ، ئازراق خاپىلىققا بەرداشلىق بېرەلمەي ، ئەزەلدىن ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆچ بولغان شۇ ھاراققا دۇم چۈشسە ، بۇ نېمە كەلگۈلۈك ئەمدى!... ئۇ خىيال ئىچىدە لەڭگەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، تۈن قوينىدا كۆز قىسىپ تۇرغان چىراغ ، ۋېۋىسكىلارنىڭ ئالدىدىكى خىرە يورۇقتا دەلدۈگۈنۈپ يۈرگەن لەڭگەرنىڭ قاپاقنوچىلىرىنى ، بىر ـ بىرىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ كۆڭۈل ئىزھار قىلىشىۋاتقانلارنى ، ئۆچكىدەك مەرىشىپ ئالىتاغىل ھۇيت ـ ھۇيتلاۋاتقانلارنى ، يول بويىغا يىقىلىپ قالغانلارنى كۆرۈپ ، ياقىسىنى تۇتقىنىچە قەدەملىرىنى تېزلەتتى.

10

ياشلار لەڭگەردە ئاسانلا يولدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. جازا مۇددىتىنى توشقۇزغۇچە ئەركىنلىككە ، ھۆرلۈككە شۇنچە تەقەززا بولغان تۇرامەت لەڭگەردە قايتا پەيدا بولغان كۈندىن باشلاپ شۇنداق بىر ئادەم بولۇپ قالدى . ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە ساختىپەزلەردىن بىرەرسى قۇرۇق بوتۇلكىنىڭ بوينىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدىن چىقىرىپ قويۇپ ئۈستەڭنىڭ ئايىغىدىكى سۆگەتنىڭ سايىسىغا شەرەتلىسىمۇ ، ئورمانلىققا چاقىرسىمۇ ، ئاغزىنى تامشىتىپ كەينىدىن يۈگۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى . خوتۇنىنىڭ لېۋىنى لېۋىگە چىشلەپ تاپقان ـ تەرگىنىنىمۇ ئۇدۇللۇق قاۋاقخانا خوجايىنىنىڭ چۆنتىكىگە ئۆتكۈزۈپ تۈگەيتتى.

بىر كۈنى زەيتۇنخاننىڭ قورسىقى تۇيۇقسىز مىدىرلاپ كەتتى . تۇرامەت قايتىپ كەلگەننىڭ بۇ تەرىپىدە پات ـ پات نەۋرىنىڭ گېپىنى قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئانىسىنىڭ ئۇنى نەچچە قېتىم دوختۇرغا كۆرسىتىپ ، ئۇردۇرۇپ قويغان ئوكۇل ، ئىچىپ بەرگەن دورىسىنىڭ ھەقىقەتەن ئۈنۈمى بولغاندەك ئىدى.

— قولۇڭنى ئەكەلگىنە! — دېدى زەيتۇنخان ئېرىگە ھاياجان بىلەن ، بۈگۈن ھاراق ئىچكىلى پۇل تاپالماي بالدۇرراق ئۆيگە كىرگەن تۇرامەت چىراغ يورۇقىدا خوتۇنىغا سوغۇقلا قارىدى:

— ھە نېمە گەپ؟

— بالاڭ مىدىرلاۋاتىدۇ گاچا ، مۇنداق...

— بالاڭ؟ — تۇرامەت بۇ گەپكە ئاغزىغا بىر تامچە ئېچىق ھاراق تامچىلىغانچىلىكمۇ ئىنكاس قايتۇرمىدى، — بۇ چاغ بولغاندا نەدىن تاپتىڭ بالىنى؟

— تەتۈر گەپ قىلمىغىنا ، داۋالىنىپ دورا يەپ يۈرگىنىمدىن خەۋىرىڭ بارغۇ!

— دورا يەپ بالا تۇغۇشنىڭ ئالدىنى ئالغاننى ئاڭلىغانمەن ، دورا ئىچكەنگە بالا تاپىدىغان ئىش نەدە بار؟ سەن يەنە شۇ ئوت ئالىمەن دەپ قوناقلىققا چىقىپ...

— پوق يەپسەن ، پوق!

زەيتۇنخان تۇرامەتنى تىللىدى . تىللىغاندىمۇ ئەڭ سېسىق گەپلەر بىلەن تىللىدى . ئۇ ئېرى تۇرامەت تۈرمىدىن چىققاندىن بېرى ئەڭ يامان كۈنلەردىمۇ ئېرىنى تىللاپ باقمىغان ، ئۇنى ھامان بىر كۈنى ئۆزگەرتىۋالىمەن ، پاقلاندەك ئوغۇل تۇغۇپ بەرسەم ئۆزگىرەرمىكىن دەپ ئويلايتتى . لېكىن ، بۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ھېچنېمە قالماپتۇ . ھەتتا ۋۇجۇدىدا ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ نەتىجىسىگە ئىگە بولغۇدەكمۇ روھ قالماپتۇ . ئەمدى تۇرمۇشتىن ھەقىقەتەن ئۈمىدسىزلەنگەن زەيتۇنخان



يوتقاننى بېشىغا چۈمكەپ پۈتۈن بىر كېچە يىغلاپ چىقتى . خوتۇنىنىڭ يىغىسىدىن بىزار بولغان تۇرامەت ئۇخلىيالماي قىزارغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە تالاغا چىقىپ كەتتى.

تۇرامەتنىڭ كۈنلىرى شۇ ھالدا داۋام قىلماقتا ئىدى . ئۇ كۈندىن – كۈنگە خۇدىنى بىلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى . شۇنداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەپتىلەرنىڭ بىر جۈمە كۈنى لەڭگەردىكى چوڭكۆۋرۈك ئەتراپى پاتپاراق بولۇپ كەتتى . كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، ئەتىگەندىلا يەنە مەست بولۇۋالغان تۇرامەت دەلدەڭشىپ كېلىپ ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپتۇ . ئۇلۇغ ئېقىۋاتقان سۇ ئۇنى ئېقىتىپ كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا قاپساپ ئەكىرىپ كېتىپتۇ . ئۇنى سۇدىن سۇزۇۋالماقچى بولغانلار كۆۋرۈكنىڭ ئاياغ تەرىپىگە كېلىپ ساقلىغان بولسىمۇ ، ئاياغدىن چىقماپتۇ.

پاتپاراق بولۇپ كەتكەن كىشىلەر باشتۇغدىن سۇنى توختىتىپ ، سۈيى يېرىملىغان كۆۋرۈك ئاستىدىن تۇرامەتنى سۇزۇپ چىقتى . لېكىن ، ئۇ ئاللىقاچان نەپەستىن قالغانىدى.

كېيىنكى يىلى ئەتىياز بالدۇرلا كەلدى . ئانىسىنىڭ ئۆيىدە قىرىقىنى توشقۇزۇپ ، تۇغۇتتىن قوپقان زەيتۇنخاننىڭ چىرايى ھەرھالدا تۈزۈلۈپ قالغانىدى . ئۇ بىراقلا قوشكېزەك ئوغۇل تۇغدى . ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ تۇرامەت بىلەن رىزق – نىكاھى قېتىلغانلىقىنىڭ يەتتىنچى يىلى ئىدى . رەھمەتلىك شۇ تاپتا ئوغۇللىرىنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرىنى بىر كۆرگەن بولسا چوقۇم خۇشال بولغان ، بالىغا پەيمال بولۇپ بولسىمۇ ئۆزگەرگەن بولاتتى.

زەيتۇنخان قاش – كۆزلىرى دادىسىنى تارتقان ئوماق ئوغۇللىرىغا تۇرسۇن ، تۇراق دەپ ئىسىم قويىدى . بۇ تۇرامەتنىڭ كاتتا ئۆتكەن ئاتا – بوۋىسىنىڭ ئىسمى ئىدى . بالىلىرىنى تۈجۈپلەپ زاكىداپ ، ئېشەك ھارۋىسىدا ياتقۇزۇپ ئېتىز ئارىسىدىكى يول بىلەن جىگدە بوردىماللىق ھويلىنى يوقلاشقا كەلگەن زەيتۇنخان يەنە بالىلىرىنى كۆتۈرۈپ ، ئېرىنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىپ ئۇزۇندىن ئۇزۇن دۇئا قىلدى . ئاندىن كەينىگە يېنىپ لەڭگەر بازىرىدىن بىر ئاز تۇز ، چاي ئېلىۋالماقچى بولدى . تۇرۇپ بۇ خىيالدىن يالتايدى . چۈنكى ، شۇ يىللاردا لەڭگەر ئۇنىڭ كۆزىگە شۇ قەدەر سەت كۆرۈنۈپ ، يۈرىكىنى ئاچچىق خاتىرىلەر ئۆرتەيتتى . ئەمما ، لازىملىق نەرسىنى ئالماي بولمايتتى . خىيال ، ئىككىلىنىش ئىچىدە ئوغۇللىرىنى كۆتۈرگىنىچە لەڭگەرگە چىققان زەيتۇنخان بۇ يەردىكى ۋەيرانچىلىقلارغا قاراپ ھەيران قالدى . يول بويىدىكى چېقىلىۋاتقان ئېگىز – پەس دۇكانلار ، باشقۇرۇش رايونى قورۇسى ، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ئارقىلىق كېڭەيتىلىۋاتقان يوللار...


شۇ كۈنلەردە كېڭەيتىپ ياسىلىۋاتقان دۆلەت تاشيولىنىڭ لەڭگەردىن ئۆتىدىغانلىقى ، باشقۇرۇش رايونىنىڭ قورۇسىنىڭ ئورنىغا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ سېلىنىدىغانلىقى ، يەنە دوختۇرخانا ، مەدەنىيەت ئۆيى ، سودا بازارلىرى قۇرۇلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر لەڭگەرلىكلەر زوق – شوخ بىلەن سۆزلەيدىغان قىزىق تېمىغا ئايلانغانىدى.

مانا ، قوشكېزەك ئوغلىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئانىنىڭ كۆزئالدىدا خارابىلىك ، توپا – تۇمان ئىچىدىن لەڭگەرنىڭ ئەتىسى غىل – پال كۆرۈنگەندەك بولدى . بۇ كۆرۈنۈش لەڭگەرنىڭ ئاللىقاچان ئۇنتۇلغان چۈشىگىمۇ ، ئارزۇ – ئارمانلىرىغىمۇ ئوخشىمايتتى.

ئانا ئوغۇللىرىنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆكۈچ ، مەسۇم كۆزلىرىگە ئۈمىد بىلەن قاراپ قويدى.

تەھرىرلىگۈچى: **ئەكبەر سالىھ**

www.uyghurkitap.com



# ئوقۇغۇچىلىق ھايات ، مۇھەببەت ، شېئىرىيەت

ئىمىرھەسەن مەخمۇت

**ئىمىرھەسەن:** سىزنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتىڭىز 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ، 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا توغرا كەلگەنىكەن ، سىز ۋە سىلەرنىڭ شۇ دەۋرلەردە ئۆز ـ ئۆزۈڭلەرگە بولغان تەلەپىڭلار قانداق ئىدى؟ نېمىنى بەك ـ رەك ئارزۇلايتتىڭلار؟

**ئادىل تۇنىياز:** ئۇ چاغلاردا ھەممىمىز كۆيۈپ تۇرغان ئوت ئىدۇق . بۇ ئوت ئىچىدە ئىلىم ئېگىلەشكە بولغان قىزغىنلىقىمۇ ، ۋەتەن ، خەلق تەقدىرى ئۈچۈن چوغ بولۇپ يېنىشىمۇ ، بىزنى قۇرۇق قاقشال قىلغان «كۆيۈپ ـ پىششىش»لارنىڭ يالقۇنىمۇ بار ئىدى . بۇ ئوت بىزنى ھەر ئويلارغا ، ھەر كويلارغا سالغان ، قورقۇمسىز ئىدۇق . ھەر كىمدە ئۆزىگە تۇتاشقان ئوتنى ئاخىرغىچە تۇتۇپ تۇرغۇدەك جۈرئەت بار ئىدى.

مېنىڭچە ، ھازىرقىغا قارىغاندا ئۇ چاغدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كىيىم ـ كېچەكتە ، تىل ۋە ھەرىكەتتە ئەمەس ، غۇرۇردا «مودا» قوغلىشاتتى.

**ئىمىرھەسەن:** سىز ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا ئۆگەنگەنلىرىڭىزنىڭ بۈگۈنكى رولى ۋە قىممىتىگە قانداق قارايسىز؟

**ئادىل تۇنىياز:** ئالىي مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرىمىز كۆپ ئابستراكت ، رېئاللىقتىن كۆپ ئۈستۈن نەرسىلەر ئىكەن . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، بىز يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىكى مەلۇم بىر بۇلۇتتا ئولتۇرۇپ بەش يىل پەرىشتىلەر ھەققىدە ئىلىم تەھسىل قىپتۇق . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، يەرگە چۈشۈپ ئادەملەر ئارىسىدا ياشاشنى ئۆگەندۇق.

ئېھتىمال بۇ تۇيغۇمىزدىكى ئەمەس ، مائارىپ ، ئادەملەر ساپاسى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىردەك بولماسلىقىدىكى پەرقتۇر.

**ئىمىرھەسەن:** 1980 ـ يىللاردىكى ئالىي مەكتەپ ھاياتىڭلاردىن سىزگە ئەڭ تەسىر قىلغان تەرەپنى سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

**ئادىل تۇنىياز:** ئۇ چاغلاردا ئالىي مەكتەپلەر بەك قايناق ئىدى . پات ـ پاتلا فاكۇلتېتلار ئارا مۇنازىرە مۇسابىقىلىرى بولۇپ تۇراتتى . دوكتورلارنى ، كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر ـ يازغۇچىلارنى نۇتۇق سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلاتتۇق . ھەتتا بىزنىڭ سىنىپىڭمۇ (ئەدەبىيات 1988 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ) فاكۇلتېت رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشى ۋە نازارىتى بىلەن چىقارغان گېزىتىمىز بار ئىدى.

**ئىمىرھەسەن:** ياشلىق دەۋر بىلەن شېئىرىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە قانداق ئۆزگىچە قاراشلىرىڭىز بار؟

**ئادىل تۇنىياز:** شېئىر ئۆزىنىڭ بەگۇۋاشلىقى ، قايناق ھاياجىنى ، ئەقىلدىن غالىب قۇتراشلىرى بىلەن مەڭگۈ ياشلىققا مەنسۇپ . ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر شائىرى ئەخمەد يەسەۋىي مەندىن ياش . نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ، 1998 ـ يىلى 84 يېشىدا ئىنسانلار ئارىسىدىن كەتكەن مېكسىكا شائىرى ئوكتاۋىئو پاز مەندىن ياش . مەن بولسام ئەمدىلەتىن بويىغا يېتىپ ، قەدەم يۆتكەشلىرىمۇ چىرايلىق بولۇشقا باشلىغان قىزلاردىن ، قىزلارنىڭ بوي ـ بەستىگە ئوغرىلىقچە كۆز تاشلاپ ئۆچۈرما بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئوغۇلچاقلاردىن ياش . چۈنكى ، مەن شائىر ، ياشلىق تا ئۆلگۈچە شائىرغا مەنسۇپ . شېئىر يازمىغان كۈنلىرىلا قېرىپ كېتىمەن.

**ئىمىرھەسەن:** سىزنىڭ بۈگۈنكىڭىزگە ھالقىلىق تەسىر كۆرسەتكەن ئامىل نېمە؟

**ئادىل تۇنىياز:** رىقابەت ۋە كرىزىس تۇيغۇسى . بۈگۈنكى دۇنياغا باقسام ، مەندە كۈچلۈك رىقابەت ئېڭى ، تەخىرسىزلىك ۋە يۈكسەك بۇرچ تۇيغۇسى ئويغىنىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ھەر مىنۇت ۋاقتىمنى قەدىرلەپ ، ئويۇن ـ تاماشىدىن ئۆزۈمنى قىسىپ تىنىمسىز ئىزدىنىمەن . تىل ئۆگىنىمەن ، كىتابلارنى كۆرىمەن . تەنھا تەپەككۇر يۈر-

گۈزىمەن . گويا ئاقىۋەتتى سوئال - جاۋابسىز ماددىي مەئىشەتكە غەرق بولغان پاراغەت ئەھلى ئىچىدە ئىرادە - ئىشەنچىمنى تاۋلايمەن . ئىزدىنىشلىرىم بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى تاجدار شائىرغا جەڭ ئېلان قىلىمەن . توختىماي شېئىر يازىمەن.

**ئىمىر ھەسەن:** ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشىڭىزگە نېمە تەسىر كۆرسەتكەن؟ ئۆگىنىشتىكى مەنزىلىڭىز نېمە؟

**ئادىل تۇنىياز:** ئىنگلىز تىلى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقىنىمغا ئون يىلدىن ئارتۇقراق بولدى، تىرىشىشتىن باشقا ئاسان يولنى مەن تاپالمىدىم . بىر يات تىلنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش شۇنچىمۇ بەك زېرىكىشلىك ، جاپالىق ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىش ئىكەن.

بىز ئۇچۇن تولىمۇ ھۆرمەتكە لايىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭ «بىر تىل بىر دېرىزە» دېگەنىكەن . مەن ساقىلىغا يامىشىپ «ئانا تىل ئۆز ئۆيۈڭ ، چەت ئەل تىلى دېرىزە» دەيمەن . بۇ دېرىزىدىن بۆگۈنكى دۇنيا كۆرۈنىدۇ . ئىنگلىزچە شېئىر توپلاملىرىنى ، رومانلارنى ئوقۇيمەن . بەزىدە راھەتلىنىپمۇ كېتىمەن ، بىراق ئوخشىغان ئۆگرە ئىچىپ تەرلەپ ئولتۇرۇپ ئىسسىق باسقاندەك ئەمەس ، چەت ئەلدىكى كۆنلىرىمدە بەزىدە ساندۇقچ يەپ قورساقنى گوللىغاندىكىدەك.

ھازىر 35 ياشقا كىردىم ، تۆت كىتابىم نەشىردىن چىقتى . يېزىلغان ۋە يېزىلىدىغان شېئىرلىرىمنى پاساھەت بالاغىتى بىلەن ھامان بىر كۈنى ئۆزۈم ئىنگلىزچىغا ئۆرۈسەم دەيمەن.

**ئىمىر ھەسەن:** باشقا مىللەت تىل مۇھىتى شېئىرىيىتىڭىزگە قانداق تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى؟

**ئادىل تۇنىياز:** ئانا تىلىنىڭ تېخىمۇ كەڭ ئاسمىنىغا ئېرىشتىم . ئىشق - ھەۋەسى كەپتەرۋازلارنىڭكىدىن قېلىشمايدىغان توپ - توپ شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرى ئارىسىدا ئويۇنچى كەپتەردەك ئەركىن ماھارەت كۆرسىتىشنى ئۆگەندىم . بۇنداق ھۈنەر كۆرسىتىش ئۆزىنى ھەم باشقىلارنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان ئىش . مېنىڭچە ، كۆپ تىل بىلگەن شائىر تىل قەپىسىدىن ئۇچۇپ چىقىپ بىر قېتىمدا كۆپ موللاق ئاتالايدىغان كەپتەر . مەيلى تېما ياكى ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن بولسۇن ، شېئىرلىرىمدىكى ئۆزگىرىشلەرنى مەن ئېيتمىساممۇ زېرەك ئوقۇرمەنلىرىم ئاللىقاچان ھېس قىلىپ بەتتى ، دەپ ئويلايمەن.

**ئىمىر ھەسەن:** «3 - ئايغا كىرىش» ناملىق شېئىرىڭىزنى ئۆزىڭىز ئىنگلىزچىغا ئۆرۈپ ، توردا خەلقئارالىق شېئىرىيەت مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇرۇپ مۇكاپاتلىنىپسىز ، بۇ ھەقتە نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز؟

**ئادىل تۇنىياز:** ھەقىقىي شان - شەرەپ توختىماي يېزىقچىلىق قىلىشتىن كېلىدۇ . يېزىپ بولغان نەرسىلەر مەغرۇرلىنىشقا دەستەك بولالمايدۇ .

**ئىمىر ھەسەن:** ھازىر مەيلى پروزا ئىجادىيىتى ياكى شېئىرىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان بىرقىسىم ياشلارنى ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆز ئەسەرلىرىنى ئىنگلىز تىلىدا يېزىپ بېقىشقا چاقىرىق قىلىشقا بولامدۇ؟

**ئادىل تۇنىياز:** گارسىيە ماركوز «يۈز يىل غېرىبلىق» رومانى ئارقىلىق لاتىن ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىنىڭ غېرىبلىقىنى يازغان ، ئوكتاۋىئو پاز شېئىرلىرى ئارقىلىق كۆچۈپ يۈرگەن ئىسپان مىللىتىنىڭ يېڭى قۇرۇقلۇقتىكى مەدەنىيەت تەنھالىقىنى ئىپادىلىگەنىدى . مەن ھەر ۋاقىت چەكسىز تەنھالىق تۇيغۇلىرى ئىچىدە شېئىر يازساممۇ ، ئىجادىيەت قىلىۋاتقان سانسىز ھەمراھلىرىمىزنىڭ بولغىنىدىن يالغۇزسىراپ قالمايمەن . ئۇلار مەيلى مەندىن كىچىك ياكى چوڭ بولسۇن ، مەيلى تونۇلغان ياكى تونۇلمىغان بولسۇن ، مەيلى شېئىر ياكى ھېكايە يازسۇن ، بىز بىر سازنىڭ ئوخشىمىغان تىللىرى . ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ جەلپكار كۈيدە ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ھەسسىسى ۋە خاس ئاۋازى بار . قەلەمداشلىرىمغا سەممىيلىك بىلەن ئېيتىدىغىنىم: ئۈمىدسىزلەنمەيلى ، ئەگەر شارائىتىمىز كۆتۈرسە يۈز ھەسسىلەپ تىرىشايلى . بىراق ، ھەممەيلەننىڭ جەزمەن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشى شەرت ئەمەس . تىل ئۆگىنىشكە كېتىدىغان ئاشۇ ۋاقىتتا تېخىمۇ ئېسىل ئەسەر يازالىساڭلار ، ئەسەر يېزىڭلار ، ھامان تەرجىمە قىلىدىغانلار چىقىدۇ.

**ئىمىر ھەسەن:** ئىلگىرى چەت ئەلنى كۆرگەن ئادىل تۇنىياز بىلەن چەت ئەلنى كۆرگەندىن كېيىنكى ئادىل تۇنىياز ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرق ۋە مۇناسىۋەت بار؟

**ئادىل تۇنىياز:** ئۆز خاراكتېرىم بويىچە جىمجىت يېرىپ جىمجىت ياندىم . بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ۋەتەنپەرۋەر ، ئىنسانپەرۋەر ۋە «پۇلپەرۋەر» بولۇپ قايتىپ كەلدىم.

**ئىمىر ھەسەن:** سىز بازار ئىگىلىكى بىلەن ئەدەبىيلەرنىڭ

مۇناسىۋىتى ھەققىدە نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز؟

**ئادىل تۇنىياز:** بازار ئىگىلىكى نام قازانغان بىرقىسىم يازغۇچىلىرىمىز ۋە خېلى كۆپ ئوت يۈرەك ھەۋەسكارلىرىمىزنى «سېتىۋەتتى» . شۇنىڭدىن كېيىن ئەدەبىيات كوچىسىدا ئۇلارنى كۆپ چېلىقتۇرمىدۇق . مەن ئۇلار ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىمەن . ئەدەبىياتتا بىرىنىڭ ئورنىنى بىرى ئالالمايدۇ ، چۈنكى بېزىقچىلىق ئىسمىنا ئالمىشىپ ئىشلىسە بولىدىغان زاۋۇت ئەمەس ، ئەدەبىي ئەسەر مال ئەمەس . بىزدە دۇنيانىڭ ئەدەبىياتىنى بىلىپ تۇرىدىغان ھەم ئۆز ئەدەبىياتىغا مەسئۇلىيەتچان بىر تۈركۈم قەلەمكەشلەر بولسا بولاتتى . رېئاللىقنىڭ تەلپىگە ، بازار ئېھتىياجىغا ، ئاممىنىڭ ئىستېمالىغا قاراپ يازىدىغان ئەمەس ، ساپ سەنئەت قارىشىغا ، نادىر ئەسەر خاھىشىغا ئىگە غايىلىك ، مەۋقەسى مۇستەھكەم ئەدەبىيات پىداكارلىرى بولسا بولاتتى . تىرىكچىلىك ئۈچۈن شائىر ئۇلاغ بازىرىدا ئېشەك يېتىلەپ يۈرۈشتىن نومۇس قىلغۇلۇق ئەمەس ، لېكىن ئېشەك سېتىپ تاپقان پۇلنى قەغەزدە گەپ سېتىپمۇ تاپقىلى بولىدىكەنغۇ دېگەن ئويدا ئەدەبىيات بازىرىغا كىرگەنلەرگە ۋاي . خەلقىمىز سۆيۈملۈك ، خەلقىمىز چېچەن ۋە سەگەك . ئەدەبىيات موھتاج بولغان نەرسىنى بەجانىدىل قىلسىلا خەلق يەنىلا ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى قەدىرلەشنى بىلىدۇ.

مەن ئۆز خىراجىتىم بىلەن چىقارغان شېئىر توپلىمىم باشقىلار ئېيتقاندەك «گۆڭگا» بولغانلىقى ، «يوغان ، گومباڭ» بولغانلىقى ۋە باھاسىنىڭ بارلىق شېئىر توپلاملىرىدىن ئۆرە بولغانلىقى بىلەن بېسىلىپ قالمىدى . ئەكسىچە ، شېئىرلىرىمنى چۈشەنمىسىمۇ ئەمگىكىمنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىدىغان ، مېنى قولدىن كېلىشىچە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغان ئاق نىيەت ، ساپ دىل كىشىلەرنىڭ ، ئۇستازلىرىم ، دوستلىرىمنىڭ ، ساۋاقداش ، كەسىپداشلىرىمنىڭ بولغىنىدىن ، ئەڭ مۇھىمى ، مەن سۆيگەن ۋە مېنى سۆيىدىغان بۇ مېھرىبان خەلقىمنىڭ بولغىنىدىن كىتابىم نەشردىن چىقىپ ، ئىككى ئايدىلا قولۇمدا تۈگىدى . تۈگىدىلا ئەمەس ، ھازىرغىچە ئىزدەۋاتقانلار ، ھەسسىلەپ باھادا ساتقانلار ۋە سېتىۋالغانلار ، قەدرىنى ، نەرخى ـ ناۋاسىنى قىلىدىغانلار كۆنسېرى ئاۋۇدى . بۇ ماڭىلا ئەمەس ، بازار ئىگىلىكى دەۋرىدىمۇ ساپ ئەدەبىياتقا ئۆزىنى ئاتىغانلار ئۈچۈن زور تەسەللى ، رىغبەت ۋە نامسىز مۇكاپات!

**ئىمىر ھەسەن:** ئاخىرىدا كەڭ ياشلارغا ئېيتىدىغان قانداق يۈرەك سۆزلىرىڭىز بار؟

**ئادىل تۇنىياز:** سىلەرنى سۆيىمەن ، سىلەرگە مۇھەببەت ۋە بەردەملىك تىلەيمەن . سۆيگۈ بىر پارچە ئوت ، ئوتنى تۇتۇپ بېقىڭلار . سۇ ئىچىڭلار ، مەنە سۇدىمۇ؟ ئاش ئىچىڭلار ، مەنە ئاشتىمۇ؟ تەكرار يېيىش ـ ئىچىشنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوق .

گېرمانىيە پەيلاسوپى نىتزى 1888 ـ يىلى يازغان «ئېتىقادنىڭ زاۋاللىقى» ناملىق كىتابىدا مەدەنىيەت كېسەللىكلىرىنى تەنقىد قىلىپ «قورقۇنچاقلىق ۋە راھەتپەرەسلىك ھازىرقى زامان كىشىلىرىنى زەئىپلەشتۈرۈۋەتتى» دېگەنىدى . مەدەنىيەت كومپيۇتېر بىلىش ئەمەس ، چەت ئەل تىلىدا سۆزلەش ئەمەس ، ھاراق ياكى كوكاكولا ئىچىش ئەمەس ، ئۇ پەقەت ئوخشىمىغان كىشىلەر توپى ئارىسىدىكى ھاياتلىق ئەنئەنىلىرىنىڭ ئۆلۈمگە قارشى داۋاملىشىشى ، يەر شارىدىكى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئاڭ سىگنالى ئارقىلىق زور ھالاكەتتىن ئامان قېلىشى . ئاتا ـ بوۋىلاردىن كەلگەن ئۆرپ ـ ئادەت ۋە مۇراسىم ھالىتىدىكى ئۇچۇرلارغا قايتا نەزەر ئاغدۇرۇڭلار ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئۈزۈلۈپ قالماي سىلەرگىچە كەلگەن بۇ نەرسىلەر مەدەنىيەت . ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ قەلب قاتلاملىرىدا ، بىر مىللەتنىڭ ئورتاق تۇرمۇش قاتلاملىرىدا ۋە كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك قىسمەت ئۆزگىرىشلىرىگە تۇتقان ھەرىكەت ، پوزىتسىيىسىدە . مەدەنىيەت تىل ۋە تىل تاۋۇشىنىمۇ ، ئىنچىكە چىراي ئىپادىلىرىنىمۇ ، تۇرمۇشى تراگېدىيىگە تولغان كىشىلەرنىڭ قايناق ياشاش قۇۋۋىتىنىمۇ ۋە ھالاكەتكە يۈزلەنگەن تۈرلۈك كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ ئامالسىز سۈكۈتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەن قۇشقاچلار ۋىچىرلاپ تۇرغان بىر سۇبھى پەيتىدە ئىچىمنىڭ چەكسىز يورۇپ كېتىۋاتقىنىنى ، دۇنيانىڭ گۈزەللىك تەرتىپلىرى بىلەن يېڭىۋاشتىن قۇرۇلۇۋاتقىنىنى ۋە تالاي ئادەملەرنىڭ مەئىشەتلىك تۇرمۇشتىن ھالقىپ ئۆتەلمەيدىغىنىنى ، يەنى ئويغانمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

مەن ئۈنلۈك ئاۋازدا ياشلارغا سۆزلەيمەن: كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار!

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**



# تاش شەھەر

مۇتەللا قىرانى

**مۇھەررىردىن:** مۇتەللا ئەبەيدۇللا قىرانى 1970 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئۈستۈنئاتۇش يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز يېزىسىدا تاماملاپ، 1988 ـ يىلىدىن 1993 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان. ھازىر قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسى مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

مۇتەللا قىرانىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان ھەۋىسى كىچىكىدىنلا باشلانغان بولۇپ، «ئويغات مېنى» ناملىق تۇنجى شېئىرى 1986 ـ يىلى «قىزىلسۇ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان. ئۇ، شۇندىن بۇيان ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ھېس ـ تۇيغۇلىرى، ھايات مۇڭلىرى ۋە سۆيگۈسىنى ئەركىن مىسرالىرى ۋە لىرىك نەسرىي قۇرلىرىدا ئىپادىلەپ بىر دەۋر ياشلار ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان، ھەمدە ئەدەبىي ئىجادىيەت نەتىجىلىرى ياخشى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، كۆزگە كۆرۈنگەن ياش ئەدىبلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

مۇتەللا قىرانى بىر مەزگىللىك سۈكۈت ۋە ئويلىنىشتىن كېيىن «تاش شەھەر»، «تاش نەي»، «تاش قەدەھ» ناملىق ئۈچ پارچە كىتابىنى نەشرىياتقا تاپشۇردى. «تاش شەھەر» ناملىق تۇنجى كىتابى يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشردىن چىقىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ يېڭى نەتىجىلەرنى تىلەپ بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنى كىتابخانلار ھوزۇرىغا سۇندۇق.

## كۆزنەكتىكى سۈرەت

تۇيغۇلارغا تولغان بۇ كۆزنەك
قولۇمدىكى مەي رومكىسىدەك.
سۈرەت
يەلپۈتىدۇ سىرلىق چېچىنى،
نىگاھلارنى نىگاھقا چېتىپ.
تەبەسسۇمى ئۆچمىگەن لەۋدە،
ئىسسىق تىنىق كەتمىگەن دەمدە.
بىر ناخشىغا ئايرىدە بولۇپ،
ئۇنتۇپ قالدى كۈلۈمسىرەشنى.
ئۇنتۇماڭلار
بۇ كۆزنەكنى سەبىي بىر بالا
ئېتىقادقا قىلدى قىبلىگاھ
تۆرەلمىدى نېمىشقا بۇ دەم
ئەنسىرەشنىڭ ئۇدۇمى تېخى؟
كۆزنەكتىكى سۈرەتتەك
چايقىلىدۇ رومكا قولۇمدا.

## ئاق قۇلار

ئاق قۇ كۆلى بۇ يەردىن يىراق،
لېكىن ئۇلار كېلىدۇ ئۇچۇپ.

باھارنىڭ بىر ئىللىق كېچىسى
قارلىغاچلار توپلىرى بىلەن
قايتىپ كېلىپ ئىسسىق يەرلەردىن
لەمپە ئۈيگە سالغاندا ئۇۋا،
لەگلەكمگە قونۇپ بىر ئاق قۇ
تاشلاپ بەرگەن بىر تال پېيىنى،
سەن بۇلارنى بىلەمسەن، ئانا؟

چوكانتالنىڭ كىچىك ياپرىقى
يۈرىكىمدەك نازۇك ۋە يۇمران.
ئۇنى سىيرىپ بوستانچاچ قىلىپ
قوشنا قىزلار ئېسىشقان چاغدا
سەنمۇ ئېيتىپ بەرمىگەن تېخى
بىر ناخشىنى ئېيتقان شۇ ئاق قۇ،
بۇ ناخشىنى بىلەمسەن، ئانا؟

قارلىغاچقا ئەگىشىپ يەنە
ئۇچۇپ كەتتى ئاق قۇمۇ يىراق،
ئېيتقىن، ئانا، سەنمۇ بىر چاغلار
كۆرگەنمىدىڭ ئاق قۇ توپىنى؟
ئۇلار ساڭا يۇمران ئۇنىدە

قانداق ناخشا بەرگەنتى ئېيتىپ ،
بەرگەنمىدى ئاپئاق پېيىنى؟

بىر تال ئاق قۇ پېيى قولۇمدا
مەن ئانامنى سېغىنغىنىمدا
ئايلىنىپلا كىچىك ئاق قۇغا
قارلىغاچنىڭ باللىرى بىلەن
ئۇچۇپ كېتەر يىراق جەنۇبقا .
ئاق قۇ كۆلى بۇ يەردىن يىراق ،
لېكىن ئۇلار كېلىدۇ ئۇچۇپ .

## 14 ـ مارت ، سەيشەنبە

بېغىشلىما يازمايمەن بۇ كەچ ،
ئۈنئالغۇنى قويما ئاۋازلىق .
پىرقىراشقا چاقىرما مېنى ،
ھەمراھ بولسۇن بىردەم ئاراملىق .

سەيشەنبىنىڭ دەقىقىلىرى ،
ئۆتۈپ كەتمەس ، توختات سائەتنى .
مەن سۆيگەندە ئۈزۈن چاچلارغا ،
دېرىزىگە تارتىپ قوي پەردە ،
سۆيۈشۈشكە بەرمە جۇدالىق .

بۇ قىش پەسلىنىڭ ئاخىرقى كۈنى ،
تېخى گۈللەر ئاچمىدى چېچەك .
سەن ئېلىۋالدىڭ ناخشامنى مېنىڭ ،
قاراپ قويۇپ ئارقاڭغا پات ـ پات .
مۈرەمدىكى ئەتىر پۇرىقى .
پىچىرلايدۇ يۇلتۇزلىرىغا ،
سەيشەنبە بۇ ئون تۆتىنچى مارت .

## ئۆچۈق دېرىزە

مەن تەلپۈنگەن ئۆچۇق دېرىزە ،
چاچ تارىغان كىمكىن ئۇ يەردە؟

بىلەمسەنكىن مېھرىبان ئانا
بىر ئورمان بار كەنت سىرتىدا .
ئاق قۇشقاچلار كەتكەندە ئۇچۇپ ،
يوپۇرماقلار تۆكۈلەر لەرزان .
ئۇ يەردىكى قومۇش كەپىدە ،
ئاي ـ يۇلتۇزلار تۈنەيدۇ چوقۇم .
ئورمانلىقتا توشقان بارمىكىن؟
ئۇۋ ئىتلىرى قاۋايدۇ بەزەن .
ئېيتالمىدىم ناخشامنى ئانا ،
كەلمىگەچكە سۇغا قوشنا قىز .
ئۇۋ ئۇۋلاشنى بىلمەيمەن ، ئەمما
ياۋا توشقان قوغلايمەن بەك تېز .
كۆز بورىنى كەلدى يېقىنلاپ ،
بەلكى بۆگۈن ئۇنتۇلار ھەممە .
يىراقتىكى بۇ كىچىك كەنت ،
تاغ باغرىدا ياتار تىپتىنچ .
قار ئاستىدا قالدى ئورمانلىق ،
قۇشلار قىشلاپ قالمىغاچ بۇندا .
كىمگە خالتا قىلاركىن ئۇنى
ئاق باغلىغان مەيۈس تۇل ئايال ،
جىگدە قېقىپ يۈرىدۇ ئۇندا .

دېرىزىدە مۇز نەقىشلىرى ،
ياليۇز گۈلى چۈشكەن چاغدا .
سەن تەلپۈنگەن ئۆچۇق دېرىزە ،
تاشلاپ بېرەر ماڭا تۆگۈنچە .
بىلەمسەنكىن، ئاھ جېنىم ئانا ،
خەيرلىك چۈش كۆردۈم بۇ كېچە .

## تاش شەھەر

سەندە مەۋجۇت سۆيۈش ، سۆيۈلۈش ،
ئادەملىرىڭ ئەمەس ئىستەكسىز .
سېنى ھەممە يۇرتقا تونۇتقان ،
مېۋىلىرىڭ پىشار چېچەكسىز .

تاشلىق يوللار ، تاشلىق مەھەللە ،
ئايغىمنى چىقارغان دىيار .
قالساڭمۇ گەر يىراق قىرلاردا ،
نامىڭ ناخشا بولۇپ ئېيتىلار .
مەن تۇغۇلغان قەدىم تاش شەھەر ،
ياشاپ كەلدى قۇياشقا ئوخشاش .

قولمىزدىن كەلمىدى لېكىن ،
بۇغرام ئۇچۇن تاش مۇنار ياساش .
تاش ئۈستىدە ئولتۇرغان ئانا ،
نەۋرىسىگە سۆزلەيدۇ قىسسە .
مەكتەپ ئاچماق بولىدۇ ھەمدە ،
تېرەن چېغى قايتىپلا كەلسە .
ئاتۇش
تاش زېمىنسەن پويىز گۈدۈكى ،
جىملىقنى بۇزغانغا قەدەر .
ھەر سەھەرگە ئاچارسەن قۇچاق ،
نورۇز بوۋاي تۇغۇلغان شەھەر .

# ئىككى شېئىر

**تۇرسۇنئاي ھۆسەين**

## قار ياغماقتا

قار ياغماقتا تەبىئەتنى سېلىپ ھەسرەتكە،
سۇرەنچى قۇش، گۈل گىياھلار چۆمدى پىراققا.
يەر ـ ئاسماننىڭ قەلبىدىكى شاتلىق كۈيلىرى،
ئۇچۇپ كەتتى خۇددى قۇشتەك ، كەتتى يىراققا.

نۇرلۇق قۇياش، جىلۋىلىك ياز، شوخ ئويناق دەريا،
شاۋقۇنلىغان سۇلىرىنى كەتتى يېتەكلەپ.
بىلمەيدۇ ياز ئۆز قەدرىنىڭ ئۆتكەنلىكىنى،
دىلنى ھەسرەت باسقىنىنى قەۋەت ـ قەۋەتلەپ.

بىلمەس ئىنسان قىممىتىنى گۈزەل گۈلشەننىڭ،
بىركۈن كېلىپ باسمىغۇچە قارا قىش، زۇلمەت.
تىرىكلىكتە بىلمەس ئاتا ـ ئانا قەدرىنى،
ئايرىلغاندا ياشلار تۆكەر، ئاڭا نە ھاجەت.

## يۈرەك

ئۇزاق تۈندە جۈپلەشمەيدۇ كىرپىكلەر،
راكىتادەك ئالەم ئارا كېزەر باش.
ئېلىپ قاچسا سەگەك خىيال كېمىسى،
پەر ياستۇقۇم بەجايىكى بولار تاش.

كۈندۈزمۇ تۈن، كېچىمۇ تۈن، سانسىز ئوي،
سانسىز سوئال، تەڭسىز ئالەم، قاتار باش.
چوغلىنىدۇ مەشئەل كەبى بۇ يۈرەك،
قارا تۈننى يورۇتماققا بوپ قۇياش.

غەم بولۇتى باستى قارا ئورماننى،
كائىناتنى چەيلەپ ئۆتەر قارا تۈن.
يىغلار يۈرەك، كۆيەر يۈرەك دانكونىڭ،
يۈرىكىدەك زەي ئورماندا بولدى خۇن.

ئۆلدى زۇلمەت، سۇندى كۈلپەت، چاقتى نۇر،
يەر ـ زېمىنگە نۇرلۇق قۇياش بولدى شاھ.
ئۇنتۇپ كەتتى قوتۇلغانلار ئۇ تۈننى،
زەي ئورماندا مەشئەل يۈرەك كۆيدى ئاھ.

مەيلى كۆيسۇن ، مەيلى ئۆلسۇن بۇ يۈرەك،
تۈننى تاڭغا ئۇلىدى ئۇ تۆكۈپ زەر.
مەيلى ئۇنى ئۇنتۇپ كەتسۇن قارا تۈن،
مەيلى ئۇنى بىلمەي قالسۇن ئۆزگىلەر.

# شېئىرلار

**ئاسمجان ئوبۇلقاسم**

## پەرىشتىلەر يۇرتى ھەققىدە

بىر ناخشا
ئىچىمدە ئەسەبىيلەرچە ياڭرىماقتا ،
سىلەر تەكرارلايسىلەر بىر ئېغىز سۆزنى
مەن كۆردۈم كۆنچى دەرياسىنى

شۇنچە قوپاللىق بىلەن
يازدىم توختىماي بىر خەتنى
كۆڭلۈم ئاراللاردەك چەكسىز
قەلبىم ئاياللاردەك ئەنسىز
كېچىلەرنىڭ پەردىلىرى قىزغۇچ ھەم ئۇزۇن
سېنىڭ ھالرەڭ كەچلىك كىيىمىڭ
رۇخسارىڭنى ئاچقان بۆلەكچە
بىز قەھۋەنى سۈمۈرمەكتىمىز
بىر ـ بىرىمىزنى كۆرمەكتىمىز
ئاستا ـ ئاستا
تەلۋىلەشكۈم كېلەر بىردىنلا

يۇلتۇزلار ھەققىدە سۆزلەيدۇ تەڭرىم
قىزلار ھەققىدە سۆزلەر پەرىشتە
نەۋ ئېچىلغان گۈللەر ھەققىدە
مۇڭدىشىۋاتقان چىرايلىق كەچتە
قىزارغان چېچەكلەرنى
ئىزدەپ چىققان سەپەرگە
مەست كېپىنەك سەنمۇ ياكى مەن

سىم – سىم يامغۇر يېغىپ تالادا
چاچلىرىمنى ھۆل قىلماقتا
بىر ناخشا
ئىچىمدە ئەسەبىيلەرچە ياڭرىماقتا

كىرىشىپ كەتكەن بەدەنلەر
شۇ بەدەندىن ئاققان چېچەكلەر
ئازابلىرىڭ چېچەكلەر ئىدى
ۋەھشىيلەشكەن بولسام بىردىنلا ...

ئازاب بۇنداق بولماس دەر ئىدىم
ئازاب يوقلۇق بولمىسا
سۆزلىمەكتە بارماقلىرىم
رومالىڭنى ئېچىپ قاتمۇ قات

بىر ناخشا
ئىچىمدە ئەسەبىيلەرچە ياڭرىماقتا
مەن بىلىمەن
پەلسەپە ئەمدى ئاقمايدۇ
مەن تۇيغۇمغىلا ئىشىنىمەن
ئەينەكتىكى ئەپتىمنى تەلتۆكۈس كۆرۈپ
ۋەھشىيلىشىمەن
مەن پۇتۇنلەي ئۆزۈمگە مەنسۇپ
مەن تۇرالايمەن
مەن ئاياغلاشتىم

سىم – سىم يامغۇر يېغىپ تالادا
چاچلىرىمنى ھۆل قىلماقتا

يىلان يىلاندىن تۇغۇلار
چېچەكلەرنىڭ ئىزى قان
ئەتىسىز، ئۇرۇق مىسرالار
جۈملىلەردە ئېقىۋاتقان

قىزىل رەڭگە قەلبىم ئىنتىزار
قىپقىزىل نۇر بارلىق قىزلار
ئاخىرلىشار شېئىر ھامىنى
ھەممە ئەرلەر قاراڭغۇ ئورمان

سېغىنغىنىم دىلكەش دوستلىرىم
خىيالىمدىن كەچكەن نەرسە جىن
ئەڭ يېگانە قالغان بىر ئەرمۇ
ئاياللارنى ئويلىشى مۇمكىن

ئاياللارنىڭ ئايغانلىرى
چاقناتماقتا ئىدىيىمىزنى
كۆلۈمسىرەپ ئەينەكتىكى ئەر
ئاققۇزماقتا ئۆز قېنىنى

بىرناخشا
ئىچىمدە ئەسەبىيلەرچە ياڭرىماقتا

تاملارنىڭ ئاۋازى يوق
تاملارنىڭ كۆزى يوق
كۈندىن – كۈنگە تەلۋىلىشىمەن
قاياقىقا قارىسام سېنى كۆرىمەن
سېنى كۆرسەم
سۇ چاچقۇم كېلەر

سېنىڭ چۈشۈڭگە ھەممە نەرسە كىرىدۇ
سېنىڭ چۈشۈڭنى بىلىپ بولمايدۇ

## ئەتىياز ۋە ئاپام

قىشنىڭ يارىسى ئېچىلماقتا ،
ئاق تېرەكلەر كۆكىرەر ئەمدى.
تىرىلگەندەك مېھرىبان ئاپام ،
بوسۇغىلارنى سۈپۈرەر ئەمدى .

قارلىغاچلار ئويغانمىسا تاڭ ،
پېشايۋانلىق ئايۋانلار غېرىب .
دەھلىزدىكى كۆز يېشى ناخشا ،
مەرغۇللىنار ئاپام زوڭزىيىپ .

پىچىرلايتتى ئاپام ئىچىدە
ئەتىياز

قىشنىڭ يارىسى
ئەگىز بولۇپ ئاققاندا
ئىسسىق مېھرىڭ بىلەن
ئالقىنىڭنى ئاچتىڭ دېھقانغا ...

بىر نەپەستە تىلىڭدا سۆزۈڭ،
بىر نەپەستە يۇمۇلار كۆزۈڭ...

### پەيشەنبە

1

ئۆرگەلدى پەلەك
چۆرگەلدى پەلەك
مەن ئازابىنى ھېس قىلىۋاتىمەن
جىمجىت ئولتۇرۇپ
كۆزىتىۋاتىمەن
ئالما يۈزلۈك تولۇنئايىمنى...

قارا كۆزلۈك پەيشەنبە كۈنى
يەلپۈتۈپ سۇمبۇل چېچىنى
پارقىرىتىپ ئالما يۈزىنى
چىقىپ كەلدى پەيشەنبە كۈنى
چىقىپ كەلدى
چايقىغانچە زىلۋا بويىنى
كېرىپ كۆكسىنى
لەرزان دەسسەپ پەيشەنبە كۈنى

پەيشەنبە كۈنى قارىيىپ قۇياش
ئۇماق بۇدۇرۇق باللار
قىپقىزىل نۇر ئىچىدە
چۆمۈلۈپ ھاياجانلىق چاقناشلارغا
كۈلۈپ پىلتىڭلاپ يۈرمەكتە...

سارالڭ ئايالمۇ بۇ
ئالىجوقا توۋلاپ يۈرىدۇ؟
ھەي، ماۋۇ بوۋاينى
ئېچىۋېتىپ مەيدىسىنى
مەي ئىچكىلى كىرىپتۇ
ئەكېلىڭلار ئاچچىق شارابتىن
تۈنۈگۈن چىشلىۋالغان ھاراقنىڭ
خۇمارىنى چىقىرايلى بىر
گەپ سورىماي قۇيۇۋەرگىنە
ياش، ساقاللىق
بۆرە كۆز يىگىت

ئاپرېل شامالىرى روجەكلەردىن كىرمەكتە
ھېچ كىشى يوق يېنىمدا
سۇرۇۋاتىمەن ئاشۇ مەيىنىڭ پەيزىنى
ئېھ، چىرايلىق، سۆيۈملۈك ئازاب
يۇمشاق، ئۇماق، بۇدۇرۇق قولىدا
سىلىماقتا ئېڭەكلىرىمنى
لىغىرلىغان كۆزۈمگە قاراپ
جىمىرلىماقتا ...

سۆيۈملۈكۈم!
تولۇنئايىم!
سەن يوق چاغلاردا
ئېسىلىپ ئۇلارغا
گىرە سېلىپ ئاپئاق بويىنغا
كۆرمىدىڭ يىغلىغىنىمنى

2

پەيشەنبە كۈنى
تۆت ـ بەش ئاغىنە
يىغىلىشىپ
ھاراق ئىچتۇق قاۋاقتا

## شېئىرلار

### مۇختار بۇغرا

### ۋاپادار ئوغرى

سەن مېنىڭ يالغۇزۇم، مەنمۇ ھەم يالغۇز

سەن مېنىڭ يالغۇزۇم، مەنمۇ ھەم يالغۇز،
بازاردەك، ھېيتتەك ئاۋاتتۇر ئەتراپ.

ھايات دېڭىزىغا تاشتەكلا چۆكتۇق،
ئەسەبىي سۆيگۈمىز تۇرىدۇ قۇتراپ.

سەن مېنىڭ يالغۇزۇم، مەنمۇ ھەم يالغۇز،
نە سەۋەب بۇگۈندىن تولۇق ئالداندۇق.
بىر سائەت بۇرۇنمۇ چۈشىنەلمىگەن،
بىر سائەت كېيىنمۇ چۈشەنگىمىز يوق.

سەن مېنىڭ يالغۇزۇم ، مەنمۇ ھەم يالغۇز ،
سۇسلاشتى رەڭگىمىز ئاۋازلار ئارا .
گۈلزارنى تاللىشىڭ بولدى توپتوغرا ،
بەشنچى پەسلدە بوزلايدۇ بۇغرا .

## يېڭى شېئىر مەدرىسى

چاك ـ چاك بولدى بىر تاللا غۇنچە ،
ئۆتتۈپ كەتكەن بىر سوتكا ئىچرە .
شېئىر دىلغا سالىدۇ گىرە ،
قۇچىقىمدا ياستۇقتەك شىرە .

قاشالانغان شېئىر مەدرىسى ،
تۆت چاسىلا شېئىردەك گويا .
رەقىبىمدەك قارايدۇ كۈلكە ،
ئاھ! دوستۇمدەك مارايدۇ يىغا .

كىرىپ كەلدى شېئىردەك سۈكۈت ،
چۇمبەل ئارتىپ غېرىب خانەمگە .
راست كۆيگىنى ئابدۇللا شاتىر
غېرىب ئەمەس ، شاھى سەنەمگە .

قوش دېرىزە بېلەت تەكشۈرۈپ ،
سۈبھىدىلا كىرگۈزدى ھاۋا .
كۆرۈپ بۇغرا كونا چولپاننى ،
سىزىپ چىقتى يېپيېڭى نۇسخا .

خانئەتلەسكە ئاستا ئورالدى ،
قانىتىنى سۈرەپ كەلگەن قىز .
بۇ مەدرىسىنىڭ قۇببىسى ئېگىز ،
شېئىرىمچۇ؟
يىرتىلغان كىگىز .

يېڭى مەدرىسە سالساڭلار ئەگەر ،
ئىشلىتىڭلار مېنى ئۇلتاشتەك .
ئۇچراپ قالسا نەۋائى ھەزرەت ،
قۇچاقلىسام ئاھ! ساۋاقداشتەك .

## كۆتۈش

سېرىقتال كۆلدە كۆكلەرگە باقسام ،
بەكمۇ سۇس كۆرۈندى شەرق يۇلتۇزى .
ئادەملەر كۆنۈكتۇر يەنە ياشاشقا ،
ئۆزۈمنىڭ كۆرگىنى ئۆزۈمنىڭ ئۆزى .

خەۋپلىك ئوتتۇرا ياشلىق مەۋسۇمى ،
بوپ قالار كۆچتۆگۈر كىچىگە كۆڭۈلك .
ئارمانغا تۇشلۇق دەرمانىم قېنى؟
ئاقىرىشقا باشلاپتۇ مەيدەمدىكى تۈك .

باغرىغا تارتىدۇ سوغۇق دۆڭكۈرۈك ،
كۆڭگەنمەن يېپيېشكە تۈكلۈك ئاق پاچاق .
يىغىشتۇرار دۇكاننى خۇيزۇ چوكانچاق ،
مەست بولۇپ ياتىدۇ قەدىناس قوشاق .

## كىملىك

مەن كىم؟
مەن ئۆچۈرۈلگەن ئارخىپ ،
ۋراچ دەيدۇ: «سەن قانداق ئاغرىق؟»
تونۇمىدى دوست ـ چۆپقەتلىرىم ،
مەن زادى كىم؟
مەن كىمگە تالىق؟

تەن سىرتىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم ،
تونۇش ماڭا كوچىلار ، ئىشىك .
باش چايقايدۇ ھەممە خالايىق ،
قوللىرىمدا بىر جۇل ـ جۇل كىملىك .

ئۆيۈمدىكى ئىت ــ ئاخىرقى ئۈمىد ،
ئاھ! ئۇنىڭمۇ پەرۋايى شالغۇت .
ئۆچكەن يۇلتۇز ــ قوتۇر سالاھىيەت ،
تونۇش پەقەت ئۆزۈمدىكى ئوت .

ئانكىتىمنى قايتا توشقۇزما ،
ئۆزۈم بېرەر ئۆزۈمگە نوپۇز .
تۇغما ناكاھ ئادرېسسىز كوچا ،
كىملىك دېگەن چاقى يوق تورمۇز .

## ۋاپادار ئوغرى

باغاشلايمەن سېنى ياستۇقتەك ئۆيقۇ ،
چالا مىسرالاردەك بوغۇم ـ بوغۇم يار .
تۈنجى قېتىم ئوغرىلىققا چۈشكەندەك ،
قەپىسىمگە كىردىڭ تومۇچۇقۇم يار .

بولۇشى ناتايىن «ئا»نىڭ باش ھەرپ ،
ئۇ ئوغرى چىشتەكلا ياراشقان نەقىش .
ئادەم ، ھەۋا بايرىقىدا بار بولغان ،
ئوتتۇزئىككى ھەرپ ـ ئوتتۇز ئىككى چىش .

ئېرىقىم كېچىچە ئاغرىپ چىققاندا ،
ياغاچ قوشۇقۇڭدا ئىچۇردۇڭ شېئىر .
ئوغرىلىقچە سۆيۇش ئوغرىلىق ئەمەس ،
ئۇيقۇڭنىڭ ئىچ ـ باغرى سارايدەك كامىر .

ئۇزۇن ـ ئۇزۇن داستاندەك يىلان ،
شالدىراق قۇيرۇقىنى تىلغا تاشلايدۇ .
ئاغرىقىنى سۆيگەن نامەلۇم گاچا ،
ئۇيغۇر تىلىدا يىغا باشلايدۇ .

ۋەھشىيانە سۈركە يۇمشاق تېنىڭنى ،
ئانا تىل يىلتىزىغا ئامراق ئەي قۇرت .
ۋاپادار ئوغرىمەن ئوتتۇز ئۇچىنچى ،
ئۇيقۇ ، چۈش ، ئۇچىمىز بىر مەھەللە ، بىر يۇرت .

# شېئىرلار

## تەلئەت قادىرى

### گۈزەللىك ھەققىدە

ياتىدۇ يىلاندەك چەكسىز سوزۇلۇپ ،
قۇپقۇرۇق چوققىلار ، تاغلار مىڭگىشىپ .
تۇيۇلار يىراقتىن تاشلىساڭ نەزەر ،
كەتكەندەك تۇمەن مىڭ خىيال چىرمىشىپ .

ئۇرىدۇ يۇزۇڭگە ئوتنى ـ ئىسسىقنى ،
قۇملارنى قىزىتىپ ياتقان جەزىرە .
مۇبادا سەن ئۇنى سۆيەلىسەڭلا ،
سەن ئۇچۇن بۇ گويا چەكسىز مەنزىرە .

بەزىلەر گۈزەللىك ھېس ـ تۇيغۇسىنى ،
تاپالماس گىياھسىز تاغ ۋە چۆللەردىن .
گۈزەللىك ئىزدىگەچ ئۇلار ھەر قاچان ،
چىمەنلەر قاپلانغان دالا ـ كۆللەردىن .

چۈشەنسەڭ بۇ دېگەن تەبىئەتتىكى ،
كارامەت گۈزەللىك ـ تۇغما مەنزىرە .
يالىڭاچ بوۋاقتەك بايا كۆز ئاچقان ،
يۆگىلىپ بولمىغان تېخى يۆگەككە .

چۆل دېگەن گۈزەلدۇر چۆللۈكى بىلەن ،
قاقاس تاغ نامايان قاقاسلىقىدا .
ئاغرىنساڭ كۆيۈك تاغ ، كۆيۈك چۆللەردىن ،
گۈزەللىك بولمايدۇ بۇندا دۇنيادا .

### مەن ئەمەس

سەن قىزغىنىپ سۆيگەن ئاشۇ يۈرەكنىڭ ،
سۆيگىنى مەن ، سۆيۈلگىنى مەن ئەمەس .
سەن شادلىنىپ قىسقان ئاشۇ گۈللەرنىڭ ،
كۆيگىنى مەن ، كۆيۈلگىنى مەن ئەمەس .

ھاياجاندا باسقان ئاشۇ كوچاڭنى ،
تاللىغان مەن ، تاللانغىنى مەن ئەمەس .
دە تالاشتا قالغان ئاشۇ تەقدىرنى ،
شاللىغان مەن ، شاللانغىنى مەن ئەمەس .

ساداقلاردىن قاڭقىپ چىققان ئوقلارنىڭ ،
تەگكىنى مەن ، ئېتىلغىنى مەن ئەمەس .
روھىمدىكى قىلىچتەك تىك ھاڭلاردىن ،
ئۆتكىنى مەن ، يېقىلغىنى مەن ئەمەس .

تاڭدا چۈشكەن ياپراقتىكى شەبنەمنىڭ ،
كۆز يېشى مەن ، پارلىغىنى مەن ئەمەس .
شۇ بىۋاپا مۇھەببەتنىڭ دەردىنى
تارتقىنى مەن ، زارلىغىنى مەن ئەمەس .

### تاش يۇلتۇز

كۆرگەزمە قىلىنماقتا بەس ـ بەس بىلەن ،
كەلگۈدەك نەچچە تونىنا مېتورىت تاش .
سوقۇلۇپ يەر شارىغا تاسادىپىي ،
چۈشكەنمىش ئۇز ئوقىدا بولغاچ ئاجراش .

ئايرىلىپ يۇلتۇز توپى دۇنياسىدىن ،
ئاتالدى «تاش يۇلتۇز» شۇ دېگەن نامدا .
دەي دېسەڭ يۇلتۇزغا سەن تەۋە ئۇنى ،
جىلۋىسى ئۆچكەنىدى يەر ـ جاھاندا .

www.uyghurkitap.com



چاقنىغان بىر تال يۇلتۇز كائىناتتا ،
ئايلىنىپ قالدى يەردە قارا تاشقا .
بوپ قالدى بۇيۇمى ئۇ كۆرگەزمىنىڭ ،
نەسلىدۇر يۇلتۇز ، بىراق ئۆزى باشقا .

## سوتقا ماڭغان قىز

هاياتنىڭ خىياللىرى بۇزۇلغاندەك ،
پەسىللەر كۆچكەندە دەرەخ تېنىدىن .
كۆزۈمگە چېلىقىپ قالدى بىر ئۇۋا ،
يالىڭاچ شاخلارنىڭ قوۋۇرغىسىدىن .

سوقاتتى كەچ كۈزنىڭ مۇزدەك شامىلى ،
قەدىردان ئۇۋىنى ئۆرۈمەكچىدەك .
قوغدايتتى ۋە لېكىن بار كۈچى بىلەن ،
بىر جۈپ قۇش جان تىكىپ گويا جەڭچىدەك .

ئاھىدا هۇشقۇيتۇپ كۈچەيسە بوران ،
ئۈچاتتى لەگلەكتەك ئۇۋا دەرەختە .
ۋە لېكىن كەتمەيتتى چۇۋۇلۇپ هەرگىز ،
يىپلىرى چىگىلگەن كەبى يۈرەككە .

بىر جۈپ قۇش ، بىر ئۇۋا ، قەدىمىي دەرەخ ،
ئايرىلماس گەۋدىدەك تۇيۇلدى شۇ تاپ .
پەسەيدى بورانمۇ ،
تىنچىدى هەممە ،
ئۇۋىمۇ جايىدا ـ كەتمىدى غۇلاپ .

ئويلىنىپ بۇ ئىشتىن هايات توغرۇلۇق ،
ئالدىراپ ماڭغاندا خىزمەتكە يولدا .
ئۇچراتتىم قوشنامنى ئاجرىشىش ئۈچۈن ،
ماڭغان بىر جەڭچىدەك دەۋاغا ـ سوتقا .

## رۇبائىيلار

**ئابلىمىت مۇھەممەت** (ئەمىن)

**1**

بۇ جاھان رەستىدە بىھېساب ئادەم ،
كۈرمىڭلەر ئىچىدە سەنمۇ بار ، مەن هەم .
گەر بىر كۈن بولسىمۇ ياشايلى دۇرۇس ،
ئوغنى سۇنمايلى كۆرسىتىپ زەم ـ زەم .

**2**

ئامتىم هەسسىلەپ كېلىدۇ دېمە ،
مۇمكىنسىز ئولجىغا تەلپۈنۈپ يۈرمە .
شۇ ئويدا ئۆتسەڭ گەر ئۆتەر ئۆمرۈڭمۇ ،
كۈن تۈگەل ، يىلدىمۇ تەگمەي هېچنېمە .

**3**

خەلقىڭدۇر تېنىڭگە شىپا هەم قۇۋۋەت ،
ئېيت مىڭ ـ مىڭ تەشەككۈر خەلقىڭگە ئەبەت .
كۆلپەتنىڭ تاغلىرى چۈشسە يەلكەڭگە ،
يەنىلا شۇ خەلقىڭ بېرىدۇ مەدەت .

**4**

هەر تاڭدا ئۇيۇقتىن بالقىپ زەر قۇياش ،
مەغرىبكە ئات سالار شۇنچە ئالدىراش .
بىر كىرپىك قاققىچە قالدۇ كېتىپ ،
ئۇيقۇڭنى ئاچمىساڭ يۈرسىتىڭ ئاداش .

**5**

ئەقلىڭنى بۇلغىما ئىشرەت كەيپىدە ،
ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ شىردەك هەيۋىدە .
كىم ئالار يادىغا هۆرمەتتە سېنى ،
گەر ئۆلۈپ ياتساڭمۇ مىڭ يىل قەبرىدە .

**6**

هەر مەھەل بېغىمدا بۇلبۇلنىڭ ئۈنى ،
دەپ بىخۇت يۈرمىگىن بولۇپ مەپتۇنى .
پەسىللەر ئالمىشىپ يېتىپ كەلسە كۈز ،
ساڭا زوق بەرگۈچى بۇلبۇلۇڭ قېنى .

7

مۇمكىنمەس ئىنساننىڭ مىڭ يىل ياششى ،
گوياكى بىر ساناق ئۈنچىدۇر يېشى .
دىل قېنىپ بولغىچە هايات بەهرىگە ،
پاندىن بىر كۈنى باردۇر كەتمىشى .

8

بەزىدە قەلەمدىن يامىنى ئەلەم ،
ئەلەمدىن قانچىنىڭ كىرپىكلىرى نەم .
تىلەيمەن خەلقىمگە قۇت ۋە ئامانلىق ،
ئۆتسۇن دەپ هەر كۈنى بولۇپ بىر ئايەم .

9

مۇقەددەس سەجدىگاھ تاۋابىم تۇپراق ،
بۇ جىسمىم سىنىڭدىن يارالغان شۇنداق .
ئەر تۇرۇپ تۇزۇڭنى ياندۇرالمىسام ،
ياشىماق نەهاجەت ئۆلگىنىم خوپراق .

10

يارىلىش ئەسلىگىنى ئەسلا ئۇنتۇما ،
يامانىنى ياخشى دەپ ئەلگە تونۇتما .
پۈتۈلگەن ئەجەلمۇ تۇغۇلمىشىگدىن ،
هەتتاكى بىر گۈلنى ئاسرا تۇزۇتما .

11

قايىبىر زات ئۆتتىكىن ياشاپ ئەبەدكە ،
ئېرىشكەن بولسىمۇ شانۇ ــ شەۋكەتكە .
جاهانغا جار سالغان شۇ شاهلار قېنى؟
يۈتتىغۇ بارچىسى كىرىپ لەهەتكە .

12

لايىلىشىپ ئاقسىمۇ گەر سۇنىڭ بېشى ،
غاز بىلەن ئۆردەكنىڭ يوق قىلچە ئىشى .
شۇ كەبى ئادەملەر باركى هاياتتا ،
ئەتنىڭ غېمىدىن يوق هېچ تەشۋىشى .

13

تاغلارنىڭ ۋەزنىدىن ئېغىردۇر غېمىڭ ،
ۋە ياكى ساقىسىزمۇ بىلمىدىم تېنىڭ .
زېمىنگە يۈك بولۇپ يارالغانمۇ يا ،
بىر كەتمەن چاپقۇدەك يوقمىدۇر جېنىڭ .

14

ئاتاڭدىن قالغىنى ئۇ بايلىق ئەمەس ،
ئۇ ماڭا مىراس دەپ يۈرمە بولۇپ مەس .
مۇبادا ئىزلىسەڭ تۈگىمەس بايلىق ،
ئىلمىدىن ئۆزگىگە قىلمىغىن هەۋەس .

15

يوپۇرۇلۇپ كېلەر دەرد ئەڭ ئېغىر كۈندە ،
يۇلتۇزلار جىلۋىسى چاقنايدۇ تۈندە .
ئىنسانغا هەر مەهەل قۇت باقى ئەمەس ،
چىن دوستقا هەمدەم بول ئۇ قالسا غەمدە .

16

بۇ دەۋر قەدەمدە قىلىدۇ خىرىس ،
سەن تازا ئويلىنىپ قىلالىساڭ هېس .
قولۇڭدىن كەتسە گەر ئالتۇندەك ۋاقتىڭ ،
گەر ئالتۇن بولساڭمۇ بوپقالارسەن مىس .

17

تۇرمۇشنىڭ لەززىتى ، راهەتى خانەڭ ،
بولسىمۇ بۇردا نان ، پۇچۇق پىيالەڭ .
گەر پېقىر بولساڭمۇ مەردانە ياشا ،
كۆڭلۈڭنى قىياس قىل شاهلار بىلەن تەڭ .

18

بىر مەككار جاناندىن كۈتمە ۋىسال قۇت ،
يۈرىكى بىر مۇزدۇر ئۆزى گويا بۇت .
ئالدىنىپ مۇبادا چۈشسەڭ دامىغا ،
بېشىڭدىن ۋەيلۈندەك چىقار بىر كۈن دۇت .

www.uyghurkitap.com



جاھاندا بار ئەجەب شۇنداقمۇ ئادەم ،
كولاپمۇ ئۇراڭنى تىنجىماس بىر دەم .
ئەدناسى بېشىڭغا كىيسەڭ يېڭى بۆك ،
تۈنلىرى تولغىنىپ چېكەر ئۇ ئەلەم .

تەبىئەت ئىلكىدىن ھەرنەرسە ئۆزار ،
باھاردا كۈلگەن گۈل كەچ كۈزدە توزار .
سەن بارمۇ ۋە يا مەن بۇنى بىلمەك تەس ،
يەنە بىر يىل بېسىپ كەلگىچە باھار .

# بوشلۇقنىكى يېشىل چېقىنلار

**جۆرئىتى**

## چۆل قىزى

ئەگەر بولساڭ مېنىڭ يېنىمدا ،
قۇم باغرىغا كېتەتتۇق سىڭىپ .
بوستاندىكى ھەربىر گىياھقا
يۈرەكلەرنى قوياتتۇق ئېسىپ .

سەن ئۆيۈڭدا تەلمۈرۈپ ماڭا ،
يۇلتۇز ساناپ كەتكەنسەن ھېرىپ .
چاقماق بولۇپ يوقلىسام سېنى ،
قۇشلار كېتەر يولىدىن ئېزىپ .

مەن تۇرغان جاي دەشتى ــ باياۋان ،
پەرىزاتقا ئوخشايدۇ قۇملار .
سېنىڭ قوپال ئورمانلىق تېنىڭ ،
قۇشتەك ئۇچۇپ كەلدى يېنىمغا .

قىز قوۋۇقى ئېچىلغان بۇ يەر ،
ئەسلەتكۈزدى بالىلىق چاغنى .
ئوتتەك قىزغىن لەۋلىرى بىلەن ،
يۇيۇۋەتتى دىلدىكى داغنى .

سېنىڭ ئۆيۈڭ زادى قەيەردە؟
قىلىپ كەلدىڭ كىملەرگە تاۋاپ؟
ۋىسالىڭغا يېتەلمەي ياكى ،
ئوت ئىچىدە چەكتىڭمۇ ئازاب؟

ئادرىسىمنى يازدىم كۆكسۈڭگە ،
تىلەكلەرنى قىنىمغا چىلاپ .
قارا بېسىپ قالسا ناۋادا ،
مېنى ئىزدە غەربتىن سوراپ .

قىز شەھىردىن كەتكۈم يوق مېنىڭ ،
يالىڭاچلىق ھەممىدىن ئۇيات .
روھ كىيىمى بولسا تېنىڭدە ،
ساڭا قۇچاق ئاچىدۇ ھايات .

تارالمىغان سۇمبۇل چاچلىرىڭ ،
چۇشلىرىمگە كىرگۈسى پات ــ پات .
بىلسەڭ بىزنىڭ تومۇرىمىز بىر ،
خۇي ــ پەيلىمىز ھەرگىز ئەمەس يات .

مېنى ئۇزات ئاق يوللار تىلەپ ،
سېنى سۆيۈپ ياشايمەن چوقۇم .
تىنىقىڭدا مېنىڭ تەشۋىشىم ،
بەرھەق سەندە مېنىڭكى تۇيغۇم .

## كۆيگەن ئورمان چاقىرار مېنى

تاش ئىچىدە كۆيگەن بىر ئورمان ،
چاقىرماقتا روھىمنى تاتلىق .
تومۇرۇمدا جۇش ئۇرماقتا قان ،
ئۇ ھاياتقا بولمىغاچ يادلىق .
ئاشۇ ئورمان تۈنجى بېكىتىم ،
غايىب بولغان بۆرە ھۇشىقى .
بار ئۇ يەردە رەڭلىك سۆھبىتىم ،
ئۇن سەككىز ياش پەيزىم بار تېخى .

ئويناپ تۇرغان كەپتەر كۆزلەرگە ،
ئويالايمەن سوئال بەلگىسى.
تۈننى يېرىپ دالا ــ تۈزلەردە ،
قۇرالايمەن سۆيگۈ بەزمىسى .

ھايات قىزىق ، دوقمۇش مۇئەمما ،
كۈلكە دائىم بولمايدۇ نېسىپ .
مەن بارىمەن ئاشۇ ئورمانغا ،
مەيلى يامغۇر ، قار بولسۇن كېچىپ .

تەھرىرلىگۈچىلەر: **ئەكبەر سالىھ ، ئەركىن نۇر**



# يولۋاسخان

كونا دەرۋازىنىڭ قاغىتۇمشۇقىدا قوش مۈشتەك ئۇرۇس قۇلۇپى ساڭگىلاپ تۇراتتى . ھەيرەتتە تۇرۇپ قالدىم . بوۋاي كونا لوپلۇقلارنىڭ ئۇدۇمچە ھەپتە ـ ئون كۈن نېرى بولمىسا ، ئىشكلەرگە قۇلۇپ سالمايتتى ، كۆڭلۈمنى يامان خىياللار چۇلغاشقا باشلىدى.

ــ تۇلەك دېۋەڭگە كەلدىڭمۇ بالىموي؟

يول ئۈستىدە سۈيۈق ساقال ، ئۆڭى قارا ، قالماقچىراي بوۋاي بوز ئېشىكىگە يانچە مىنىپ تۇراتتى . ئۇ قامچا دەستىسى بىلەن كىگىز قالپىقىنى گەدىنىگە سۈردى ، قىيغاچ كۆزلىرىگە كۈلكە چىرمىدى . چەپەر يىگىتلەردەك لىككىدە ئېشىكىدىن چۈشتى.

ــ قوشۇقپەز مۇخپۇر① بالىغۇسەن.

مەن بوۋاينى تونۇيالمىدىم . كۆنچى دەرياسى بويىدىكى بوۋايلار بىر كۆرگەن ئادىمنى ئۇزاققىچە ئېسىدىن كۆتۈرمەيتتى . شۇ سەۋەب مەن نۇرغۇن خىجالەتچىلىك تارتقانىدىم.

ئىلدام ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشتۈم.

ــ ئالا تارىمغا بار، ــ دېدى بوۋاي، ــ ئۇنى شۇ يەردىن تاپىسەن.

كونىلار كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى شاخاپچىلارغا ئايرىلغان جايىنى بەزىدە شۇنداق ئاتايتتى . تۇلەك بوۋاي ھەر يىلى شۇ يەردە يازلايتتى . ۋاقىت پېشىندىن ئۆتكەنىدى . مەيلى پىيادە ياكى ئۇلاغلىق بولسۇن ، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن يېتىپ بارالمايتتىم.

ئورنۇمدا تەمتىرەپ بولۇپ تۇرۇپ قالدىم.

بوۋاي ئىچىمدىكىنى پەملىدى بولغاي:

ــ كېچىگە قالساڭ ئۇنىڭ غېرىب ئوتىغىدا قونۇپ قالارسەن ، ئوغلۇم . جاھاننىڭ ئىشلىرى تۈگىمەيدۇ ، بىزلەر تۈگەپ كېتىمىز ، يۇرتىمىزدا تۇلەك دېۋەڭدەك ئاۋۇن ئۆمۈر سۈرگەنلەردىن ساناقلىقلا قالدى . ئىككى تايىن بولماي تەۋرەك قېرىنى يوقلاپ كەل.

ئۇ يوغان بوز ئېشەكىنىڭ چۇلۋۇرىنى ماڭا ئۇزاتتى . مەن بوۋايغا رەھمەت ئېيتىپ ، ئالا تارىمغا پىيادە يۈرۈپ كەتتىم.

توك ئېرىپ ، باش باھار ئەمدىلەتىن زېمىنىدىكى كۆللى مەۋجۇداتنى ئۇزاق قىش ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋاتقان چاغ ئىدى . بۇلۇتسىز ئاسمان كۆك ھېقىقتەك جىلۋىلىنەتتى . قۇياش ئوغۇز سۈتى كەبى قۇۋۋەتلىك نۇرىنى يۇمشاق ، كۆبجۈگەن تۇپراققا ، بىخلىنىۋاتقان ، سۇ يۈگۈرۈپ سەمرىشكە باشلىغان ئوت ـ گىياھ ، داۋا ـ دەرەخلەرگە سېخىيلىق بىلەن سېپەتتى . نەمخۇش تۇپراقتىن ئىسسىق ناننىڭ ھىدى كېلەتتى.

كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاندا ـ ساندا قومۇش ، كەلكۈن يالاپ ، يىلتىزلىرى ئېچىلىپ قالغان توغراقلار ئۆسكەن قۇمساڭغۇ ساھىلىنى بويلاپ ، ئالاھەزەل ئىككى سائەتچە ماڭدىم . دەريا قىنىغا تۇتىشىپ كەتكەن قومۇشلۇق سازلىقلار بارا ـ بارا ئاۋۇشقا باشلىدى . ئاندىن يەرلىكلەر قاۋانكۆلى دەپ ئاتايدىغان كەڭرى كەتكەن بولۇق قومۇشلۇق كۆل يولۇمنى توردى . بۇنداق كۆللەردە قاۋاندىن باشقا ھېچقانداق ياۋايى ھايۋان ياشىيالمايدۇ . كۆز كۆنلىرى مېكىجىنلار كۈچۈكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ، ئۈركۈپ يىكتەك ئۈچلۈق قومۇشقا سانچىلىپ قالغان توشقانلارنى تۇتۇپ يەپ تۇلۇمدەك سەمرىيدۇ . ئەگەر قايسى بىخەستە يولۇچى مۇنداق قومۇشلۇققا ئۇچراپ قالسا ، ھەمساتتا ئەتيانلىرىنى قانتالاش قىلىۋالاتتى . مەن بۇ يولغا كۆنۈك ئىدىم . ئۇۋچىلار ئاچقان لاي ـ لاتقىلىق چىغىر يوللارنىمۇ بىلەتتىم . بۇلارنى ماڭا تۇلەك بوۋاي ئۆگەتكەنىدى.

① مۇخپۇر ــ مۇخبىر دېمەكچى.

قاۋانكۆلنىڭ ئۇ يېقىدىن چەكسىز كەتكەن توغراقلىق باشلىناتتى . كۆنچى دەرياسىمۇ مۇشۇ يەردىن نۇرغۇن تارامىلارغا بۆلۈنۈپ ، توغراقلار بىلەن بىللە چۆلنىڭ ئىچكىرىسىدە غايىب بولاتتى . ياز بويى ئاندا ـ ساندا ئۇۋ قوغلىشىپ ئۆتۈپ قالىدىغان ئوۋچىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئادەم ئايىغى يەتمەيتتى . مانا بۇ جاي تۇلەك بوۋاينىڭ يازلىق ئارامگاھى ــ ئالا تارىم ئىدى.

ئالا تارىمغا يېتىپ كەلگىنىمدە ئەتراپ شەپەق نۇرىغا پۈركەلگەنىدى . ئاسمانمۇ ، زېمىنمۇ ، لايقىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىمۇ مۇقەددەسلىك ، ساماۋىلىك ئىلكىدە تا ئۇپۇققىچە سوزۇلۇپ ئالتۇندەك تاۋلىناتتى . تونۇش ئوتاغ يەنىلا ئۆز ئورنىدا ــ دەريا بويىدىكى كىچىككىنە كۆلنىڭ يېنىدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . ئوتاغ ئالدىغا گۈلخان يېقىلغان بولۇپ ، گۈلخان ئالدىدا خىلۋەت ماكاندا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئەۋلىيادەك تۇلەك بوۋاي ئولتۇراتتى.

شۇ چاغ ئوتاغنىڭ كەينىدىكى توغراقلىقتىن بوۋاينىڭ قەدىناس ھەمراھى ــ كېيىك قۇلاق سېرىق ئىت زەردە بىلەن قاۋىغانچە ئېتىلىپ چىقتى . مەن ئورنۇمدا ئۈنى ساقلاپ تۇردۇم . بۇ سادىق جانىۋار ئېيىسىدىن ئۆچۈشكە باشلىغان يات سىمانى جەزم قىلالماي ، مېنىڭدىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدا خىرىس قىلغىنىچە تۇرۇپ قالدى . مەن شۇندىلا بوۋاينى شۇنچە ئۇزاق تاشلاپ قويغىنىمنى ھېس قىلىپ ، ئىچىمدە ئۆكۈندۈم.

ــ ھەي! ئاژناپ، ــ مەن تۇلەك بوۋاينى دوراپ يەرنى تېپىپ ۋارقىرىدىم، ــ مېنى تالىماقچىمۇ سەن تېخى.

ئىت شۇ ھامان مېنى تونۇپ ، قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ ، پۇتلىرىمنى پۇراشقا باشلىدى.

ــ ھۇششەرە قاراقىم . ئاسماندىن شېۋىقەدىر چۈشتىمۇ؟ چىق ، چىق ، چىق① .

تۇلەك بوۋاي يىراقتىنلا مېنى تونۇپ خۇشخۇي توۋلىدى.

ــ ھېلىراقتىن گۈلمە② نى دەرياغا تاشلىۋىدىم ، ھەمساتتا لەھەڭدەك ئىككى بالىق چۈشتى . كۆنچىنىڭ ئۇلۇق ئاقىدىغان گۈن③ لەرىمۇ مۇنداق زورلىرى ئۇزاق زامان بولدى يوقاپ كېتىۋىدى ، دەپ ھەيران بولۇۋىدىم ئابايا ، بۇ سېنىڭ رىزقىڭ ئىكەن ئەمەسمۇ.

بوۋاي قولۇمدىن يېتەكلەپ ، باللارچە مەمنۇنىيەت بىلەن قېرى توغراقنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويۇلغان ئادەم بوتىسىدەك بېلىقنى كۆرسەتتى. ئاندىن گۈلخان ئالدىدىكى چۇچۇلۇق لوپ پالىسىغا كېلىپ ئولتۇردۇق . شۇ ھامان بۇرنۇمغا ئۇجۇر④ توغرالغان بېلىق شورپىسىنىڭ مەززىلىك ھىدى ئۇرۇلدى.

ــ يەنە شۇنداق لوقمان ھېكىمدەك ياشاۋاتامسەن ، بوۋا.

مەن بوۋايغا چاقچاق قىلدىم.

ــ لوقمان ھېكىمنىڭ ئۆمرىنى خۇدا ياخشىلارغا بەرسۇن . جاھانساز ھەييار بولۇپ ئاسىغ ـ نىمەتنى يەپ ـ ئىچتىيۇ ، بىراۋغا بىر مىسقاللىق نەپ بېرەلمىسە ، تۆھمەت يېشىمدا يۈز سەككىزگە ئۇلىشىپتىمەن . ياراتقان ئىگىسى ئامانىتىنى ئۇنتۇپ قالدى بولغاي.

تۇلەك بوۋاي كۆيۈپ ـ پىشىپ مېنى مېھمان قىلىشقا تۇتۇندى . سوۋۇتۇلغان⑤ بېلىق شورپىسىنى يوغان ئىككى ئاياققا سىل قىلىپ ئۇستى . تېرە خالتىسىدىن بىر ئۇچۇمدىن تالقان ئېلىپ سالدى . قىلتىرىقىدىن ئادالانغان بىر چارا⑥ بېلىق گۆشىنى ئۆچكە تېرىسىدىن ئەيلەنگەن داستىخانغا قويدى . مەنمۇ بوۋايغا ئېلىپ كەلگەن سوۋغىتىمنى ــ پاقلاننىڭ يېرىم ـ يارتا قوۋۇرغىسى بىلەن پۇتۇن قۇيرۇق يېغىنى داستىخانغا قويدۇم.

ــ ھەتتەڭەي، ــ دېدى بوۋاي ئۇچتەك ساقال باسقان يۈزىنى سىيپاپ، ــ ئەمدى تۇلەك دىۋەڭ قوۋۇرغا يېيەلمەيدۇ ، بالام ، مانا قارا.

ئۇ ئاغزىنى ھاڭدەك ئېچىپ ماڭا كۆرسەتتى . مەن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم . ئابايا سەپسالمىغانىكەنمەن.

ــ بىرىمۇ قالمىدى . ئېرىغ چۈشۈپ كەتتى ، ئۇششۇك تەگكەندەك.

تېخى ئالدىنقى يىلىلا بوۋاينىڭ ھەممە چىشلىرى بىجىرىم ، ساق ئىدى . بوۋىسىنىڭ بىر يۈز يىگىرمە تۆت ياشتا قازا قىلغانغا قەدەر بىرىمۇ چىشىنىڭ تۆكۈلمىگىنىنى پەخىرلىنىپ ھېكايە قىلىپ بېرەتتى.

بىز خېلىغىچە جىم ئولتۇرۇپ قالدۇق.

ــ ماڭا قوناققا كەلگەنسەن ـ ھە؟

ــ قوناققا كەلدىم ، بوۋا.

ــ قونۇپ قال . گۈلخان ئالدىدا مۇڭدىشىمىز . قېيىر⑦ غا ئوت يېقىپ ، يورۇقتا ساچقاق⑧ بىلەن بېلىق ئوۋلايمىز.

---

① چىق ، چىق ، چىق ــ لوپلۇقلارنىڭ سالاملىشىش ئادىتى. ② گۈلمە ــ چېكە تالاسىدىن توقۇلغان تور. ③ گۈن ــ دەريا چوڭقۇرى.
④ ئۇجۇر ــ يېكەن يىلتىزى. ⑤ سوۋۇتۇلغان ــ كونا لوپلۇقلار ئادىتىدە قىزىق تاماق يېمەيدۇ. ⑥ چارا ــ ياغاچ تەڭنە.
⑦ قېيىر ــ دەريا قېشى. ⑧ ساچقاق ــ بېلىق تۇتىدىغان ئەسۋاب.

بوۋاي مەن بىلەن چىقىشتى.

— ئەمما زە مەن قىرىدىن قوشۇق ئاڭلىماققا كەلگەن بولساڭ ، مەندە ئەمدى قوشۇق قالمىدى جۇمۇ ، مۇخپۇر بالا . قارنىمدىكىنىڭ ھەممىسىنى تۆگەل ساڭا تۆكۈپلا بولغانمەن.

— قوشىقىڭچۇن ئەمەس ، سىنى دەپ كەلدىم ، بوۋا . كىچىچە گۈلخان يېقىپ ، قانغۇچە مۇڭدىشىمىز ، بېلىق ئوۋلايمىز.

بىز گۈلخان يورۇقىدا ئۇزاققىچە ئىشتىھا بىلەن بېلىق گۆشى يېدۇق . ئالا تارىمنى ئاللىبۇرۇن تۇم گۇگۇم قاپلىغانىدى . ئەمدىلەتىن تىرىلگەن ئۇششاق ھاشاراتلار گۈلخان ئەتراپىدا پىرىلداپ ئۇچاتتى . دەريا سۈيى بۇلۇتتەك سالماق بىلەن يۇمشاق ئاقاتتى.

كېچىنىڭ مۇزدەك نەمخۇش سوغى دۈمبەمنى قورۇشقا باشلىدى.

— بۇ يىل ئالا تارىمغا بالدۇر كېلىۋاپسەن ، بوۋا . سوغ سەل يانغاندا ، ئەتىيازدىراق كەلسەڭ بولاتتى.

— مەيلىمچە بولسا چىللە چىقىشىغىلا كۆچۈپ چىقىۋالاتتىم . مەھەللە - كوي قويمىدى . كۆڭۈل ئاياپ چىدىدىم . شۇلاردىن باشقا نېمەم بار مەن قېرىنىڭ . ئۇرۇغ - تۇققانلىرىم بۇرۇنلا ئۆلۈپ تۈگىگەن . تىكەندەك ئادەممەن . تىرىكلىكىمدە ئېغىرىمنى ، ئۆلگەندە جىنازامنى كۆتۈرىدىغانلار شۇلار . قىش دېسە تېنىم جۇغۇلدايدۇ . تۆت تامنىڭ ئىچىدە «ۋاققىدە» يېرىلغۇدەك بولىمەن . قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرى ئالا تارىمنىڭ ھەر بىر گىياھغىچە چۈشەپ چىقىمەن . قىشتا تومۇقاپ قاتتىق ئاغرىدىم . چىشلىرىم تۆكۈلۈپ كەتتى . ھاۋا نەملەشسە دولامدىكى كونا يارىمۇ ئاغرىيدىغان بولۇۋالدى . بەزىدە ئاغرىقتىن پۈكلىنىپ كېتىمەن . ئۆمرۈمنىڭ تەگدىن تولىسى ئالا تارىمدا ئۆتۈپتۇ . ئەجىلىممۇ مېنى مۇشۇ يەرگە سۆرەۋاتقان ئوخشايدۇ.

تۆلەك بوۋاي گۈلخانغا تىكىلىپ جىمىپ كەتتى.

— بوۋا ، دولاڭغا نېمە بولغان.

— يولۋاس تالىغان.

مەن ھاڭ - تاڭ قالدىم . بوۋاي ئۆزىمۇ ئىختىيارسىز دەپ سالغان سۆزىدىن تېڭىرقاپ ، توغراق يېرىندىسىنى تۇتقان پېتى ئوڭايسىز ھالەتتە ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالدى.

— يولۋاسخان ھەققىدە ئاڭلىغانمۇ سەن؟

— يا... ياقەي.

— ئابدال① دىكى يانلار② دىن شۇنداق بىر ئادەم ئۆتكەن . ئەزان تۇۋلاپ قويغان ئېتى باشقا ، كېيىنكىلەر ئۇنى يولۋاسخان دەپ ئاتايدىغان بولغان.

بوۋاي قولىدىكى يېرىندىنى گۈلخانغا تاشلىدى . ھايال ئۆتمەي ھۆل توغراق ئادىراسمانىنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى تارىتىپ پىژىلداپ كۆيۈشكە باشلىدى . مەن دېمىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ، كۆڭۈلچى ۋادىسىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەرگە شاھىد بولغان تونۇق قوشاقچى تۆلەك بوۋاينىڭ ھېكايىسىگە قۇلاق سالدىم.

* *

مەتەك پولگان③ قانداق بولسا ، يولۋاسخان شۇنداق ئىدى . ئۇ غەنىيمەتلىرىنى ئاۋۋال ئاجىز - ئورۇق ، غېرىب - غۇرۋالارغا بۆلۈپ بېرەتتى . خەلقى «ئاشلىق بەدگۆيا④ ، بوز تارىمنى ياقلا» دەپ ياشايدىغان لايسۇلۇق قالماقلار⑤ ئىدى . ئاش تېرىمايتتى . پۇل - تەڭگە تونۇمايتتى . ھەر ئايدا بىر مەرتە سەكسەن چاقىرىملىق يول بېسىپ ، ھارام - ھالال ماللارنىڭ موي - تېرىلىرىنى لوپ بازىرىدا چاي - تۇز ، يىپ - يىڭنە دېگەندەك لازىمەتكە تېگىشىپ تۇرمۇشىنى قامدايتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە يولۋاسخان ئوۋغا چىقىپتۇ . يولۋاسخان نەچچە كۈنگىچە بىپايان توغراقلىقنى كېزىپمۇ تۈزۈكرەك ئوۋ ئۇچرىتالماپتۇ . يۇرتقا قۇرۇق قول قايتىشقا يۈزى چىدىماپتۇ . ئۆشنىسىدە بەش - ئالتىچە ياۋا ئۆردەك ، توشقان دېگەندەك ئۇششاق ئوۋلار يۈدۈكلۈك ئىكەنۇ ، ئۇنىڭدەك ئاتا بىراس تونۇق ئوۋچى ئۈچۈن بۇنچىمۇ نەرسە ئوۋ ھېسابلانسۇنمۇ؟ توشقان ، ئۆردەك لوپ بالىلىرىنىڭ ئەرمەك ئوۋى.

بىنا بولۇپ ئادەم ئايىغى بېسىلمىغان توغراقلىققا يولۋاسخان تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپتۇ . بۆرىدەك چىدام ، سەۋرچانلىق ئوۋچىلارغا قىبلىنەما بولىدىغىنى ئۇنىڭغا دۇنيادىكى جىمى ئوۋچىلاردىن چارە ئايان ئىكەن . ئاخىر ، ئۇ ئىزنى بايقاپتۇ . ئوۋنى ئىزلاپ چوڭقۇر بىر يارداڭلىققا كەلگەندە داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ . قارىغۇدەك بولسا ، مۈڭگۈزى راسا باغجانلىغان بۇغرادەك سۈرەتلىك بىر ئەركەك بۇغا قىرىق - ئەللىك چامداپ نېرىدا ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغۇدەك . تۇرقى كىشىنى ئەيمەندۈرىدىكەن . يولۋاسخان شۇ ھامان تەجرىبىسىدىن شۇنى

① ئابدال — تەكلىماكاندىكى قەدىمكى شەھەر نامى. ② يانلار — تەكلىماكان ئىچكىرىسىدىكى قەدىمكى لوپلۇقلار.

③ مەتەك پولگان — شۇ ناملىق لوپ خەلق داستانىغا قارالسۇن . ④ بەدگۆيا — ۋاپاسىز . ⑤ لايسۇلۇق قالماق — لوپنۇردىكى يانلارنىڭ لەقىمى.

جەزم قىپتۇكى ، ئۇۋچىدىنمۇ بەتتەر نامەلۇم بىر بالا ـ قازا بۇغىنىڭ قىچىش يولىنى توسۇپتۇ . شۇم ئەجەل بۇرنىغا پۇرىغان بىچارە ھايۋاننىڭ كۆزلىرىگە قان تولۇپ ، يەرنى تېپىپ ھەيۋە قىلىپ دۈشمىنىگە ئېتىلىشقا تەمشىلىپتۇ . يولۋاسخان قارا مىلتىقىنى بەتلەپ ھاپىلا ـ شاپىلا ئوق ئۈزۈپتۇ . بۇغا ئاچچىق مۆرەپ ئىلەڭ ـ سىلەڭ بولۇپ زوڭ ئولتۇرۇپ قاپتۇ . يولۋاسخان مىلتىقىنى قايتا ئوقلىغۇچە ، ئۆزىنى ئوڭشاپ كەينىگە ئۆرۈلۈپتۇ ـ دە ، مەست پىلدەك گەۋدىسى بىلەن ئورماندەك بوي تارتىپ بولۇق ئۆسكەن قومۇشلارنى پاراسلىتىپ سۇندۇرغانچە يارداڭلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ قېچىپتۇ . يولۋاسخانىنى غەپلەت بېسىپتۇ . ئېھتىياتنى ئۇنتۇپ ، ئوۋ قىزىقىدا بۇغىنى تاپ بېسىپ قوغلاپتۇ . قوغلا ـ قوغلا ياردائلىقنىڭ ئۇ بېشىغا ئاز قالغاندا ، سا چاڭگىسىدەك ياۋا جىغان دۆۋىسىدىن سەكرەپ ئۆتكەندە ، خۇدانىڭ ھۆكمى بولغاندەك پۇتى يەرگە مىخلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ . گوياكى ، شۇ ئەسنا يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ ، قانلىرى تومۇرلىرىدا قېتىپتۇ . قولىدىكى قارا مىلتىقمۇ ، ئۆشنىسىدىكى ئوۋ ئولجىلىرىمۇ سىيرىلىپ يەرگە چۈشۈپتۇ.

چۈنكى ، ئۆزىدىن تۆت ـ بەش ماڭدام نېرىدا ئاجايىپ زور بىر يولۋاس خىرىس قىلىپ ياتقۇدەك!

ئۇ كەملەردە لوپ توغراقلىقىدا يولۋاس چېلىقمايدىغان بولۇپ كەتكەنىكەن . يولۋاس ھەققىدە ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايتتۇق . يولۋاسخان سېھىر ـ جادۇغا بەنت بولغاندەك ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ ، قارا تەرگە چۆمۈلگەنچە مىدىر ـ سىدىر قىلالماپتۇ . يولۋاسمۇ خىرىس قىلغانچە يېتىۋېرىپتۇ . يا يولۋاسخان قاچماپتۇ ، يا يولۋاس ئۇنىڭغا ئېتىلماپتۇ.

شۇ كۈنى يولۋاسخان تۈن يېرىمىدا يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ . قولىدا ئولجا تۈگۈل قارا مىلتىقمۇ ، ئوۋ مەنقۇلاتلىرى قاچىلىنىدىغان خۇرجۇنىمۇ يوق ئىكەن . ئۇ ھېچكىمگە سەزدۈرمەي ، قومۇش ئوتىغىغا غىپپىدە كىرىپ كېتىپتۇ . شۇ كىرگەنچە ئۈچ كۈنگىچە تالاغا چىقماپتۇ.

يولۋاسخان تۆتىنچى كۈنى تاڭ سۈزۈلگەندە ھېلىقى ياردائلىقتا پەيدا بوپتۇ . گاھ ئالدىغا ماڭىدىكەن ، گاھ كەينىگە يانىدىكەن . تۇرۇپلا ئىزىدا توختىماي چۆرگىلەيدىكەن . قۇلاق تۈۋىدە بولسا ئاتا ۋەسىيىتى جاراڭلايدىكەن.

خۇدانىڭ ئامانىتىنى خۇداغا تاپشۇردۇم . ئوۋ مىلتىقىم ساڭا ئامانەت . ئەمدى سەن بۇنى ئاتام دەپ بىل ، جىنىڭدەك چىڭ ساقلا!

يولۋاسخان ئاتىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ ، تەۋەررۈك مىلتىقنى جېنىدەك چىڭ ساقلاپ كەلگەنىكەن . ئۇنىڭ بىلەن قەھەتچىلىكتە يۇرتنى تويغۇزغان ، ئىززەت ـ ھۆرمەت تاپقانىكەن.

لېكىن ، يولۋاسنىڭ سۇر ـ ھەيۋىتى كۆز ئالدىغا كەلسىلا ئاجىز بەندىلىكىگە قايتىپ نەپسى ـ غۇرۇرى پايخان بولىدىكەن.

ئاخىر ، زامانى ئەۋۋەلدىن تارتىپ تاغۇ چۆلنى ئىلكىدە تۇتۇپ كەلگەن ئابا ـ ئەجدادىنىڭ ئاتەش قېنى يولۋاسخاننىڭ تومۇرىدا مەۋج ئۇرۇپتۇ . مەدەتكار روھىناتلار ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا كۆچۈپتۇ.

يولۋاسخان ئۈچ غۇلاچ كېلىدىغان توم قىل ئارقانىنى چەپ بىلىكىگە مەھكەم يۆگەپتۇ . ئوڭ قولىغا ئەگرى بىسلىق خەنجىرىنى ئاپتۇ . بۇرۇندا لوپ چۆللىرىدە ياشاپ ئۆتكەن تاغ يۈرەك پولگانلاردەك ئارقان يۆگەلگەن بىلىكىنى يولۋاسقا چىشلىتىپ ، خەنجەر بىلەن قارنىنى چۇۋۇپ تاشلىماق بوپتۇ.

يولۋاس گويا ئۇنى ساقلاپ تۇرغاندەك ئەسلىدىكى جايىدا ياتقانىكەن . قارا مىلتىقمۇ ، ئالا خۇرجۇنىمۇ شۇ پېتى تۇرغۇدەك . پەقەت ھېلىقى ئۇششاق ئوۋ ـ بەش ـ ئالتىچە ياۋا ئۆردەك ، توشقان كۆرۈنمەپتۇ . يولۋاسخان خەنجىرىنى مەھكەم سىقىمداپ ، جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ئاستا ـ ئاستا يولۋاسقا يېقىنلىشىپتۇ . يولۋاس ئاۋۋالقىدەك خىرىس قىلماي ، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە سەپسىلىپ خاتىرجەم يېتىۋېرىپتۇ . بۇ ھال يولۋاسخانىنى ۋەھىمىگە سېپتۇ . ئۆزى ئەزەلدىن يولۋاس ئوۋلاپ باقمىغان بولسىمۇ ، يولۋاسنىڭ ۋەھشىي ھەم ئەقىللىق ھايۋان ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدىكەن . يولۋاسخان ھوشيارلىنىپ ئىزىدا توختاپ قاپتۇ . بايقىغۇدەك بولسا ، يولۋاسنىڭ ئالدى پەنجى ئېزىلىپ قانتالاش بولۇپ كەتكەنىكەن . يولۋاسخاننىڭ يۈرىكى توملاپتۇ . ئىككى چامداپلا قارا مىلتىقنى قولىغا ئاپتۇ . يولۋاسنىڭ نەق قاشقا ماڭلىيىنى نىشانلاپتۇ.

شۇ قەرنە يولۋاسخاننىڭ كۆز ئالدىدا ئەپسانە ـ چۆچەكلەردىكىدەك مۆجىزە ئايان بوپتۇ.

يولۋاس ئېزىلگەن پەنجىنى يالاپ ، قازاندەك بېشىنى پۇلاڭلىتىپ ، ئۆز تىلىدا ئۇنىڭغا ئىشارەتلەر قىلىۋاتقۇدەك! چېقىر كۆزلىرىدە يامانلىقنىڭ زەررىچە ئالامىتى كۆرۈنمەسمىش.

يولۋاسخاننىڭ تەپكىنى بېسىشقا تەمشەلگەن بارمىقى

توختاپ قاپتۇ . يىرتقۇچقا رەھىمدىللىك قىلىش — ئۆۋچىلىققا يات ئىش بولسىمۇ ، ئاقىۋەتنى پەملەپ تۇرسىمۇ ، ئۆمرى ئوۋچىلىق بىلەن ئۆتكەن بۇ ئادەم شۇ چاغ ياردار يولۋاسنى ئۆلتۈرۈشكە كۆڭلى ئۇنىماپتۇ.

يولۋاسخان بىر هازادىن كېيىن ياداڭلىقتىن قايتىپ چىقىپتۇ . تا كۈن پاتقۇچە توغراقلىق ئىچىدە ئەس ـ هوشىنى يوقاتقاندەك گاراڭ ـ مەقسەتسىز هالدا چۆرگىلەپ يۈرۈپتۇ.

تاڭلا كۈن يولۋاسخان تېنى تېخى سوۋۇپ ئۈلگۈرمىگەن تۈت ـ بەشچە ياۋا ئۆردەكنى ئېلىپ هېلىقى ياداڭلىققا كەپتۇ . يولۋاس يەنىلا ئۆز جايىدا ياتقانىكەن . ئېچىرقىغان هايۋان يىراقتىنلا ئۇنىڭ شەپىسىنى سېزىپ تەقەززالىق بىلەن ئۇنىڭ قولىغا ئۇمتۇلۇپتۇ . يولۋاسخان يولۋاسنىڭ ياۋا ئۆردەكلەرنى هاڭدەك ئاغزىغا ئېلىپلا يالماپ ـ يالماپ يۇتۇشىنى تاماشا قىلىپ ئۇزاق ئولتۇرۇپتۇ.

ئەسلىدە تەنها يولۋاس ۋەهشىي قاۋان توپى بىلەن ئېلىشىپ ئەجەللىك يارىلانغانىكەن.

شۇنداق قىلىپ ، ئەپسانە ـ چۆچەكلەردە سۆزلەنگەندەك ، قەدىمدىن تارتىپ چۆل ـ باياۋاندا هاكىملىق تالىشىپ كەلگەن ئىككى زوراۋان — ئادەم بىلەن يولۋاسنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىغەرداش دوستلۇق ئورنىتىلىپتۇ.

ئادەملەر ئۆزلىرى سېزىۋالغانمۇ ياكى يولۋاسخان سۆزلەپ سالغانمۇ ، ئۇزاققا بارماي بۇ ئىش پۈتۈن لوپقا پۇر كېتىپتۇ.

يولۋاسخان بەهەيۋەت بىر يولۋاسنى مىنىۋېلىپ توغراقلىقتا ئوۋ ئوۋلارمىش.

يولۋاسخان هەققىدىكى گەپ ـ سۆزلەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ ، ئاقىۋەت ئامبالنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ.

بىر كۈنى ئامبالنىڭ قورسىقىغا قانداق جىن كىرگەن ، ئاتلىق ئىككى چېرىكنى بۇيرۇپ يولۋاسخاننى چاقىرتىپ كەپتۇ.

شۇ چاغدا مەن يامۇلدا كاناي چالىدىغان چېرىك ئىدىم . نېمىشقىدۇر ئامبال يولۋاسخاننى رەسمىي قائىدە ـ يوسۇن بويىچە يامۇلدا قوبۇل قىلدى . قارىساق ، ئىنىك باقار بېشىغا يوغان كىگىز قالپاق ، ئۇچىسىغا پەش جىيەكلىرى چۇچۇلۇق ، پالاستىن تىكىلگەن كېپىنەك تون① ئىشتان كىيگەن ، ئۆڭكى قارا ، ۋىجىك هەم ئورۇق بىر ئادەمنى باشلاپ كىرىپ ئامبالغا مەلۇم قىلدى . هەممەيلەن هەيران بولدۇق . نامى لوپقا پۇر كەتكەن يولۋاسخان مۇشۇ ئادەم ئىكەن.

يولۋاسخان ئامبالغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى . تىزلانمىدى هەم بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى.

يامۇل ئىچىنى خىلىغىچە ئېغىر سۈكۈت باستى . بۇنداق غەيۇرلۇق قارا باش پۇقرا ئۈچۈن پالاققا تارتىلىدىغان گۇناھ هېسابلىناتتى.

— ئاڭلىشىمچە ، يولۋاسقا مىنىۋېلىپ ئوۋ ئوۋلىغۇدەكمىشسەن ، بۇ راستمۇ؟

— يالغان.

— ئەلۋەتتە يالغان . ئەرشتىكى ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالاردىن ئەمەستە سەن . ئەمما ، شۇنداق بىر يولۋاسنىڭ بولغىنى راستتۇر؟

— راست.

— بەستى ئاجايىپ زور دېيىشىدىغۇ؟

— بىلمەيمەن ، لوپتا ئۇنىڭدىن باشقا يولۋاس كۆرمىدىم.

— ئۇۋغا چىققاندا دائىم بىللە بولامسەن؟

— ئۇۋنى بىللە ئۇۋلايمىز.

ئامبال شالاڭ ساقىلىنى سىيپاپ هەۋەسلىنىپ كۈلدى.

— باتۇر هەم راستگۇي ئادەمكەنسەن. مەن سېنى تارتۇقلايمەن.

ئامبال يېنىدىكى دوك خەزىنىچىگە ئىشارەت قىلدى . هايال ئۆتمەي مىس پەتنۇستا بەش دانە يامبۇ كەلتۈرۈلدى.

— مانا بۇ كۇمۇشلەرگە بىر قورۇ مال قىلىۋال . ئاندىن توغراقلىققا بېرىپ هېلىقى يولۋاسنى تاپ.

— خوپ.

— دېمەكچىمەنكى ، ئاشۇ يولۋاسنىڭ تېرىسىنى ماڭا ئەكېلىپ بەر.

يولۋاسخان ئامبالنىڭ ئۆزىنى يامۇلغا چاقىرتىشتىكى مۇددىئاسىنى ئالدىنئالا بىلگەن چېغى ، گەپنى ئۇزۇۋېلا ئېيتتى.

— ئامبال بېگىم ، يولۋاسنى ئەمدى ئۆلتۈرەلمەيمەن.

هەممە هەيران بولدۇق.

— نېمىشقا ئۆلتۈرەلمەيسەن؟

— ...

— يولۋاس لوپتىن غايىپ بولدىمۇ يە؟

— يولۋاس لوپتا.

— ئەس ـ هوشۇڭ جايىدىمۇ سېنىڭ . ئۆزۈڭ ئوۋ-

① كېپىنەك تون — ئوۋچىلارنىڭ هەم كىيگىلى هەم بېپىنغىلى بولىدىغان ، رەختتىن تىكىلگەن گاچا پەلتۇ شەكلىدىكى چاپىنى .

چىيۇ يولۋاسنى ئۆلتۈرمەيسەن؟

— ئەمدى ئىلاجىم يوق.

— زىيانداشنى يوقىتىپ ، خەلقنى بالايىئاپەتتىن قوغداش ئۇۋچىنىڭ مەجبۇرىيىتى. بۇ ھەم دىنىڭلاردىمۇ ساۋابى چوڭ ئىش ئەمەسمۇ؟

— ...

— ئاۋامنىڭ مال – جېنىنى پىسەنتىگە ئالماي ، پەرمانغا بويسۇنتاۋلىق قىلغىنىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەرقانداق جازا بېرىشكە ھەقلىقمەن.

يولۋاسخان تاشتەك بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمىدى . ئامبالنىڭ سەۋرى تاشتى . زەردە بىلەن يېڭىنى سىلكىدى.

— زىندانغا تاشلاڭلار بۇ سەۋدانى . مېنىڭ ئىجازىتىمسىز بىر كاپام ئاش – نان ھەم بىر يۇتۇم سۇمۇ بېرىلمىسۇن.

ئۈچ كۈندىن كېيىن يۇت – قوللىرى كىشەنلەنگەن ، چىرايى سامانىدەك سارغايغان يولۋاسخان يامۇلغا يالاپ كېلىندى.

— ئېچىرقاپ ئۆلەمسەن ياكى گېپىمگە كۆنۈپ ، كېيىنكى تۇرمۇشۇڭنى باياشات ئۆتكۈزەمسەن؟

ئامبال ئۇزاق كۈتتى . يولۋاسخاندىن ھېچقانداق سادا بولمىدى . ئامبال كۈرسىتىن قوپۇپ يولۋاسخاننىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئاجايىپ ئادەمكەنسەن ، يولۋاس ئۈچۈن جېنىڭدىن ۋاز كەچكىلىۋاتىسەن . سېنى توغراقلىقتىكى جىن – پېرىلەر جادۇ قىلىۋالغانغا ئوخشايدۇ . خەير ، قېنى كۆرەيلى . ماڭ ، ئۆيۈڭگە كەت . ھازىردىن باشلاپ سەن ئازاد.

ئامبال شۇ كۈنلا يولۋاسخاننىڭ يۇرتىدىكىلەرنىڭ سېلىقىنى ئۈچ ھەسسە ئاشۇرۇش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى.

ئالەمنىڭ چەت – ياقىسىدا چارۋا مال بىلەن ئوۋچىلىقتا تايىنىپ ئادەم ئاتام بىلەن ھاۋا ئانامدەك ياشاپ كېلىۋاتقان بىچارە خەلق بۇنچىۋالا سېلىقنى تۆلىيەلىسۇنمۇ؟ ئەلۋەتتە تۆلىيەلمەيتتى . ئاقىۋەت يۇرت – ماكان خانىۋەيران بولاتتى . بۇنىسى مەككار ئامبالغا بەش قولدەك ئايان ئىدى .

يارلىق جاكارلىنىپ ئالاھەزەل ھەپتە – ئون كۈن ئۆتتىمىكىن ، يولۋاسخان يامۇلغا كەلدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، شۇ كۈنى يارلىق يولۋاسخاندىن بۇرۇن يۇرتقا يېتىپ بېرىپتىمىش . تاڭلا سەھەر يۇرت خەلقى ئەر – ئايال ، قېرى ياش جىمىسى يولۋاسخاننىڭ قومۇش ئۆتىغى ئالدىغا يىغىلىپتۇ . كۆن قورا چۇش بولغۇچە ساقلىشىپتۇ . يولۋاسخاندىن ھېچقانداق شەپە – سادا بولماپتۇ . ئاخىر يۇرت ئاقساقاللىرىدىن بىر نەچچەيلەن يولۋاسخاننىڭ ئۆتىغىغا كىرىپ كېتىپتۇ . ئارىلىقتىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە ، ئۇلار يولۋاسخان بىلەن بىللە ئۆتاغدىن چىقىپتۇ . يولۋاسخاننىڭ دولىسىدا قارا مىلتىقى ئېسىقلىق ئىكەن . ئۇلارنىڭ ئۆتتۈرىسىدا نېمە گەپلەر ئۆتۈلگەن ، بۇ ھازىرغىچە بىر سىر . .

ئامبال يولۋاسخانغا ئۇزاققىچە سىنچىلاپ قاراپ ، مىيىقىدا مەسخىرىلىك كۈلدى.

— بولىدۇ ، ئىككىمىز پۈتۈم قىلايلى . سەن يولۋاس تېرىسىنى ئەكېلىسەن ، مەن يارلىقنى ياندۇرۇۋالىمەن.

ئامبال ئورنىدىن تۇرۇپ كۈرسىنى شەرەتلىدى.

— مانا بۇنىڭغا قارا ، ئۇۋچى ، مەن يولۋاس تېرىسىنى ھۆكۈمدارلىق كۈرسىمغا سېلىنچا قىلماقچىمەن . شەرت شۇكى ، يولۋاسنى ئۆلتۈرگەندە ، نەيزە سانچىپ ۋە ياكى خەنجەرلەپ زىدە قىلمايسەن . تېرىسنى ماڭا ساق تاپشۇرۇشقا كېپىللىك قىلىسەن.

يولۋاسخان كۆزىنى گىجىر – مىجىر نەقىشلەر ئويۇلغان كۈرسىقا قادىغىنىچە ئۆز – ئۆزىگە سۆزلىگەندەك دېدى:

— كېپىللىك قىلىمەن.

— قېنى ، ئەمىسە ھازىرلا يولغا چىق . مەن ساڭا ئادەملىرىمدىن بىرنى قوشۇپ بېرىمەن . ۋەزىپىنى ئادا قىلالىساڭ ، ھېلىقى بەش دانە يامبۇمۇ سېنىڭ بولىدۇ .

— ماڭا يامبۇڭمۇ ، ئادەمىڭمۇ لازىمى يوق،— دېدى يولۋاسخان.

— يامبۇنىڭ ساڭا لازىمى بولمىسا ، بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى . لېكىن ، بىر ئادىمىم سەن بىلەن بىللە بارىدۇ . سەن ئالتۇن – كۈمۈشنى دوست تۇتمايدىغان سەممىمي – ساداقەتمەن ئادەمسەن . شۇنداقتىمۇ ئادەمدە سەن . ئېھتىقۇ – شاياتۇنلار ماكان تۇتقان توغراقلىقتا ھەمشېرىك بولۇشىنىڭ بىلەن تېپىشساڭ ، كاللاڭغا نېمە يامان ئوي – خىياللار كەچمەيدۇ دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ.

ئامبال تۈۋەندىكى — چوڭ زالنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى نەيزە – كالتەكلەرنى تۇتۇشۇپ ، ھەيۋەت بىلەن قېتىپ تۇرغان ياساۋۇل ، چېرىكلەرگە قاراپ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ دېدى:

— شىرمەتلەر! قېنى قايسىڭلار بۇ ئادەم بىلەن بىللە يولۋاس ئوۋلىغىلى بارىسىلەر . مەيلى كىم بولسۇن ،

مەرتىۋىسىنى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈپ ، بەش يامبۇ بىلەن تارتۇقلايمەن.

زال ئىچىنى پاشا ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك سۈكۈت باستى . ياساۋۇللارمۇ ، چېرىكلەرمۇ چىڭراق تىنىشقىمۇ پېتىنالماي بۇتتەك قېتىپ قالدى . مەن ئۇ «شىرمەتلەر»نىڭ يولۋاس ئوۋلاش تۈگۈل ، توغراقلىقتا كىرىشتىنمۇ قورقىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم.

سۈكۈت ئۇزاققا سوزۇلدى . ئامبالنىڭ تەرى تۇرۇلۇشكە باشلىدى.

ئۇ كەملەردە مېنىڭ بۇغرادەك قارا كۆچكە تولغان ، قانلىرىم ئاساۋ ئاتتەك ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ياش ھەم نادان مەزگىلىم ئىدى . سۇناي تارتىشتىن تاشقىرى يەرلىك چېرىكلەرگە مەشقاۋۇللۇق قىلىپ يۈرۈپ ، يامۇلنىڭ نەزىرىگە ئىلىنىپ قالغانىدىم . يامۇلنىڭ بەزى مۇھىم ئىشلىرىدا ئامبال بىزدەكلەرنى ئانچە خالاپ كەتمىسىمۇ ، تەۋەككۈل دەپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلدىم.

— ئامبال بېگىم ، مەن باراي.

ئامبال خېلىغىچە ئاچچىق پۇشۇلداپ ئولتۇرغاندىن كېيىن نائىلاج قوشۇلدى.

بىز شۇ كۈنىلا يولغا چىقتۇق.

يانلار ھەققىدە بايا ئامبال توغرا ئېيتقان . سىن – پوسۇنى ، تىل – ئىمانى بىزچەيۇ ، مىجەز – خۇلقى باشقا بىر ئالەم كىشىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ . تولا گەپنى خوشلىمايدۇ . ئەلكۈن ① گە خىيانەت قىلغانىنى بەكلا يامان ئالىدۇ . بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئاخىرەتلىك نامىزى ئوقۇلغاندىمۇ ، يۇرتداشلىرى گۇناھىدىن ئۆتمەيدۇ.

شۇ ۋەجىدىن يولۋاسخاننىڭ نەزەر – گۆزىرىدە مېنىڭ قانداق ئادەملىكىم ئۆزۈمگە بەش قولدەك ئايان ئىدى . يولۋاسخان بۆرىدەك ھېرىپ – چارچاشنى بىلمەيتتى . قويۇق توغراقلىقتا ئۇششاق چامداپ ، تونۇش سوقماقلار بىلەن توختىماي يورغىلاپ ماڭاتتى . مەن مىلتىقىمنى بەتلىگەن پېتى يولۋاسخاندىن بىر قەدەممۇ كېيىن قالماسلىققا تىرىشىپ ھاسىلايتتىم . سەللا پەخەس بولمىسام ، يولۋاسخان كۆز ئالدىمدىن ئەرۋاھتەك غايىب بولۇپ كېتىدىغاندەك ، ھېلىلا قايسىبىر توغراقنىڭ ئارقىسىدىن ھۆركىرەپ يولۋاس ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك تۇيۇلۇپ قارا تەرگە چۆمەتتىم . مىلتىقىم تەردىن ھۆللىنىپ قولۇمدا تۇرمايتتى . ئىرماش – چىرماش يىلتىزلارغا پۇتلىشىپ ، كېلەڭسىز تېنىمنى جوڭقۇرالماي يىقىلاتتىم . ئېچىرقىساق ، خالتىمىزدىكى تالقاننى سۇغا چىلاپ ، قۇرۇتۇلغان نان بىلەن ئىشتىپ يەيتتۇق . كېچىلىرى گۈلخان يېنىدا كېپىنەك تونىمىزغا ئورىلىپلا ئۇخلايتتۇق . يولۋاسخاندىن «ھە» ياكى «ياق» تىن بۆلەك زۇۋان چىقمايتتى . گوياكى مەندەك بىر سۇنايچى چېرىكنىڭ ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن پالاقلاپ يۈرگىنىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەكلا ئىدى.

شۇ تەرىقىدە توغراقلىقنى نەق ئىككى كۈن ئارىلىدۇق . يولۋاس تۈگۈل بىرەرتە ياۋا توشقانمۇ ئۇچرىمىدى . توغراقلىقنىڭ ھەممىلا يېرىدە سۈرلۈك تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرەتتى . ھاياتلىقتىن ھېچبىر شەپە يوق ئىدى . يولۋاسخاننىڭ تۇرقىمۇ ھېچبىر ئوۋچىغا ئوخشىمايتتى . مەن شۇندىلا ھېس قىلدىمكى ، ئىككى كۈندىن بېرى يولۋاسخان يولۋاسنى ئىزدىمەپتۇ . يولۋاستىن يىراق جايدىكى توغراقلىقلارنى قارا – گۇجۇر چۆرگىلەپ ، بۇ كەلگۈلۈكتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامال – چارىسىنى ئىزدەپتۇ . ئىككى كۈن ئۆز ۋىجدانى بىلەن ئېلىشىپتۇ.

ۋاھالەنكى ، ئامبالنىڭ بىزگە بەرگەن مۆھلىتى ئۈچ كۈن ئىدى.

ئۈچىنچى كۈنگە ئۆتەر كېچىسى مېنىڭ كۈچ – ماغدۇرۇممۇ ، سەۋر – تاقىتىممۇ تۈگىدى . گۈلخان يېنىدا ئولتۇرۇپ يولۋاسخانغا شۇنداق دېدىم:

— نېمىلا بولاي ، مەنمۇ بىر لوپلۇقنىڭ ئەۋلادى ، ئاكا . ئاتا – بوۋىلىرىمۇ ئوۋچىلىقنىڭ نېنىنى يېگەن . ئىككى كۈندىن بېرى بىكارغا ئاۋارە بولۇۋاتقىنىمىنى تۇيۇپ تۇرۇۋاتىمەن . يولۋاس بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق – ۋاپانىڭ قانچىلىك ئۇلۇغلۇقىغا مەندەك ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغاندۇر . شۇندىمۇ ھايۋان ئادەمدىن ئەزىز ئەمەسقۇ . ئىككىمىزنىڭ پېشانىسىگە شۇ قىسمەت پۈتۈلۈپتىكەن ، ئەمدى تارتماي ئامال يوق . مېنى كاتىۋاللىق قىلدى دېمە . ماڭا يامبۇمۇ ، مەرتىۋىمۇ كېرەك . ئىشىمىزنى قەرەلىدە پۈتتۈرەيلى . خالىساڭ ، ئامبال ۋەدە قىلغان يامبۇ ھېلىھەم سېنىڭ بولسۇن . ئۆزۈڭ ئويلىشىپ كۆرگىن.

يولۋاسخان ئىككى كۈندىن بېرى تۇنجى قېتىم ماڭا يۈزمۇ يۈز قادىلىپ ئۇزاققىچە تۇرۇپ كەتتى.

— ھەي دىۋەڭنىڭ ئوغلى، —دېدى ئۇ، —مەن خەلقىمگە ۋەدە قىلغانمەن . ھەق ۋە خەلققە بەدگۇپا نائىنسلاردىن ئەمەسمەن . سېنى مېنى بىسەگدەپ ، ۋەزخانلىق قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق . خاتىرجەم ئۇيقۇڭنى

① ئەلكۈن —ئاۋام ، خەلق.

ئۇخلا . يولۋاس تېرىسىنى دېگەن قەرەلدە ئامبىلىڭغا تاپشۇرىسەن . ھېلىقى بەش يامبۇنىمۇ ، مەرتىۋەڭنىمۇ ئۆزۈڭ چېكەڭگە تاك.

ئەتىسى چاشكا ۋاقتى بىلەن يەر باغرىنى يۇنۇپ ئەگرى ـ بۈگرى سوزۇلغان چوڭقۇر بىر يارداڭلىققا يېتىپ كەلدۇق . يارداڭلىقنىڭ ئىچى ئورماندەك بۈك ـ باراقسان قومۇشلۇق ئىدى . تۆۋەندە غايەت زور قارا يىلاندەك سۇرلۇك كۆرۈنەتتى . بىز يار لېۋىنى بويلاپ مېڭىپ ، خېلىدىن كېيىن يارداڭلىقنىڭ ئايىغىغا كېلىپ توختىدۇق . يولۋاسخان يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قۇمساڭغۇ توپىدىكى ئىزلارغا ئۇزاقىچە سىنچىلىدى . قارامتۇل جۇسى ئۆمسىلە بولۇپ ، بارا ـ بارا سارغىيىپ كەتتى.

ــــ ئۇۋدىن ھېلىلا يېنىپتۇ، ــــ دېدى يولۋاسخان تىترەڭگۇ ئاۋازدا.

ئابايا شۇنى كۆڭلۈم تۇيغان بولسىمۇ ، شۇ ھامان يۈرىكىم ياڭگىۋاشتىن دۈكۈلدەپ سوقۇپ كەتتى.

يولۋاسخان ئورنىدىن تۇرۇپ قارا مىلتىقنى ئوقلىدى . مەنمۇ شىراق ① لىق مىلتىقىمنى دولامدىن ئېلىپ ، بۇ ھايات ـ ماماتلىق ئوۋغا راسلاندىم.

ــــ سەن مۇشۇ يەردە قال، ــــ دېدى يولۋاسخان شۇ چاغ ئۇزۇپلا، ــــ سېنى ئەمدى بۇنىڭدىن نېرىسىغا ئۆتكۈزەلمەيمەن . جايىڭدا سەۋر ـ تاقەت بىلەن مېنى ساقلا . تاكى مەن سېنى تووۋلىمىغۇچە ئۇياقتىن قۇلىقىڭغا قاندىقلىكى تاۋۇش ئىشىتىلسۇن ، يارداڭلىققا كىرمە ھەم زىنھار ئوق ئاتما . جان ھەم مال لازىم بولسا ، گېپىمنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇت ، بولمىسا ، ئۆزۈڭنىمۇ ، مېنىمۇ ھالاك قىلىسەن.

مەن ئەس ـ ھوشۇمنى يىغىپ بىرنېمە دېگۈچە ، يولۋاسخان يارداڭلىققا چۈشۈپ كۆزدىن غايىب بولدى.

كاللامغا غۇژژىدە ئاچچىق تەپتى . بوي ـ بەستى قولتۇقۇمغا كەلمەيدىغان بۇ چوغۇندەك ئادەم ئۈچ كۈندىن بېرى مېنى ئوۋ ئىتى چاغلىق نەزىرىگە ئىلمايۋاتاتتى . ئۇ كەملەردە تەپسە تۆمۈرنى ئۈزىدىغان ، خېيىمخەتەرنى ئىزدەپ يۈرىدىغان كۆرەڭ يىگىت ئىدىم . يامۇلدىمۇ شۇنىڭغا تۇشلۇق ئىززىتىم ، نام ـ ئاتىقىم بار ئىدى . يولۋاس بىلەن يۈزمۇ يۈز ئېلىشالايمەن دەپ مەيدەمگە ئۇرالمىسامىمۇ ، قورقۇپ ئۆزۈمنى يانغا ئالىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدىم.

① شىراق ــــ ياغاچتىن ياسالغان ئاچىماقلىق ئىشتىك ، دۇشالقا دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

شۇ تاپ كاللامدا تۇتۇن قايناتتى . رەللە بولۇپ ئىزىمدا تېپىرلايتتىم . يولۋاسخاننىڭ سۆزلىرىدە بىر يامان نىيەت باردەك تۇيۇلاتتى . ئىبلىس ئەلەيھى تېزەكچى قوڭغۇزدەك گۇمان دېگەن نىجاسەتنى دومىلىتىپ ، دىلىمنى ۋەسۋەسىگە سالاتتى . ئۇنىڭ كەينىدىن تاپ باستۇرۇپ قومۇشلۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىشتىن ئۆزۈمنى تەستە تۇتۇپ تۇراتتىم . مىلتىقىمنى ئوقلاپ ، پۈتۈن ئەس ـ يادىم بىلەن يارداڭلىقنى تىڭشايتتىم.

كۈن قىيام بولمايلا بۇغا تىنىقى باشلانغانىدى . يارداڭلىقتا ئادەم ئەيمەنگۈدەك مۇدھىش تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرەتتى . قومۇشلارنىڭ شىلدىرلىغان ، تومۇزغىلارنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولمايتتى . بەئەينى يارداڭلىقتىكى تامام جانلىق ھېلىلا يارداڭلىقنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىدىغان بىر دەھشەتنىڭ روي بېرىدىغىنىنى ئالدىن سەزگەندەك ۋە ياكى پىژغىرىم ئاتەش ئىسسىقتا قۇرۇپ قېتىپ كەتكەندەك ھاياتلىقتىن ئەسەر يوق ئىدى.

شۇ ھالدا جىق بولسا بىر ئاش پىشىمچە ۋاقىت ئۆتكەندۇر . ماڭا شۇنداق ئۇزاق تۇيۇلدىكى ، ئەييۇھاناس! ئۆمرۈمنىڭ يېرىمى يارداڭلىقنىڭ ئالدىدا يولۋاسخاننى ساقلاپ ئۆتكەندەك بولدى.

ئۇنىڭ نېرىسىغا تاقىتىم تۈگىدى.

ئۆشنەمدىكى لاقا ـ لۇقىلارنى ئىرغىتىۋېتىپ ، غالجىر ناردەك قومۇشلۇق ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ كەتتىم . قومۇشلار پاراسلاپ سۇناتتى . ئەتىيانلىرىم تىلىنىپ چىدىغۇسىز ئېچىشاتتى . مېنىڭ ئەس ـ يادىم يولۋاسخاندىلا ئىدى . يارداڭلىقتا بولسا يولۋاسنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى . گوياكى يارداڭلىققا ئەزەلدىن ئادەم زاتى ئاياغ بېسىپ باقمىغاندەك ، بىرەر ئىزمۇ چېلىقمايتتى . ھەر ماڭدامدا گۇمانىم ئاشاتتى . يولۋاسخان مېنى نېرىدا ساقلىتىپ قويۇپ ، يارداڭلىقتىكى مەخپىي سوقماقلار بىلەن يولۋاسنى ئەگەشتۈرۈپ ئاللىبۇرۇنلا كۆزدىن غايىب بولغاندەك تۇيۇلاتتى.

قانچە ئۇزاق ماڭغىنىمنى بىلمەيمەن . بىر كەمدە يارداڭلىقنى لەرزىگە سېلىپ ئوق ئاۋازى ياڭرىدى . ئىزىمدا قېتىپ قالدىم . بەئەينى ئوق ماڭا تەگكەندەك ، شۇ لەھزە تومۇرلىرىمدا قانلىرىم ئۇيۇپ ، يۈرىكىم سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولدى . شۇنىڭدىن بىر تىنىق ھايال ئۆتمەي ، تېخىمۇ دەھشەتلىك بىر سادا ــــ يولۋاسنىڭ ھۆركىرىگەن ساداسى يەرۇ زېمىننى تىترىتىۋەتتى.

خېلى هازادا — يارداڭلىقتىن يانغان سادا بېسىققاندا ئېسىمگە كەلدىم . ئوق ئاۋازىمۇ ، يولۋاسنىڭ هۆركىرىگەن ساداسىمۇ ماڭا يېقىنلا بىر يەردىن ئاڭلانغاندى . شۇغىنىسى ، ئوڭۇمدىمۇ ، سولۇمدىمۇ ئاڭقىرالماي مەڭدەپ قالدىم . هايال ئۆتمەي يولۋاس يەنە هۆركىرەشكە باشلىدى . مەن ئاۋاز كەلگەن تەرەپنى مۆلچەرلەپ ئانچە ماڭمايلا ، ئاندا ـ ساندا قومۇش ئۆسكەن ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدىم.

ئۇلار — يولۋاس بىلەن يولۋاسخان شۇ يەردە ئىكەن.

بەخۇدۇك ئوق يېتىم نېرىدا — يارداڭنىڭ ئۇلىدىكى سۇ يالاپ ئويمان هاسىل بولغان يېرىدە يولۋاسخان بېشىنى سىلىپ ، مېيىت نامىزىغا تۇرغان ئادەمدەك ئۆرە تۇراتتى . قولىدا مىلتىقىمۇ كۆرۈنمەيتتى . ئۇنىڭ ئالدىدا يولۋاس ئۆز قۇيرۇقىنى تالاپ ، جان ئاچچىقتا ئۇزۇك ـ ئۇزۇك هۆركىرەپ ، قۇيۇن تازدەك پىرقىرايتتى . يولۋاسخانمۇ ، يولۋاسمۇ يار بويى ئۆرلىگەن ئۇلۇغ توپا ـ چاڭ ئىچىدە غايىب بولايلا دەپ قالغاندى . يولۋاسخان ئوقنى جان يېرىگە تەگكۈزەلمىگەن چېغى ، يولۋاس هېلىتىن هالسىزلىنىدىغاندەك قىلمايتتى.

يولۋاسخان شۇ تۇرقىدا پېشانىسىگە پۈتمىش ئۆلۈم ـ كۆرۈمنى يولۋاسنىڭ هۆكمىگە تاپشۇرغانىدى . تەلۋىلەشكەن يولۋاس ئۆز ۋاقتىدا رەهمى ئەيلەپ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ ئالغانۇ ، ئەمدىلىكتە جېنىغا قەست قىلغىلىۋاتقان بۇ غەلىتە ئادەمنى هەردەم بىر هەملە بىلەن پارە ـ پارە قىلىۋېتەلەيتتى.

مەن جايىمدىلا يەكتىزلىنىپ يولۋاسنى قارىغا ئالدىم . قېرىشقاندەك ، يولۋاسخان ئىككى ئارىدا كاشىلا بولۇپ ، قۇرۇپ قالغان توغراقتەك مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇراتتى . توپا ـ چاڭمۇ هەدەپ قويۇلۇپ ئۇلارنى يەپ كېتىۋاتاتتى . تەڭقىسلىقتا قولۇم تېخىمۇ بەك تىترەيتتى . قانچە ئۇزاق ئۆتتىكىن ، چەككە ئۆز ئىختىيارىم ئەمەس ، تەپكە بېسىلىپ كەتتى . شۇ هامان يولۋاسنىڭ هۆركىرىشىمۇ چىپپىدە توختىدى.

بۇ چاغ يولۋاسخانمۇ ، يولۋاسمۇ توپا ـ چاڭ ئىچىدە كۆرۈنمەي قالغانىدى . خېلىدىن كېيىن توپا ـ چاڭ بېسىلدى . ئويماندا يولۋاسخان تۈگۈلۈپ ياتاتتى . يولۋاس غايىب بولغانىدى.

كۆڭلۇم بىر پالاكەتنى تۇيۇپ ، بويۇمنى سوغۇق تەر باستى . مۇدهىش گۇمان شىللەمگە تاغ بولۇپ چۈشتى . مىلتىقىمنى ئوقلاشنىمۇ ئۇنتۇپ ، مىڭ پاتمان ئېغىرلاشقان پۇتلىرىمنى تەستە يۆتكەپ ، يولۋاسخاننىڭ يېنىغا ماڭدىم . ئالاهەزەل ئارىلىقىمىز يېرىملىغاندا ، ئاپئاق توپىغا كۆمۈلگەن يولۋاسخان بىر قولىدا تىرەجەپ ئۆرە بولدى . يەنە بىر قولى بىلەن چىلىق ـ چىلىق قانغا مىلەنگەن ئوڭ بېقىنىنى مەهكەم بېسىۋالغانىدى . ئۇ مېنى كۆرۈپلا بوغۇلۇپ ۋارقىرىدى:

— بۇيان كەلمە... جايىڭغا يان! ياردىن چىقىپ كەت . ئىلدام... يان...

مەن ئالدى ـ ئارقامغا مېڭىشىمنى بىلەلمەي ، ۋەج ـ سەۋەبىنى ئاڭقىرىۋالغۇچە ئارقامدىن قومۇشنىڭ پاراسلاپ سۇنغىنىنى ئاڭلاندى . كەينىمگە ئۆرۈلۈشۈمگە بەهەيۋەت يولۋاس گۈمۈرۈلگەن ياردەك سالماق بىلەن تۆپەمدىن باسماقداپ چۈشتى...

ئۈچ كۈندىن كېيىن يۇرتتىكىلەر مېنىڭ چالا ئۆلۈك تېنىمنى يارداڭلىقتىن تېپىپ يامۇلغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ . ئەمما يولۋاسخاننى تاپالماپتۇ . شۇنىڭدىن بېرى يولۋاسخانمۇ ، يولۋاسمۇ لوپ تەۋەسىدىن غايىب بولۇپ كەتتى.

* *

ئەتىسى سەهەر تۆلەك بوۋاي بىلەن خوشلاشتىم . كېچىچە گۈلخان يېقىپ تۇتقان بېلىقلىرىمىزنىڭ هەممىسىنى چېگە شوينىغا ئۆتكۈزۈپ ، ئۇنىمغىنىمغا قويماي قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— هەسسىنەي، — دېدى بوۋاي، — تومۇزدا كەلگەن بولساڭ بىر قاپاق مۆڭكۈ ① يېغىپ بېرەر ئىدىم.

— تومۇزدىمۇ كېلىمەن ، بوۋا . هازىرقىدەك بىر كۈنلۈك ئەمەس ، خالىساڭ ئۈچ ـ تۆت كۈنلۈك قوناققا كېلىمەن.

— شۇنداق قىل ، بالام . لوپلۇقنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچمىشلەرنى لوپ توغراقلىرىدەك ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ . ئۇ ئالەمنىڭ ئادىمى بولۇپ كەتكۈچە ، ئاتا ـ بوۋىلار هەققىدە كۆرگەن ـ ئىشىتكەنلىرىمنى ئېيتىپ تۈگىتىۋالاي . ئەتمىشلىرىمىز كېيىنكىلەرگە ئۆرنەك هەم ئىبرەت بولسۇن . بۈگۈنكى تىنچ ، بەرىكەتلىك زامانىنىڭ قەدرىنى بىلسۇن!

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**

① مۆڭكۈ — توغراق سۈيى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# زوردۇن سابىرنىڭ خىسلەتلىرى

غەيرەت ئاسىم

## 1

مەن زوردۇنكامنى بەكمۇ هۆرمەت قىلاتتىم . ئۇ هەر قېتىم غۇلجىغا كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشەتتىم ، ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيتتۇم هەم تەسىرلىنەتتىم . ئۇ بىزگە نۇرغۇن ئەسەر تەقدىم قىلىپ كەتتى ، ئۇ ئۇزۇن ياشىدى ، لېكىن مەنىلىك ياشىدى . ئەهمىيەتلىك ، شەرەپلىك ياشىدى . ئۇنىڭ ئەمگەك مېۋىسى ۋە قىممىتى ماڭا دائىم ئىلهام بېرىدۇ . ئۇ دېهقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ، شۇڭا دېهقانلار تۇرمۇشىدىكى ئەسەرلەرنى مۇهەببەتتى بىلەن يازدى ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇدى ، هەقىقىي بىر زىيالىي بولۇپ يېتىلدى . ئەسەرلىرىدە زىيالىيلارنىڭ تۇرمۇشىنىمۇ ناهايىتى ياخشى يورۇتۇپ بەردى ۋە ئۆزىنىڭ پەلسەپىسىنى روشەن ئوتتۇرىغا قويدى . مانا بۇ ئۇنىڭ ئەقىللىق هەم قىممەتلىك يېرى ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ، باشقىلارنىڭ دېگىنىنى تەكرارلىمىدى ، ئۇ ئالدى بىلەن زىيالىي ، ئاندىن ياخشى يازغۇچى بولالىدى . باشقىلارنى غىدىقلاش ئۈچۈن ئەمەس ، ئاۋامنى ئويغىتىش ، ئۇلارغا تۇرمۇشنىڭ هەقىقىي گۈزەللىكىنى هېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن قولىغا قەلەم ئالدى . شۇڭا ، ئۇ خەلق ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئۆچمەس ئابىدىسىنى تىكلىدى . بۇ زوردۇنكامنىڭ بەختى ئىدى ، بۇ تاج ئاشۇ ئېغىر يىللاردا ئۇنى يوقاتماقچى بولغان ئازابلاردىن تاۋلىنىپ چىققانىدى . ئۇ مول تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغانسېرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىمۇ تۇرمۇشقا تېخىمۇ يېقىنلاشتى ، ئادەملەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا يېقىنلاشتى . شۇڭا ، ئۇ ياراتقان ئوبرازلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بايلىقىغا ئايلاندى . ئۇ ئېغىر كۈنلەرنى بايلىققا ئايلاندۇرۇپ ، ئۇنىڭدىن ناهايىتى ياخشى پايدىلاندى ، بىزگە هەقىقەتنىڭ مەنبەسىنى كۆرسىتىپ بەردى.

## 2

مەن زوردۇنكام بىلەن 1981 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە تونۇشقان . شۇ يىلى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىر كۇرس ئاچقانىدى ، بىز ئۈرۈمچىدە بىر ئاي تۇرغانىدۇق . زوردۇنكام ئەتە ـ ئاخشاملىرى يازغۇچى ـ شائىرلار بىلەن مۇڭدىشىپ ، شاهمات ئوينايتتى . ئۇ بۇ ئويۇننى ياخشى كۆرەتتى ، مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا مەن قېشىغا بېرىپ ئولتۇراتتىم ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتىم . بىر كۈنى ئۇ بىزگە دەرس بەردى ، دەسلەپتە ئاز ـ تولا ئەدەبىيات نەزەرىيىسى هەققىدە توختالغاندىن كېيىن ، بىزگە زۇنۇن قادىر ئاكىنىڭ ئەسىرىنى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ هېكايىلىرىنى تەهلىل قىلىپ بەردى . ياخشى يېزىلدى دېيىلگەن ئابزاسلىرىنى بىزگە ئۈلگە ئورنىدا ئوقۇپ بەردى . مەن ئاشۇ قېتىمقى ئۆگىنىشتە خېلى بىر نەرسىلەرنى هېس قىلىپ قالغان ، ئۆزۈمنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشىمنى مۇستەهكەملىگەنىدىم.

1989 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە 5 ـ قېتىملىق يازغۇچىلار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى ، يىغىن ئارىلىقىدا ئەتە ـ ئاخشاملىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ ، ئىچىشىپ قالاتتۇق . رەهمەتلىك روزى سايىت ئاكا مەندىن: «خوتەنگە بېرىپ باقتىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدى ، مەن: «ياق بارمىدىم ، بىر يېشىمدا خوتەندىن چىقىپ كەتكەندىن بېرى بارمىدىم» دېدىم . ئۇ: «بۇ بولماپتۇ ، مۇشۇ كۈنگىچە يۇرتقا بارمىسىڭىز قانداق بولىدۇ ، يىغىن تۈگىگەندە مەن سىزنى ئېلىپ كېتەي» دېدى . رەهمەتلىكنىڭ بۇ گېپى مېنى قىزىقتۇردى . مەن ئىدارەمگە تېلېفون بېرىپ رۇخسەت سورىدىم . يىغىندىن كېيىن ئايروپىلانغا چىقىپ خوتەنگە

باردىم . روزى سايىت ئاكا مېنى نۇرغۇن يەرلەرگە ئاپاردى ، نۇرغۇنلىغان ئادەملەر بىلەن تونۇشتۇردى . كېيىن بوزاق يېزىسىغا ، كېرىيىگە بېرىپ تۇردۇم . ئۇ يەرلەردە دېھ-قانلار ، سودىگەرلەر ، ئەمەلدارلار ئارىسىدا يۈرۈپ تۇر-مۇش ئۆگەندىم . بەزى ئىشلارغا ھەيران قالدىم . بولۇپمۇ خەلق بىلەن بەزى ئەمەلدار ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات باشقىچە ئىدى ، ھۆرمەت ياش بويىچە ئەمەس ، ئەمەل ، پۇل ئاساسىدا بولاتتى . بىر كۈنى مەن بىر يېزىدا مېھمان بولۇپ قالدىم ، كىچىك دادامنىڭ بىر گىلەمچى ئوغلى داستىخان سالغاندى ، ئۇ ئەلۋەتتە يېزىنىڭ باشلىقلى-رىنى چاقىردى ، كەچتە تاماق ۋاقتى بولغاندا «نى شۇجى كەلدى ، نى شۇجى كەلدى» دېيىشىپ كەتتى . مەن ئىچىمدە «بۇ يېزىنىڭ شۇجىسى خەنزۇ ئىكەن ـ دە» دەپ ئويلىدىم . لېكىن بىر دەمدىلا بىر ئۇيغۇر ئادەم كىرىپ كەلدى . تۇغقانلاردىن سورىسام ، بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى نىياز ئىكەن ، ئۇلار ئۇنى نى شۇجى دەپ ئاتاي-دىكەن . بىز تۆرگە چىقىپ ئورۇن ئالدۇق ، لېكىن ئۆي-نىڭ ئىككى چېتىدە ئولتۇرغان مېھمانلارغا داستىخان سېلىنمىدى . بىزنىڭ ئالدىمىزغا بىر قوينىڭ كاۋىپى كەلتۈرۈلدى ، بۇ تونۇر كاۋىپى بەكمۇ ئوخشىغاندى ، بىز كاۋاپقا ئېغىز تەگدۇق ، نىياز شۇجى ئۆيىنىڭ ئىككى چېتىدە ئولتۇرغان مېھمانلار بىلەن سۇپىنىڭ تۆۋىنىدە تامغا يۆلىنىپ قول باغلاپ تۇرغان گىلەمچىلەرگە بىرەر ـ يېرىم پارچىدىن كاۋاپ بېرىپ قوياتتى . ئۇلارنىڭ ئى-چىدە خېلى ياشانغان ئادەملەرمۇ بار ئىدى . ئۇلار بىز ئۈچۈن ساز چالغىلى كەلگەنلەر ئىدى . مەن نىياز شۇ-جىغا: «قالغان مېھمانلارمۇ داستىخانغا كەلگەن بولسا» دېدىم ، لېكىن ئۇ كىشى: «ئۇلار بىز قايتقاندا تويغىچە يەۋالىدۇ» دەپلا قويدى ، ئۇنىڭ بۇ سۆزى ماڭا بەكلا تە-سىر قىلدى . مۇشۇنداق ئىشلار بىرنەچچە قېتىم بول-غاندىن كېيىن ، مەن بۇ ئىشلار ئۈستىدە ئويلاندىم ، ئا-خىرقى ھېسابتا زوردۇنكامنىڭ «ئېھ ، توپىلىق يول» ناملىق ھېكايىسىنىڭ مەنۋىيىتىگە يەتتىم . بىزگە ئوخشاش ھەر بىر يازغۇچى ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇ-شىنى ، بولۇپمۇ چەت يېزىلاردا جاپالىق تۇرمۇش كۆچۈ-رۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى بىلىشنىڭ بەك مۇ-ھىملىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم ، شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ تەسىراتىمنى يېزىپ زوردۇنكامغا ئەۋەتتىم ، خوتەن-دىن قايتىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە زوردۇنكام بىلەن كۆ-رۈشتۇم ، بىز قىزغىن پاراڭلاشتۇق . مەن خېلى جىق نەرسىلەرنى ئۆگەندىم ، «قايتىپ بېرىپ ھېكايە يازىمەن» دېدىم . زوردۇنكام ماڭا ئىلھام بەردى ، ھەمدە: «ئۇكام خېتىڭىزنى ئوقۇپ چىقتىم ، ماقالە تۈسىنى ئالغان بىر خەت يېزىپسىز» دېگەنىدى ماڭا .

مەن زوردۇنكامنىڭ ئەسەرلىرىنى بەك ياقتۇرۇپ ئو-قۇيمەن . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تىل مېنى بەكمۇ زوق-لاندۇرىدۇ . تىل ئۇزاق تارىخنىڭ ۋاسىتىسىلا بولۇپ قال-ماستىن ، ئادەملەر قەلبىدىكى رەڭگارەڭ مەنۋىيەتلەرنىڭ ئەلچىسى ئىدى ، بۇ پىكىر ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق تۇر-مۇش ئۆگىنىشىدىن كەلگەنىدى . ئەڭ مۇھىمى ، يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ئۇنىڭ ئەقلىي خۇلاسىسى ئىدى.

مەن 1995 ـ يىلى كۈيتۇن شەھىرىگە بېرىپ ئىشلىدىم . مۇھىمى ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىدىن كەلگەن ، جۇملىدىن دېۋىزىيە ئورۇنلىرىدىن كەلگەن بىر قەدەر پىشقان يازغۇچىلار مۇشۇ شەھەرگە يىغىلغانىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈرۈمچىگە ئورۇنلىشالمىغان خەنزۇ زىيالىيلىرى مۇشۇ شەھەرگە كېلىپ ماكانلىشاتتى . مەن خىزمەتكە چۈشۈپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ، شەھەرلىك پارتكوم-نىڭ شۇجىسى چېن چىنسەن ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى تاپشۇردى ، ئەسلى بۇ شەھەردە بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرىمىز دەپ تەييارلىق قىلىنىپ كېلىۋاتقانىكەن ، لېكىن رەئىس نام-زاتىدا ئىختىلاپ كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن ، بۇ خىزمەت توختاپ قاپتۇ . چېن شۇجى ماڭا: «سىز جۇڭگو يازغۇ-چىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇ-چىمۇ ئەسەر يازىسىز ، رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى سىز قو-شۇمچە ئىشلىسىڭىز ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەش-مىسى قۇرۇلۇپ كەتسە» دېدى . مەن بۇ ۋەزىپىنى ئالغان-دىن كېيىن ، تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى ئادەملەرنى ئىشقا سېلىپ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن تەييارلىق خىزمىتىنى ئىشلەپ تۈگەتتىم . ۋاقىتنى بەلگىلەپ بول-غاندىن كېيىن ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ زوردۇنكام بىلەن كۆرۈشتۇم ھەم ئۇنىڭغا مەقسىتىمنى ئېيتىپ ، پات يې-قىندا ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان قۇرۇلتىيىمىزغا قاتنىشىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدىم . زوردۇنكام ماقۇل بولدى ، يىغىن ئەتە ئېچىلىدۇ دېگەن كۈنى ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق

ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پارتىيە گۇ-
رۇپپا شۇجىسى چېن خۇڭپۇ قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن
كۆيتۇنگە يېتىپ كەلدى ، كەچتە مەن ئۇلارنى ياخشى
مېھمان قىلىشۋالدىم . بۇ ئاشخانىدا ئىشلەيدىغان ئەركىن
تونۇر كاۋىپىغا ئۇستا ئىدى . بىز ئەدەبىيات توغرىسىدا
كۆپ پاراڭلاشتۇق . مەن زوردۇنكامنىڭ پىكىرلىرىدىن
نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى ھېس قىلالايتتىم . ئۇنىڭ بى-
لەن پاراڭلاشسام كاللام ئېچىلىپ يېڭى ـ يېڭى پىكىر-
لەرگە ئىگە بولۇپ قالاتتىم . زوردۇنكام كۆپ ئىش كۆرگەن
ئادەم بولغانلىقتىن ، ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى بى-
لەلەيتتى . ئۇ بىر زىيالىي بولۇش سۈپىتى بىلەن رەڭنىڭ
ئىچىدىكى رەڭنى كۆرەلەيتتى ، رازىمەنلىك بىلەن تەنق-
ىد قىلىشنى تەكپۇكلاشتۇرالايتتى . ئۇنىڭدا نىشان بار
ئىدى ، ئۆزىگە ئىشىنەتتى . شۇڭا ، ئۇنىڭدىن ياخشى
ئەسەر چىقاتتى.

3

يېزىقچىلىق ھەقىقەتەن ئېغىر ئەمگەك ئىدى ، ياز-
غۇچى كەتمەن چاپمىغىنى بىلەن ، ئۇنىڭ ھاياتى ، زېھ-



نىي كۈچى كۈندىن ـ كۈنگە خورايتتى . قارىماققا ھې-
كايە ئىجادىيىتى توقۇلما ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر سۆز
ئويۇنىدەك كۆرۈنەتتى ، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ئاساسى يەنىلا
رېئاللىقنى ئاساس قىلاتتى ، ئەگەر مۇشۇنداق بولمىغاندا ،
يازغۇچىنىڭ ئەسىرى ئەسەر ئەمەس ، ئەخلەتكە ئايلىنىپ
قالاتتى ، بۇنداق مىساللار بەك كۆپ.

بۈگۈنكى دەۋردە «قانداق يېزىش كېرەك ، نېمىنى
يېزىش كېرەك دېگەن مەسىلە ھەممە ئادەمنى ئويغا سې-
لىشۋاتىدۇ . يازغۇچىلار ئىزدىنىۋاتىدۇ ، ئويلاۋاتىدۇ ، ئۇ-
گىنىۋاتىدۇ ، چۈنكى ياخشى تېما ، ياخشى قۇرۇلما ،
ياخشى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ، ياخشى ئوبراز ئەمەلىي تۇر-
مۇشتىن كېلىدۇ . لېكىن ، تۇرمۇش بىردىنبىر ئۆلچەم
ئەمەس . تۇرمۇشنى ئەستىقلايدىغان پەلسەپە بولۇش كې-
رەك . شۇڭا ، يازغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى مۇشكۇل ، ئۇ خاس
خاتىرىلىگۈچى ئەمەس . ئۇ روشەن بىر مەيداننىڭ ئې-
گىسى . مۇشۇنداق بولغاندا ، ئاندىن كىشىلەرنىڭ قەل-
بىدە مەڭگۈ ساقلىنىدىغان ئوبراز پەيدا بولىدۇ . ئاندىن
مۇرەككەپ جاھاننىڭ ئۆگى بىلەن تەتۈرنى تەڭلا جاھان
ئەينىكىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ . مەن زوردۇن-
كامدىن ئەقىل سورىغاندا ، مۇشۇنداق پىكىرگە ئىگە بو-
لالايتتىم . مۇشۇنداق ۋاقىتتا قىلىشۋاتقان ئىشىمدىن رازى
بولۇپ قالاتتىم . ئەلۋەتتە تىلمۇ ناھايىتى مۇھىم ، مېنىڭچە
تىل مۇشۇ جاھاندىكى ئەڭ چوڭ سىر . شۇڭا ، تىلغا زور
دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك . ئۇنى پاكىز سۇنىڭ
ئالدىدا يۇيۇپ ، ساپلاشتۇرۇش كېرەك.

ئەلۋەتتە ، يەنە بەزى يازغۇچىلار قەلىمىنى تاشلىدى .
بەزىلىرى ئەدەبىياتنى دەسمايە قىلىپ باغقا كىرىپ بول-
غاندىن كېيىن ، ياكى تاغقا چىقىپ بولغاندىن كېيىن
قەلىمىنى تاشلىدى . بەزىلىرى بۇ كەسىپتىن زېرىكتى .
چۈنكى ، بۇ كەسىپتە پايدا يوق ئىدى . پالانى ياز-
غۇچىكەن ، يازارمىش ، يېزىپتۇ دەيدىغان گەپلەر-
نىڭ ھەممىسى قۇرۇق شۆھرەت ئىدى . چۈنكى ،
خەقلەر سىزگە: «سىز يازغۇچى ئىكەنسىز غوجام ،
ماۋۇ بىر جىڭ گۆشنى ، بىر ناننى ، بىر لېگەن
پولۇنى سىز يەڭ» دېمەيتتى . شۇڭا ، پالانى يامان
قىلدى ، يازمىدى ، يازسا بولاتتى دەيدىغان گەپ-
لەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەھمىيتى يوق . «باغلىغان
ئىت ئوۋغا يارىماس» دېگەندەك زورلاش بىلەن
قىلغان ئىشنىڭ لەززىتى بولمايدۇ . شۇڭا ، ئۇلار-
نىمۇ توغرا چۈشىنىش كېرەك . يازغانلار يېزىۋېرىدۇ .
ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تاغقا چىقىپ كېتىشى ناتايىن .
تاشلىغانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى بىلەن يۈرۈۋېرىدۇ .
لېكىن ، ئۇلارنىڭ يەردە قېلىشىمۇ ناتايىن . بۇ جاھاننىڭ
ئېتىكى ناھايىتى كەڭ . ھەر قانداق بىر كەسىپ بىردىن-
بىر چىقىش يولىنىڭ ئاساسى ئەمەس ، ئادەملەر بىرنەچچە
ھۈنەر بىلەن مەقسەتكە يېتىدۇ . بۇ سىرلىق ئۆزگىرىش-
چان جاھاندا ، سىز بۈگۈن ئېشەك ئالدىم دەپ بىر كېچە
ئېغىلىڭىزغا باغلاپ قويسىڭىز ، ئەتىسى ئاتقا ئايلىنىپ
قالىدۇ . لېكىن ، سىز دۈلدۈل ئېلىۋالدىم دەپ خۇشال

بولۇپ يۈرسىگىز ، ئۇ دۈلدۈل ئەتىسى تەخەيگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن . لېكىن ، بىر ئىش بىز ئۈچۈن ئۇلۇغ ، قازان بېشىدىن ئوتۇن تېرىشنى خالىمايدىغان ئادەملەرنىڭ كەتكىنى ياخشى ، بىز گۆشتىن قىزغانمايمىز ، قاسساپنىڭ ئوگدا يېتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيمىز . مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، قوشۇن ساپلاشسا خەلق نادىر ئەسەرلەر بىلەن ئۇچرىشالايدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بىزدە ياخشى ئىستەك ، ئارزۇ ، غەيرەت ، ياخشى تېما ۋە ياخشى تىل بولسىلا كۇپايە قىلمايدىغان ئوخشايدۇ ، بىزدە يەنە ياخشى سالامەتلىك بولۇشى بەك مۇھىم ئىكەن ، تېنىگىز ساق بولمىسا ، ھەممە گەپ قۇرۇق پاختىغا ئايلىنىپ قالىدىكەن ، ئەسەر يېزىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، يېگەن تۇزىگىزمۇ چىرايىگىزغا چىقمايدىكەن ، گېلىمىزدىن نان ئۆتمىسە قالغان ئىشلارنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن! مەن مۇشۇنداق ئويلارغا پېتىپ قالغاندا ھاراقتىن سەل ئۆزۈمنى تارتىپ قالىمەن ، ئەگەر زوردۇنكامنىڭ تېنى ساق بولغان بولسا ، مۇشۇ كۆنگىچە ياشىغان بولسا ، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! ئۇ ۋاقىتتا بىز ئۇنىڭ بىلەن «ئانا يۇرت» رومانى توغرىسىدا بەكمۇ تاتلىق سۆھبەتلىشەتتۇق ئەمەسمۇ! دېمەك ، يازغۇچى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسرىشى كېرەك ئىكەن ، بۇ قىسقا جاھاننى ئۇزۇن قىلىش ئۈچۈن ، يازغۇچى پىكىر قىلىشنى بىلىشى كېرەك ، ئۇنىڭغا ماھىر بولۇشى كېرەك ، لېكىن بۇنىڭ ئاساسى يەنىلا سالامەتلىك.

«يازغۇچىدا ئۆزىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلاش روھى بولۇشى كېرەك . رەھمەتلىك زوردۇنكام مەيلى سورۇنلاردا بولسۇن ياكى سۆھبەت يىغىنىدا ، ياكى باشقا چوڭ ـ چوڭ پائالىيەتلەردە بولسۇن ، ئۇ دائىم مۇشۇ گەپنى تەكىتلەيتتى . مېنىڭچە ، مۇشۇ گەپنىڭ مەنىسى بەكمۇ چوڭقۇر ئىدى . چۈنكى ، تالانتى بار ، يازالايدىغان يازغۇچى ئۆزىنى مۇشۇ كەسىپكە بېغىشلىمىسا ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشى تەس ئىدى . شۇڭا ، زوردۇنكام بۇ جەھەتتە ئۈمىدلىك يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ ، ئۇلارغا كونكرېت تەلەپ قوياتتى . بىز زوردۇنكامنىڭ مۇشۇنداق روھىدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك . ئۆزىمىزنى ئەدەبىياتقا بېغىشلىشىمىز كېرەك . مەيلى بۇ كەسىپ سىزنىڭ ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى كەسپىگىز بولسۇن ، ياكى بىرىنچى كەسپىگىز بولسۇن ، ئۇنىڭغا سەمىمىي چىن مۇئامىلە قىلىش كېرەك . ئەمەلىيىتىمىزدە ھەم ئىرادىمىزدە ئىزچىللىقنى ساقلىشىمىز كېرەك . مېنىڭچە ، بىر يازغۇچى ئۈچۈن بۇ بەكمۇ مۇھىم . ئەگەر كەسىپكە قۇللارچە باغلانغاندا ، ئۇنىڭدىن نەتىجە چىقمىقى تەس ، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىزچىللىقنى بەك تەلەپ قىلىدىغان كەسىپ . سىز ئون يىل ، يىگىرمە يىل ، ئوتتۇز يىل يازسىز . ئۆزىمىز رازى بولغۇدەك ، ئاۋاممۇ ھۇزۇرلانغۇدەك بىرنەرسە چىقىرالماي قېلىشىگىز مۇمكىن . ئەگەر سىز مۇشۇ ۋاقىتتا زېرىكىپ قەلەمنى تاشلىسىگىز ، ئۇ ۋاقىتتا سىز ئۆزىگىزنىڭ ئەمگىكىگىزنى ئۆزىگىز دەپنە قىلىۋېتىسىز . چۈنكى ، كېيىنكى ئون يىل سىزدىن نادىر ئەسەر چىقىدىغان ئون يىل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . بۇ يەردىكى مەسىلە ، بىز ئۆزىمىزنىڭ يۈرسىتىنى تاشلىۋەتسەك بولمايدۇ ، ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىش كېرەك . ھەربىر ئون يىلدىن خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق ، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز باھا بېرىپ ماڭساق ، بىز نىشانغا يېقىنلىشىپ قالىمىز.

مەن بەزىدە يېزىپ كېتىۋېتىپ بوشاپ قالىمەن ، ھارغىن ھېس قىلىمەن . بىر مەزگىل ئۆزۈمنى تاشلىۋەتكۈم كېلىدۇ . مۇشۇ ۋاقىتتا زوردۇنكامنىڭ: «ئەدەبىيات ئۈچۈن ئۆزىمىزنى بېغىشلىشىمىز كېرەك» دېگەن سۆزى ئېسىمگە كېلىپ قالىدۇ . يەنە غەيرەتكە كېلىمەن . ئويۇن ـ تاماشىنى تاشلايمەن ، ئۇ يەرگە ـ بۇ يەرگە بارايلى دەپ تېلېفون كەلسە ، يالغان سۆزلەپ ئۆستەل ئالدىدا ئولتۇرۇۋالىمەن . پەقەت يازالمىغاندا ، كىتاب كۆرۈپ ئۆگىنىش قىلىمەن . بەزى كاللامدىن ئۆتمەيدىغان مەسىلىلەر ئۇچرىسا ئۆزۈمگە سوئال قويۇپ ، تەھلىل قىلىمەن . كاللامدىن ئۆتكۈزۈلمىسەم ، ئۆزۈمنىڭ پىكرىدە قالىمەن ، چۈنكى ئادەم بولىدىكەن ، ئۇنىڭ كۆلكىسى بىلەن يىغىسىنىڭ ئاساسى بەكمۇ ئۆزگىچە بولغانلىقتىن ، ئۇنىڭدا چوقۇم ئۆزىنىڭ پىكرى بولۇشى كېرەك . مانا بۇ ئادەمدىكى ئەڭ تەبىئىي گۈزەللىك . ئەدەبىياتنىڭ يەنە بىر مەقسىتىمۇ كىشىلەردىكى مۇشۇنداق تەبىئىيلىككە ھۆرمەت قىلىش ، ئۇنى قېزىش ياكى ئۇنىڭغا باھا بېرىش.

يېزىقچىلىق ھەقىقەتەن جاپالىق ئەمگەك . شۇڭا ، ئۇ ئىزچىللىقنى ، ئىرادىنى تەلەپ قىلىدۇ . مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، زوردۇنكامدىن ئۆگىنىش ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىش كەڭ قەلەمكەشلەر ئۈچۈن بەكمۇ ئەھمىيەتلىك خىزمەت.

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**



# بالكۇندىكى قىز

( ھېكايە )

ئەخمەتجان ئوسمان ( توغراق )

ئۇ كۈندە دېگۈدەك دېرىزىدىن سىرتقا قارايتتى . سىرتتا يۈز بېرىۋاتقان نۇرغۇن قىزىقارلىق ئىشلار ئۇنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى . بەزىدە ئۇ بىنا ئارىلىقىدىكى مەيداندا ئويناپ يۈرگەن باللارنى كۆرۈپ ، ئۆزىنىڭ باللىق چاغلىرىنى ئەسلەپ قالاتتى . نامراتلىق ، موھتاجلىق ئىچىدە يېرىم ئاچ ـ يېرىم توق ھالەتتە قېلىپ ـ سوقۇلۇپ ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئويلىغىنىدا كۆز ئالدىدىكى باللارنىڭ ئەركىن ـ ئازادىلىكىگە ، غەم ـ ئەندىشىسىز ئويناپ يۈرۈشلىرىگە مەستلىكى كېلەتتى . ھاراق ئىچىپ چىملىقتا ئۆلۈكتەك يېتىپ ئۇخلاۋاتقانلارنى ، بىنا ئارىلىقلىرىدىكى پىنھان جايلاردا زەھەرنى بىلىنگە ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇۋاتقانلارنى كۆرگەن چېغىدا باللارنىڭ ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ، شوخلۇق قىلىپ ئۇلارنى دوراپ زەھەرگە خۇمار بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى . باللىرىنىڭ نېمە ئويدا ، نېمە كويدا يۈرگەنلىكى ، قانداقلا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقى بىلەن چاتىقى يوق كۈنلەپ ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىپ ، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ كەينىدىن سۆز ـ چۆچەك تارقىتىپ ئىناق ئائىلىلەر ئارىسىغا زىددىيەت تېرىۋاتقان ئاياللارغا غەزەپلەنسە ، قورسىقى ئېچىپ پاقىدەك كورىراپ كەتسىمۇ قولىدىكى ئويۇنىنىڭ مېھرىدىن ئۈمىد ئۈزەلمەي كۈنلەپ ـ كۈنلەپ قارت ئوينايدىغان ، قارت تالىشىپ ساقىلىغا ئاق سانجىغان دېمەتلىكلىرى ياكى ئۆزىدىن نەچچە ئون ياش كىچىكلەر بىلەن سوقۇشۇپ يۈرۈشتىن خىجىللىق ھېس قىلمايدىغان دادىلارغا قاراپ «ئەتە ـ ئۆگۈن مەنمۇ شۇلارنىڭ توپىغا قېتىلىپ قارت ئويناپ ، ئويۇنغا چىدىماي تەڭتۇشلىرىم بىلەن سوقۇشۇپ يۈرەرمەنمۇ؟» دەپ ئويلاپ قالاتتى . چىملىقلاردا مۈكۈدىشىۋاتقان قىز ـ يىگىتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە مۇھەببەتلىك بېقىشلىرىغا ، قاراپ ئۆزىنىڭ تېخىچە تەنھا يۈرۈۋاتقانلىقىنى ، ئۆزىگىمۇ ئوماققىنە بىر قىزنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكىنى ، چىرايلىققىنە بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ ، مۇھەببەتلىشىپ كۆز ئالدىدىكى ياشلاردەك بەخت پەيزىنى سۈرۈشكە قىزىقىپ قالاتتى . بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ قەلبىدە يات جىنسقا بولغان ھېسسىيات ئاستا ـ ئاستا ئويغىنىپ ، ئۇنى قىزلارغا قاراشقا مەجبۇر قىلاتتى . ئۇ دېرىزە تۈۋىدە تۇرۇپ سائەتلەپ خىيال سۈرۈۋاتقان چاغلاردا قوشنىلىرىنىڭ مەخپىي ، سىرلىق ھەرىكەتلىرىنىمۇ كۆرۈپ قالاتتى . ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي شەھۋانىي ھېسسىياتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قۇتراپ يۈرگەن قوشنىلىرىنىڭ مەخپىي ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ قالغان چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئەرلىرىگە ، ئاياللىرىغا ، باللىرىغا ئىچ ئاغرىتاتتى . غۇرۇرى ئاياغ ئاستى قىلىنىۋاتقان ، ئىززەت ـ ھۆرمىتى خورلىنىۋاتقان دادىلارنىڭ ، ئانىلارنىڭ ، باللارنىڭ ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم يۈرۈشلىرىگە قاراپ قەلبى ئازابلىنىپ يۈرىكى لەختە ـ لەختە قان بولۇپ كېتەتتى . ئۇلارغا جۈپتىنىڭ پەسكەشلىكىنى ،

رەزىللىكىنى ، بۇزۇقچىلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ كۆز ئالدىدىكى روھىيىتى ، مەنىۋىيىتى ، ئەقلىي تەپەككۇرى ئۆلگەن تىرىك مۇردىلارنىڭ ئۇيقۇسىنى ئېچىپ قويماقچى بولاتتى.

بىراق ، ئۇ دائىم دېگۈدەك «خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ نېمە قىلاتتىم ، بىر ئۆيدە ياشاۋاتقان ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىنورماللىقلارنى سەزمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ ئۇنداق قىلماي ، ئۇلار جۈپتىنىڭ قالايمىقان ھەرىكەتلىرىنى بىلسە بىلمەسكە ، كۆرسە كۆرمەسكە سېلىپ زەھەر يۇتۇپ ياشاۋاتقان بولسا ئېچىشقان يەرگە تۇز قۇيغاندەك ئىش بولمامدۇ . بەلكىم ئۇلارمۇ ئامالسىزدۇ ، يەرگە قارايدىغان يېرى باردۇ . ئۇلار يا مېنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقىنىم بولمىغاندىكىن ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشماي ئۆزۈمگە پۇختا بولغىنىم تۈزۈك» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللىي بېرەتتى ـ دە ، قوشنىلىرىنىڭ مەخپىي ھەرىكەتلىرىنى كۆرسە كۆرمەسكە ، بىلسە بىلمەسكە سېلىپ قەلبىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن مەنزىرىلىك جايلارغا قارىماقچى بولاتتى . ئىس ـ تۈتەك بىلەن بۇلغانغان ئاسمانغا قاراپ يۇلتۇز ئىزدەيتتى . تىتىلىپ كەتكەن كىگىزدەك يېيىلىپ تۇرغان بۇلۇتلارنى ، بىنادىن نەچچە ئون مېتىر ئېگىزلىكتە ئاندا ـ ساندا پەيدا بولۇپ قالىدىغان قۇشلارنى تاماشا قىلاتتى . گۈركىرەپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈۋاتقان ھەر خىل ئايروپىلانلارغا قاراپ «قاچان ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ ئاسماننى تاماشا قىلارمەن ، ئايروپىلاندا ئولتۇرسام بېشىم قايارمۇ؟» دېگەندەك خىياللارنى سۈرسە ، كەپتەرۋازلارنىڭ موللاقچى كەپتەرلىرىنىڭ چىرايلىق ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ ئۆزى باققان كەپتەرنىڭ ئويۇنىنى كۆرگەندەك ھوزۇرلىنىپ كېتەتتى.

يېقىنىنقىياقى ئۇ ئۇدۇلىدىكى بىنانىڭ بالكونىغا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قارايدىغان بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىنانىڭ بەشىنچى قەۋەت بالكونىدا كۈندە دېگۈدەك چىرايلىق بىر قىز پەيدا بولۇپ قالاتتى . قىز ھەر كۈنى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتماقچى بولغاندەك دەل ئۇ دېرىزە تۈۋىگە كەلگەندە بالكونغا چىقىپ گۈللىرىگە سۇ قۇياتتى . ئۆزىگە دىققەت قىلىۋاتقان بىرەرسىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ قوياتتى . بەزى كۈنلىرى ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قېلىپ «قانغۇچە قارىۋال بايقۇش» دېگەندەك بالكوندا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تۇرۇپ قالاتتى . بۇنداق چاغدا ئۇ «قىز مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرسەم قانداق بولار؟ ئۇ مېنى قارشى ئالىدۇ ، مېنى قوشنامنىڭ ئايالى ھېلىقى ئەرنى سۆيگەندەك قۇچاقلاپ سۆيىدۇ . بىراق ، ئۇ مەندىن باشقا ئەرلەرنىمۇ سۆيەرمۇ؟ مەن بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن قوشنامنىڭ ئايالىغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىپ يۈرەرمۇ؟ ياق . ئۇ ئۇنداق قىلمايدۇ . ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ . ئۇنىڭ مەندىن باشقا ئەرنى ياخشى كۆرۈشى ، مەندىن باشقا ئەرنى سۆيۈشى مۇمكىن ئەمەس...» دەپ قىزنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتى ھەم ساداقىتىگە ئۆز ـ ئۆزىنى ئىشەندۈرمەكچى بولاتتى.

قىز يىگىتلەردە ھەۋەس ، قىزلاردا ھەسەت قوزغىغۇدەك چىرايلىق بولۇپ ، چېھرىدىن كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك سېھرىي لاتاپەت پارلاپ تۇراتتى . قىزنىڭ قاپقارا شەھلا كۆزلىرى چولپاندەك جۇلالاپ ئۇمىد ، ئىشەنچ نۇرى چاچاتتى . ئەۋرىشىم ، نازۇك جىسمىدىن گۈزەللەرگە خاس نازاكەت جىلۋىلىنەتتى . بەس ـ بەستە ئېچىلىپ كەتكەن سەر خىل گۈللەر ئارىسىدا تۇرغان قىز ئۇنىڭ كۆزىگە بىر تۇتام تىكەن ئارىسىدا ھۆپپىدە ئېچىلغان ئەتىرگۈلدەك كۆرۈنەتتى . ئۇ قىزنى ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان چولپان يۇلتۇزغا ئوخشىتاتتى ، قىزنى سېغىنىپ قالغان چاغلىرىدا تاتلىق خىياللارغا چۆمۈلەتتى ، ئۆزىنى بولسا قىز ئۈچۈنلا ياشاۋاتقاندەك سېزەتتى . قىزنى خىيالەن قۇچاقلىغان ، قىزنىڭ لېۋىگە سۆيۈشنى ئويلىغان چاغلىرىدا ۋۇجۇدى شېرىن لەززەتتىن بېھوش بولۇپ بوشىشىپ كېتەتتى . بەزى كۈنلىرى ئۇ دېرىزىدىن بالكونغا قاراپ تۇرغان چاغلىرىدا كۆزى بالكوندىكى گۈللەرنى سۇغىرىپ بولغاندىن كېيىن ، خىيال سۈرگەچ يىراق ـ يىراقلارغا قاراۋاتقان قىزغا چۈشەتتى . بىرسىنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى ، بۇ كۆزنىڭ ئۇزاقتىن بېرى ئۆزىگە تىكىلىپلا تۇرىدىغانلىقىنى سەزگەن قىز «ئۇ بۈگۈنمۇ ماڭا قاراۋاتقانمىدۇ» دەپ ئۇنىڭ دېرىزىسىگە قارىغان چاغلىرىدا كۆزلەر ئۇچرىشىپ قالاتتى . ناھايىتى ئاز نېسىپ بولىدىغان بۇنداق پۇرسەتتىكى نەچچە دەقىقە چاغلىق ۋاقىتتا ئۇچراشقان كۆزلەر ئۆزئارا سىردىشاتتى . بىر ـ بىرسىنىڭ قەلبىدىكىنى كۆرگەندەك ، بىر ـ بىرسىگە سىرلىق ، مېھىرلىق ، مۇھەببەتلىك نۇرلارنى چېچىشاتتى . كۆزلەر ئۇچرىشىپ ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن چاغدا قىز چۆچۈگەندەك بولۇپ باشقا تەرەپكە قارىۋالغان چاغدا ئۇ «ماڭا يەنە بىر قېتىم قارىساڭچۇ پەرىشتەم ، مەن سېنى قانغۇدەك كۆرۈۋالاي ، سېنى سۆيۈشلا ئەمەس ، سېنى كۆرۈپ تۇرۇش ، ساڭا كۈندە بىر قېتىم قارىشىلىشىمۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەخت . مېنىڭدىن قاچما ،

www.uyghurkitap.com



نېمشقا مەندىن كۆزۈڭنى ئېلىپ قاچىسەن؟ مەن ساڭا ئاشىق ، ھەرگىزمۇ دۈشمىنىڭ ئەمەس...» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە شىۋىرلىغاچ قىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى . قىزنىڭ خىيال سۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چاغلىرىدا ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە «شۇ تاپتا قىز چوقۇم مېنى ئويلاۋاتىدۇ . ماڭا ئوخشاش خىيالىدا مەن بىلەن سۆيۈشۈۋاتامدۇ تېخى . شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ شۇنداق بولۇشى كېرەك . ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش قان بىلەن گۆشتىن تۆرەلگەن ئىنسانغۇ ، ئۇنىڭدىمۇ قىزىقىش ، ھېسسىيات ، ھەۋەس بار . ئۇنىڭمۇ ئويلايدىغىنى ، ئېرىشمەكچى بولغىنى ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بار . شۇ تاپتا ئۇ ئۆيىگە كىرىشىمنى ، سۆيگۈ تەلپىنى قويۇپ باغرىغا سىڭىپ كېتىشىمنى كۈتۈۋاتقاندۇ . شۇ تاپتا ئۇ مەن بىلەن قانداق ئۇچرىشىشنى ئويلاۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن . ناۋادا مەن ئۇ ئۆستۈرگەن ئاشۇ گۈللەرنىڭ بىرەر تال ياپرىقى بولالىغان بولسام ئۇنىڭ پەرۋىش قىلىشىغا ، كۆكۈل بۆلۈشىگە ، ئاسرىشىغا ، كۆيۈنۈشىگە ئېرىشكەن بولاتتىم . ئۇ چاغدا مېنىڭ نەچچە ئون مېتىر يىراقتا تۇرۇپ ئۇنى سېغىنىشىمنىڭ ، ئويلىشىمنىڭ ، كۈندە نەچچە قېتىم ، نەچچە سائەتلەپ ئۇنىڭ بالكونىغا تەلمۈرۈشۈمنىڭ ، ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ ، ھەسرەت چېكىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىغان بولاتتى...» دەپ پىچىرلايتتى.

ئۇ قىزنىڭ كۆكۈل بۆلۈشىگە ، كۆيۈنۈشىگە ، سۆيۈشىگە ، ئاسرىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرنېمە بولۇپ كېتىشكە رازىدەك قىلاتتى . ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالەمدە ئاشۇ قىزدىن باشقا يەنە بىر قىز مەۋجۇت ئەمەستەك ، ئاشۇ قىزدىن باشقا ھەرقانداق قىزنىڭ ئەخلاقىدا ، روھىيىتىدە ، ئىمان ـ ئېتىقادىدا مەسىلە باردەك شۇ قىزدىن باشقا يەنە بىر قىزنى ئويلاپ باققۇسى كەلمەيتتى . قىز ئۇنىڭ قەلبىدىكى گۈلخاندىن خەۋىرى يوقتەك ، ئۆزىگە تەشنالىق ئىلكىدە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاراپ تۇرۇشىغا پەرۋا قىلماي بالكوندىن چىقىپ كەتكەن چاغدا ، ئۇ «قىز چوقۇم مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلمەكچى بولۇپ بالكوندىن چىقىپ كەتتى . ناۋادا قىز ئۆيۈمگە ئىزدەپ كېلىپ ئىشىكىمنى چېكىپ قالسا قانداق قىلسام بولار؟ ئەلۋەتتە ئۇنى قىزغىن قارشى ئالىمەن ، ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ چاي قويىمەن ، داستىخانغا توڭلاتقۇدىكى مېۋىلەردىن ، سوغۇق ئىچىملىكلەردىن تىزىپ قويىمەن ، قولۇمدىن ھېچقانداق ئىشنىڭ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن بىر تەخسە قورۇما قورۇساممۇ ، ئىنچىكە تارتىپ لەغمەن ئەتسەممۇ بولىدۇ . بىراق ، بۇنداق ئىشلارنى قىلسام ئۇ قانداق ئويلاپ قالار؟ ھازىرقى قىزلار قانداق مىجەزدىكى ئەرلەرنى ياقتۇرىدىغاندۇ؟ ئەلۋەتتە خېنىم مىجەز ئەرلەردىن نەپرەتلىنىدۇ . ئەرلىك سۈر ـ ھەيۋىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئەرنى قانداقمۇ ئەر دېگىلى بولسۇن . ئەر كىشى چوقۇم ئايال كىشىنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقىشى ، ئايال كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتالايدىغان بولۇشى كېرەك ، ئەلۋەتتە . بولمىسا خوتۇنى قوشنامنىڭ ئايالىغا ئوخشاش سىرتقا قاراپ قالىدىغان گەپ...» ئاشۇ خىياللار بىلەن ئىشىك ئالدىغا كېلىپ سىرتتىكى ئاياغ تىۋىشىگە دىققەت قىلاتتى . كارىدوردا ئازراقلا شەپە بولغۇدەك بولسا «تەلەي كەلگەن چاغدا تىلىم تۇتۇلۇپ قالمىسا بولاتتى . ئۇنىڭغا نېمە دەرمەن ، نېمە دېسەم مۇۋاپىق بولار؟ كۆڭلۈمدىكىنى قانداق چۈشەندۈرەرمەن ، سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم دەپ يېلىنىپ يالۋۇرامدىم ياكى قۇچاقلاپلا كارىۋاتقا باسامدىم...» دېگەنلەرنى ئويلاپ بېشى ئاغرىپ كېتەتتى . ئىشىك ئالدىغىلا كەلگەن ئاياغ تىۋىشى تۇيۇقسىز يوقاپ كەتسە ياكى بىرەر قوشنىسىنىڭ ئىشىكى چېكىلىپ ئىشىكنىڭ غىچىلداپ ئېچىلغان ئاۋازىغا ئەگىشىپ بىرلىرىنىڭ ھال ـ ئەھۋال سوراشقانلىقىنى ئاڭلىغان چاغلىرىدا بولسا كارىدوردىكى ئاياغ تىۋىشىنىڭ قىزنىڭ ئەمەسلىكىنى ، قىزنى ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ كېتەتتى ـ دە ، بەدەنلىرى بوشىشىپ پولدىلا ئولتۇرۇپ قالاتتى.

ئۇ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ بالكونغا قارىغان چاغلىرىدا بالكوندا قىز بولماي قالسا بالكوندىكى گۈللەرگە قارىغىنىچە قىزنىڭ سىياقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى . قىز ئۇنىڭ تۇيغۇسىدا كېپىنەككە ئوخشاش لەرزان پەرۋاز قىلاتتى . ئۇ خالىغان گۈلنىڭ شېخىغا قوناتتى ، ئۇ خالىغان گۈلنىڭ غۇنچىسىنى سۆيەتتى . ئۇ نەگە بارمىسۇن ، قانداق ئىش بىلەن مەشغۇل بولمىسۇن قىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ماڭاتتى . جاپادىمۇ ، راھەتتىمۇ بىرگە بولاتتى.

«ھەممە نەرسە خىيالىمدىكىدەك بولغان بولسا ، بىر يولىلا خىياللىرىم ئەمەلگە ئېشىپ دەرد ـ ھەسرەتلەردىن قۇتۇلغان بولسام قانچە ياخشى بولاتتى ـ ھە؟» دەيتتى ئۇ قىزنى كۆرەلمىگەن چاغلىرىدا قەلبىدىكى ئازابنى تاماكا چېكىش ئارقىلىق تۆگەتمەكچى بولغاندەك ئارقا ـ ئارقىدىن تاماكا تۇتاشتۇرۇپ.

تۈنۈگۈندىن باشلاپ يېغىۋاتقان يامغۇر تېخىچە توختىمىغانىدى ، ئەتراپ قويۇق تۇمانلىشىپ ھاۋا بارغانچە سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى . قۇم دانچىلىرىغا ئوخشاش

سىملداپ يېغىۋاتقان يامغۇرنىڭ قارغا ئايلىنىپ كېتە-
شىدىن ، كۆكتاتلىرىنىڭ قار ئاستىدا قېلىپ توڭلاپ
قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن كىشىلەر بالكون سىرتىغا بې-
كىتىلگەن رىشاتكىلىرىدىكى كۆكتاتلىرىنى بالكون ئى-
چىگە ئەكىرىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراۋاتقان بىر پەيتتە ئۇ
يەنىلا قىزنىڭ بالكونىغا بەز مارىغان مۇشۇكتەك تەلمۈرۈپ
قاراپ تۇراتتى . بالكوندا گۈللەردىن باشقا ھېچنېمە يوق
ئىدى . بالكون ئىچى جىمجىت تۇراتتى . قىزنى كۆر-
مىگىنىگە بىرقانچە كۈن بولغاچقا ئۇنىڭ قىزنى كۆرگۈ-
سى كېلىپ ساراڭغا ئوخشاپ قالغاندەك ، قىزنى كۆرۈش-
تىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايدىغاندەك قىلاتتى . ئۇ
قىزنى يىراقتىن بولسىمۇ بىر قېتىم كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن
جىسمىنىڭ مۇزلاپ كېتىۋاتقانلىقىغا قارىماي قىزنىڭ
بالكونىغا قارىغىنىچە دېرىزە ئالدىدا ئىككى سائەتتىن
ئارتۇق تۇرغاندىن كېيىن ، كۆڭلى بىرنەرسىنى سەزگەن-
دەك بولدى . قىزنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرۇشتىن زېرىك-
كەنلىكىنى ، قىزنىڭ جېنىغا ئەسقاتقۇدەك باشقىچە ئە-
مەك تېپىش ئۈچۈن سىرتلارنى ئارىلاپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى
ئويلاش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ يۈرىكى ھەرە چېقىۋالغاندەك
ئېچىشتى . قىزغا بولغان بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرى سۇ
يۈزىدىكى كۆپۈكتەك ئاستا - ئاستا يوقاپ كېتىشكە ئە-
گىشىپ ئۈمىدسىزلىنەتتى . ئۇ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يې-
گۈدەك بولۇپ دېرىزە ئالدىدىن ئۈستەل ئالدىغا كەلدى . بۇ
چاغدا كارىدوردىن ناھايىتى يەڭگىل ئاياغ تىۋىشى كېلە-
ۋاتاتتى.

— ئەخمەقلىقىمنى قارا، — دېدى ئۇ كارىدوردىن
كېلىۋاتقان يەڭگىل ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ
قايتىدىن جانلىنىپ، — قىز مېنى ئىزدەپ كېلىۋاتسا
ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ يۈرگىنىم نېمىسى؟ مەن ئۇنىڭ
پەقەت ماڭىلا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن . ئۇ مەن-
دىن باشقا يەنە كىمنى ياخشى كۆرەتتى؟ ھېچكىمنى
ياخشى كۆرمەيدۇ . ئۇ ھېچكىمنى مېنى سۆيگەندەك
سۆيمەيدۇ . مەن نېمىشقا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى
ئالمايمەن؟ نېمىشقا ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلىپ مېھمان
قىلمايمەن...

ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەچ ئىشىكنى ئاچماقچى بو-
لۇپ تۇرۇشىغا كارىدوردىكى ئاياغ تىۋىشىمۇ ئۇنىڭ ئى-
شىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى
سۇغا چۈشكەن بېلىقتەك يايراپ كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ
كاللىسى قىز ئىشىكنى چەككەن چاغدا نېمە دېيىش
كېرەكلىكى ، قىزنى ئۆيگە باشلىغاندىن كېيىن قانداق
قىلىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق ئويلىنىپ شالاپچىدەك
پىرقىرايتتى.

— تاك ، تاك ، تاك.

«كەلدى ، قىز ئۆز ئايىغى بىلەن مېنى ئىزدەپ كەل-
دى . مەن نېمىدېگەن بەختلىك . ئېھ ، مۇھەببەت . مەن
ئەمدى يالغۇز قالمايمەن ، مەن مەڭگۈ بەختلىك بولىدىغان
بولدۇم...»

ئۇ ئەنە شۇنداق شېرىن خىيال سۈرۈپ مەستخۇش
بولغان ھالدا ئىشىكنى ئاچتى . ئىشىك ئالدىدا ئادەم
تۇرماق ، ئىنس - جىنمۇ كۆرۈنمەيتتى . ھېلىقى ئاياغ
تىۋىشىمۇ يوقالغان بولۇپ ، كارىدور ئىچىدە يېڭىنە
چۈشسە ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى .
ئۇ خىيال ئىچىدە تېڭىرقاپ تۇرغان ئاشۇ دەقىقىدە ئۆزى-
نىڭ ئىشىكى ئەمەس ، بەلكى ئۇدۇل قوشنىسىنىڭ ئى-
شىكى چېكىلگەنلىكىنى پەرەز قىلغاچ شۇ چاغدا قوش-
نىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بىر قىز بىلەن قىسقىلا
پاراڭلاشقاندىن كېيىن قىزنى يېتىلەپ ئۆيىگە كىرىپ
كەتكەن ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قوشنىسىنىڭ
ئىشىكىگە ئەلەم بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن ئۆيىگە
قايتىپ كىردى - دە ، بارلىق بىساتىنى ئۇتتۇرۇپ قويغان
قىمارۋازدەك ئۇھسىنغىنىچە سافاغا ئۆزىنى تاشلىدى .
ئۇنىڭ خىيال كەپتەرلىرى يەنىلا شۇ قىزنى ئىزدەپ پەرۋاز
قىلىۋاتقان بولسا ھېس - تۇيغۇلىرى قىزنىڭ سۈرىتىنى ،
قوشنىسىنىڭ چىرايلىق ئېچىلغان بىر تال ئەتىرگۈلنى
قانغۇدەك پۇرىغاندىن كېيىن پۇرلاپ تاشلىماقچى بولۇ-
ۋاتقان كۆرۈنۈشىنى سىزىۋاتاتتى.

ئەنە ، قىز قوشنىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ قايسى
بىر كۈنى كۆرگەن قىزىق ئىشلارنى سۆزلەپ ئۇنى كول-
دۇرۇۋاتقان ، بويىنىغا ئېسىلغىنىچە ئەركىلەپ نېمىنىدۇر
شىۋىرلاۋاتقان ، قارشى تەرەپكە ئۆزىنىڭ ئامراقلىقىنى
بىلدۈرۈش ئۈچۈن يېقىنچىلىق قىلىپ پات - پات ئۇنىڭ
مەڭزىنى چىمداۋاتقان ، سۆيۈشۈشتىن مەست بولۇپ تات-
لىققىنە ئىڭراۋاتقان ، ناز - خۇلق چىقىرىپ بۇلاق سۈ-
يىدەك ۋىلىقلاپ كۈلۈۋاتقان ، ئەرنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ
تۇرۇپ: «مېنى بىر ئۆمۈر ياخشى كۆرەمسىز ، مېنى ئا-
لامسىز ، ئايالىڭىز بىلەن ئاجرىشىپ مەن بىلەن توي
قىلىشنى خالامسىز؟...» دېگەندەك گەپلەرنى سوراۋاتقان؛
«مېنى ئالسىڭىز چوقۇم زىيان تارتمايسىز . ئايالىڭىزغا

ئوخشاش سىزنى يەرگە قاراتمايمەن ، ئۆمۈرۋايەت سىزگە سادىق ئايال بولىمەن...» دېگىنىچە ئەرنىڭ ئېڭەكلىرىگە سۆيۈپ ۋەدە بېرىۋاتقان ، قوشنىسىنىڭ قىز سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقان ، قىزنىڭ تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە ، ئالۇچىدەك چىرايلىق لەۋلىرىگە سۆيۈشتىن خىجىللىق ھېس قىلىۋاتقان ، بىر ئاماللارنى قىلىپ قىزنى ئۆيىدىن تېزرەك چىقىرىۋېتىشنى ئويلاۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەندەك بولدى.

ئۇ ئازابلانماقتا ئىدى ، ئۆزىنى قانداقتۇر بىر كۈچ مەھكەم چىرماپ تۇرغاندەك ، ناھايىتى كۈچلۈك بىر قول تەرىپىدىن ئۇۋىسى بۇزۇلغان ، ئۆزىگە تەۋە بارلىق نەرسىلەردىن ئايرىلىپ ، قانىتى بۇغۇچلانغان قۇشقا ئوخشاش تولىمۇ بىچارە سەزمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ جىسمى بەزگەك كېسىلى قوزغىلىپ قالغان ئادەمگە ئوخشاش تۇرۇپ ـ تۇرۇپ يۇلقۇنۇپ قوياتتى . باغلاقتىن ـ قەپەستىن قۇتۇلماقچى بولۇپ غالجىرلاشقان قۇشتەك ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇراتتى . كىمدىندۇر ياردەم تىلەپ ۋارقىرىماقچى بولاتتىيۇ ، كىمدىن ، قانداق ياردەم تىلەشنى بىلمەيتتى . كۈنسېرى ئۆزىنىڭ يالغۇز ياشاۋاتقانلىقىنى ، بىرەر قىزنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كەلمىگەنلىكىنى ئويلاپ ئازابلىناتتى.

— تەپ تارتماي ئۆيۈمگە كىرىپ كارىۋىتىمدا ياتقۇدەك بولدۇڭمۇ؟ ھۇ زىدى پەس قانجۇق.

ئىشىكى ئالدىدا كۆتۈرۈلگەن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئۇنى خىيالدىن ئويغاتقان چاغدا كارىدور ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى.

— بۇ سەن ئويلىغاندەك ئىش ئەمەس ، بۇ قىز ئىشىكنى خاتا چېكىپ قاپتىكەن...

ئۇ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ كارىدوردىكى ئاۋازغا قۇلاق سالدى . قولۇم ـ قوشنىلار ئالدىدا يەرگە قاراپ تۇرغان قىزنىڭ بىچارە قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . قوشنىلار ئالدىدا يەرگە قاراپ تۇرغان قىزنىڭ ئۆزى ئۇزاقتىن بېرى ياخشى كۆرۈپ خىيالەن سۆيۈپ كېلىۋاتقان سۆيۈملۈكى بولۇش ئېھتىماللىقىنى ئويلاپ يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولۇپ كەتتى . كارىدورغا چىقىپ قوشنىسى ھاقارەتلەۋاتقان قىزنىڭ كىملىكىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ نەپىسى قىسىلىپ ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ يۈگۈرگەن پېتى كارىدورغا چىقىپ قوشنىسىنىڭ ئايالىغا:

— قىزنى مەن چاقىرغان ، مەن ئۆيدە بولمىغاچقا سىلەرنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇپ مېنى ساقلاۋاتقانىدى . ئۇنىڭ ئېرىڭىز بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، — دېيەلىگەن بولسا ئىشلار ئۆز يولىدا يۈرۈشۈپ كېتەتتى ، بارلىق زىددىيەتلەر يېشىلىپ، ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتەتتى . سوقۇشۇۋاتقان ئەر ـ ئايال ئەپلىشىپ قالاتتى . مەھەللىدىكىلەر ئالدىدا قىزنىڭ يۈزى يورۇق بولاتتى . ناۋادا ئۇ شۇنداق قىلىدىغانلا بولسا قىزنىڭ چىن مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى...

بىراق ، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى . ئۇ قانداق قىلىشنى ، زادى قانداق قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى . بۇنداق بەدەل تۆلەش ئاسانمۇ؟ مۇشۇنداق شارائىتتا كىممۇ تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىشنى ئويلايدۇ؟ راست ، «ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» ، بىراق ۋىجدان ـ غۇرۇرى خورلانغان ، قەلبى چۈشەندۈرگۈسىز ئازاب بىلەن تولغان ، دىلى شىكەستلەنگەن ئادەمنىڭ ئۆزى سۆيمەكچى بولغان قىزنىڭ بۇزۇقچىلىقىنى بىر توپ شاھىد ئالدىدا ئاقلايمەن دېيىشى مۇمكىنمۇ؟

ئۇ مۇجۇپ ئاغرىۋاتقان كۆكسىنى قامالىغىنىچە دېرىزە ئالدىغا قاراپ ماڭدى . ئۇ قوشنىسىنىڭ ئايالى تۇۋۇالغان كارىدوردىكى قىزنىڭ ئۆزى سۆيۈشنى ئويلاپ كېچە ـ كۈندۈز خىيال قىلىدىغان بالكوندىكى قىز ئەمەسلىكىگە ئۆزىنى ئىشەندۈرمەكچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ ئاغرىۋاتاتتى . ئۇ يۈرىكىدىكى ئاغرىقنى داۋا ئىزدىمەكچى بولغاندەك دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ئادىتى بويىچە قىزنى كۆرۈش ئۈچۈن بالكونغا قارىدى . بالكون قۇپقۇرۇق تۇراتتى . بالكوندا نە گۈلدىن ، نە قىزدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . ئۇ «كۆزۈم ئېنىق كۆرەلمەيۋاتقان بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ كۆزىنى بىر نەچچە قېتىم قاتتىق ئۇۋۇلىۋېتىپ پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ تۇرۇپ بالكونغا قاراشقا باشلىدى . بالكون يەنىلا قۇپقۇرۇق تۇراتتى . بالكوندا نە گۈل ، نە قىز كۆرۈنمەيتتى . ئۇ قىزنىڭ بالكونغا چىقىشىنى ، ئۆزىگە قاراپ بۇرۇنقىدەك پىسسىڭدە كۈلۈشنى ئويلاپ قارشى تەرەپتىكى دائىم قىز ھەم قىز ئۆستۈرگەن رەڭگارەڭ گۈللەرنى كۆرىدىغان بالكونغا خېلى ئۇزاق قارىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ كۆزىگە بالكون ئىچىدىكى ئۆمۈچۈك تورىغا ئېسىلىپ قالغان بىر تال سېرىق ھەرىدىن باشقا ھېچنەرسە چېلىقمىدى...

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**

# شائىر بولماق ئۈچۈن

## ( مەرھۇم شائىر روزى سايىت ۋاپاتىنىڭ تۆت يىللىقى خاتىرىسىگە )

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى

مەن روزى سايىتنى ئەسەرلىرى ئارقىلىق قاچان تونۇغانلىقىم ئېسىمدە يوق ، لېكىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى ، ئىككىنچى يىللىقىدا (1987 — 1988 - يىللىرى) روزى سايىتنىڭ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئارىلاپ ئېلان قىلىنىدىغان شېئىرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغانلىقىم ، يادلايدىغانلىقىم ، شائىرنىڭ تىلىدىكى ئويناقلىق ، راۋانلىق ، قاپىيىسىدىكى ئۆزگىچىلىكنىڭ مېنى بەكمۇ شەيدا قىلىۋالغانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە . بەزىدە شائىرنىڭ تىلىغا قاراپ «ئۇيغۇر تىلىنى بەكمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋېتىكەنغۇ كاساپەت» دەپ ئويلاپ قالاتتىم ، شۇ چاغلاردىن باشلاپ روزى سايىتنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىزچىل دىققەت قىلدىم . كونا ئەسەرلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇدۇم ، ھەتتا 1989 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغاندىمۇ شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇشنى ئۈزۈپ قويمىدىم . ئەينى چاغدا ئالىي مەكتەپلەرنى بېگىچە شېئىرىيەتكە بولغان قىزغىن ئىشتىياق قاپلاپ كەتكەنىدى ، ھەۋەسكارلار ئۆزىنىڭ زوقلىنالماسلىقى بىلەن ھېسابلاشماي ، «شېئىر قانچە مۈرەككەپ ، گۇڭگا بولسا شۇنچە ئېسىل بولىدۇ» دەپ قارايتتى . بۇنداق قاراشقا بىر خىل قارىغۇلارچە ئەگىشىش خاھىشى قوشۇلۇپ باشقىچە كەيپىيات پەيدا بولغانىدى ، ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتكە بولغان ئىنكار قىلىش خاھىشىدىن بەزى ھەۋەسكارلار كۆزى ئوچۇق قارىغۇغا ، ھېچنېمىنى ياراتمايدىغان ئەشەددىي ئىنكارچىغا ئايلانغانىدى . مەن شۇ يىللاردىمۇ روزى سايىتنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇشنى تەرك ئەتمىدىم ، لېكىن كۆڭلۈمدە ئىشتىياقتىن باشقا شائىرنىڭ ئەسەرلىرىگە باھا بېرىپ بېقىش خاھىشىمۇ باش كۆتۈرگەنىدى . شائىرنىڭ بەزى شېئىرلىرىغا قارىتا باشقىلار بىلەن ئورتاقلاشمىغان تەنقىدىي قاراشلىرىم بار ئىدى.

1992 - يىلى كۈز پەسلى ، ئالىي مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا ئوقۇپ يۈرگەن ، ئۈچۈرما بولۇش ئالدىدا تۇرغان ، كۆزى سۈزۈلۈۋاتقان ھەۋەسكار چاغلىرىم . ساي بويى بويىغا جايلاشقان خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىغا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن كەلگەن دادامنى يوقلىغىلى كەلدىم . دادام بىلەن ياتاقتا بىردەم ئال - مۇڭ بولغاندىن كېيىن ، ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا چىقتۇق ، دەرۋازا ئالدىدا قويۇق خوتەن شېۋىسىدە سۆزلەپ ، چاقچاقلىشىپ يۈرگەن ئادەملەر خېلى كۆپ ئىدى ، ئاپتوبۇستىن ئەمدى چۈشكەن بەزى يولۇچىلارنىڭ چىرايىدا بىر خىل تارتىنىش ، ياتسىراش تۇيغۇسى ئەكس ئېتەتتى . ئەتراپقا گۇمان بىلەن ئىتتىك - ئىتتىك قاراپ قوياتتى.

— قارا ، بالام ، ئاۋۇ كىشى روزى سايىت ئىكەن،— دېدى بىر چاغدا دادام.

دادام ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ھەۋەس قىلىپ يۈرگەنلىكىمدىن خەۋەردار بولۇپ ، ئاندا - ساندا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىمنى ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇيتتى . ھەتتا بەزىدە ماڭا ئاتاپ گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇپ قوياتتى . دادامنىڭ گېپى بىلەن ئالدىمغا قارىدىم . مەندىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا ئېگىز بوي ، بۇغداي ئۆڭ ،

كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بىر كىشى جاراڭلىق ئاۋازدا بىرەيلەن بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى . ئىلگىرى كىتاب ـ ژۇرناللاردا روزى سايىتنىڭ رەسىملىرىنى كۆرگەن بولغاچقا ، ئالدىمدىكى كىشىنىڭ روزى سايىت ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدىم . كۆرمەستىلا ئاچچىقى يامان ، لېكىن چاقچاق خۇمار بىر كىشىدەك تۇيۇلغان روزى سايىت ھەقىقەتەن تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىن پەرقسىز بىر ئادەم بولۇپ چىقتى.

روزى سايىتمۇ خوتەنگە قايتىش ئۈچۈن ئىش بېجىرىش ئورنىدىكى بېكەتكە كەلگەنىكەن ، ئەينى چاغدا خوتەنگە بارىدىغان ئاپتوبۇسلار خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىدىن يولغا چىقاتتى . مەن دادامدىن روزى سايىتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، شائىرنى سىنچى نەزەر بىلەن كۆزىتىپ تۇردۇم ، بىر چاغدا شائىرنىڭ ئۆرە تۇرۇپ پۇتلىرى تالدىمۇ ، دادام بىلەن مەن تۇرۇۋاتقان جايغا كېلىپ زوڭزايدى . دادام بىلەن ئىككىسى كۆرۈشۈپ قويدى ، دادام خوتەننىڭ ئاچچىق موخۇركىسىدىن شائىرغا بىر ئورام تەڭلىدى.

مەن روزى سايىتقا ئەمدى تېخىمۇ يېقىندىن قارىدىم ، ئالدىمدىكى بۇ كىشى ماڭا بەكمۇ تونۇش ئىدى ، ئۇنىڭ نەچچە پارچە شېئىرىنى يادقا بىلەتتىم ، شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى لىرىك ئىچكى كەچۈرمىلىرى ئارقىلىق شائىرنىڭ دۇنيا قاراشلىرىدىن خەۋەردار ئىدىم ياكى ئۆزۈمنى خەۋەرداردەك ھېس قىلاتتىم . لېكىن ، شائىر كىملىكىمنى بىلمەيتتى . مەنمۇ شائىر كىملىكىمنى بىلگۈدەك ، بىلىشكە ئىنتىلگۈدەك ئىش قىلىپ باقمىغانىدىم . لېكىن ، شائىر بىلەن مۇشۇنداق مۇھەتتا ئۇچراشقىنىمدىن ، شائىرنىڭ ماڭا بەكمۇ تونۇش ، مېنىڭ شائىرغا بەكمۇ ناتونۇشلۇقىمدىن ئىچىمدە ئوستۇنلۇك ھېس قىلاتتىم . بىرەر ـ ئىككى يىلدىن بۇيان شائىرنىڭ ئادەمنىڭ ئېغىزىدا تەمى قالغۇدەك بىرەر شېئىرىنى ئوقۇمىغاچقىمۇ ۋە ياكى ئالىي مەكتەپلەردە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئىنكارچىلىق خاھىشى ماڭا مەلۇم دەرىجىدە تونۇشۇمغا تەسىر كۆرسىتىپ ، شائىرنىڭ شېئىرلىرى كۆزلىرىمگە ئاددىي كۆرۈنۈپ قالغاچقىمۇ ، گەپ كوچىلىدىم:

— روزىكا ، يېقىندىن بۇيان شېئىرلىرىڭىزنى كەم كۆرۈۋاتىمىزغۇ؟

بۇ گېپىمگە «تۈزۈكرەك ئەسەرلىرىڭىز چىقمايۋاتىدۇ» دېگەن تەنقىد يوشۇرۇنغانىدى . لېكىن ، روزى سايىت ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن جاۋاب بەردى:

— كۆرمىگەن ئوخشايسىز ، پالانى ، پوكونى ئەسەرلىرىم XXژۇرنالدا ئېلان قىلىندى.

شائىر پەخىرلەنگەن ھالدا بىر يىلدىن بۇيان ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ساناپ چىقتى . مەن گەپ قىلالماي قالدىم . شائىرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ماڭا ئۆزگىچە تەسىر بەردى . شائىرنى شېئىرلىرىغا سۆيەت تەلپى قويىمادۇ نېمە؟ دېگەن خىيال كۆڭلۈمدىن كەچتى . لېكىن ، ئويلىغانلىرىمنى دېيەلمىدىم . بۇ خىياللار كاللامدا گۇمان پېتى قالدى . ئۇ چاغلاردا گۇمانخور ئەمەس ئىدىم ، گۇمان قىلسامىمۇ ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەمدەك گۇمانىمنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى دەلىللەشكە پېتىنالمايتتىم.

شۇنىڭدىن كېيىن شائىرنى خېلى ئۇزاققىچە ئۇچراتمىدىم ، لېكىن ئەسەرلىرىنى ئىزچىل ئوقۇپ تۇردۇم . شائىرنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئۇستازلىرىدىن بىرى دەيدىغان قارىشىمدىن زادى تەۋرىنىپ باقمىدىم . ئىدىيۋى نۇقتىدىن ماڭا ناچار تەسىر بەرگەن شېئىرلىرىنىڭ تىلىمۇ ئۆزىدىكى ئۆزگىچىلىك تۈپەيلىدىن كەيپىياتىمدىكى ناچار تۇيغۇنى يۇيۇپ تاشلايتتى.

## 1

روزى سايىتنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ شۇنچىلىك موللۇقى ، كۈلكە ـ چاقچاققا ئامراق ، ئادەمگە ئازابلانمايدىغاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان ، ئەتراپىدىن كۈلكە ـ چاقچاق ئۈزۈلمەيدىغان ئالاھىدىلىكى كەينىگە يوشۇرۇنغان يەنە بىر دۇنيا مېنى ھەيران قالدۇردى.

روزى سايىت بىلەن تولۇق تونۇشقان ۋاقتىم 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئىدى . شۇ چاغلاردا مەن ئېلان قىلغان بەزى ئەسەرلىرىمنىڭ شاپائىتى بىلەن كۆزگە چېلىقىشقا باشلىغانىدىم . بىر كۈنى كەچتە بىر سورۇندا بىللە بولدۇق . شائىر شېئىر ئوقۇپ ، چاقچاق قىلىپ بىردەمدىلا سورۇندىن چاڭ چىقىرىۋەتتى . سورۇندىكىلەرنىڭ تەلپى بويىچە شائىر ئارقا ـ ئارقىدىن شېئىر ئوقۇدى . شائىرنىڭ سورۇندا ئوقۇغان شېئىرلىرى

بىلەن ئىپادىلىگەن شېئىرلىرىدا خېلى زور پەرق باردەك قىلاتتى . سورۇندا شېئىر ئوقۇسا بېشى ئاغرىيدىغانلاردىن تارتىپ تەسىر قىلغان بولسا كېرەك ، يېنىمدا ئولتۇرغان بىرەيلەن «شېئىر دېگەننىڭ بۇنچىلىك كۆچى بارلىقىنى ئەجەب ئويلاپ باقماپتىكەنمىنا» دەپ غۇدۇراپ قويدى . ئەتىسى چۈشتە بولسىمۇ بىر داستىخاندا تاماق يەرمىز دەپ شائىرغا تېلېفون بەردىم . چۈنكى ، شائىرنىڭ كەچلىك سورۇنلىرىنىڭ نەچچە كۈنگىچە ئىگىلىنىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋىرىم بار ئىدى . شائىر تېلېفون بەرگىنىمدىن ناھايىتى سۆيۈندى . مەن بىلەن ئايرىم مۇڭدىشىش خىيالى بارمۇ ، مېنى جەنۇبىي قوۋۇق (نەنمېن)دىكى تەنتەربىيە سارىيىنىڭ مېھمانخانىسىدىكى ياتىقىغا تەكلىپ قىلدى . مەن ناھايىتى ئالدىرىغان ھالدا كىرا ماشىنىسىدا ئولتۇرۇپ شائىرنىڭ ياتىقىغا كەلدىم . شائىر ياتاقتا يالغۇز ئىدى ، قارىغاندا ، مېنى يالغۇز پاراڭلىشىشقا ساقلاۋاتقان بولسا كېرەك . ئىككىمىز ناھايىتى ئۇزۇن كۆرۈشمىگەن قەدىناسلاردەك كۆرۈشۈپ كەتتۇق . لېكىن ، شائىرنىڭ چىرايى ئاخشامقى سورۇندىكىدەك خۇشال ئەمەس ئىدى ، كۆزلىرىدىن چوڭقۇر ھەسرەت چىقىپ تۇراتتى . مەن شائىرنى بۇ قىياپەتتە كۆرۈپ ھەيران قالدىم . چۈنكى ، مەن ئىلگىرى شائىر بىلەن بىرنەچچە سورۇندا ئۇچراشقان ، بىر سورۇندا شائىرنىڭ چاقچاق سادالىرى ئىچىدە شائىر بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدىم . تېخى تونۇشقىلى نەچچە ئايلا بولغانىدى . شۇ جەرياندا «نېمىدېگەن خۇشال ، غەمسىز ئادەم بۇ» دەپ ئويلىغانىدىم . لېكىن ، بۈگۈن شائىرنىڭ كەيپىياتى باشقىچە غەمكىن ئىدى ، شائىر نېمە خىيال قىلىۋاتقانلىقىمنى سەزدىمۇ ، دەرھال چاقچاق قىلىشقا باشلىدى . بىز بىردەم چاقچاق قىلىشقاندىن كېيىن ، شائىر ھەر كۈنى كەچتە بولۇۋاتقان سورۇنلاردىن چارچىغانلىقىنى ، شۇڭا مەن بىلەن پاراڭلاشقاچ ئارام ئالغۇسى بارلىقىنى بىلدۈردى ، بۇ گەپ ماڭىمۇ خۇش ياقتى ، چۈنكى غىزا يېگەچ تالاغا چىقىپ پاراڭلىشايلى دېسەكلا يولدا نەچچە ئادەمنىڭ شائىرنى گەپكە تۇتۇشى ، ھەتتا ئارامخۇدا غىزالىنالماسلىقىمىز مۇمكىن ئىدى . مەن بۇنداق ئەھۋالنى ئىلگىرى بىرنەچچە قېتىم ئۇچراتقانىدىم . ئەينى چاغلاردا شائىر «دېھقان بولماق تەس» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن خەلق قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان ، خەلق راست سۆزلەشكە ، ئۆزلىرىنىڭ دەرد ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى چىنلىق بىلەن بايان قىلىشقا جۈرئەت قىلىۋاتقان بۇ شائىرنى ھۆرمەت تەختىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمىدا كۆتۈرگەن چاغلار ئىدى . شائىرنى كۆرگۈسى ، مۇڭداشقۇچى بارلار ، شائىرغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىشنى ئارزۇلاپ يۈرگەنلەر قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇراتتى . ھەتتا 1996 ـ يىلى يازدا گۇما ناھىيىسىنىڭ قاراتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانىغا بىر ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن بېرىپ بىر كۈن تۇرۇپ قالغاندا ، زاكۇ بېشىدا سۇ ساقلاۋاتقان بىرنەچچە دېھقاننىڭ تاڭ سەھەردە جۇۋىغا يېپىنىپ يېتىپ ، كېسەك ئۇنئالغۇدىن غاژىلداپ چىقىۋاتقان ، ئابدۇقەييۇم ئىمىننىڭ يۈرەكنى تىترىتىدىغان ئاۋازى بىلەن ئوقۇغان «دېھقان بولماق تەس» ناملىق ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئاڭلاپ ياتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم.

شائىر چاقچاقتىن كېيىن خوتەننىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالى ، پۇقرانىڭ كۈنى ھەققىدە بىردەم سۆزلىدى . چاقچاق قىلغان چاغدا خۇشاللىقتىن تۇرۇلۇپ كېتىدىغان چىرايى جەنۇب خەلقىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە سۆزلىگەندە كەسكىن تۈس ئالدى . شائىرنىڭ كۆزلىرىنىڭ مۇڭغا پاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «جەنۇبقا خەت» دېگەن شېئىرىدىكى «ئەي جەنۇب ، دەردمەن جەنۇب ، ئەي مۇڭلىنىپ ياتقان جەنۇب» دېگەن مىسرالىرى ئېسىمگە چۈشتى . بەلكىم شائىر ھايات بولغان بولسا ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات خەلقنىڭ 2 مىليون 50 مىڭ پەرزەنتىنىڭ كىتاب پۇلىنىڭ كۆتۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ، دېھقانلاردىن باجنى كەچۈرۈم قىلىپ ، مەجبۇرىي ئەمگەكنى ئازايتىش ھەققىدىكى ئەمەلىي تەدبىر قوللانغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسا قانداق خۇشال بولۇپ كېتەر ئىدى ـ ھە.

شائىر پاراڭ ئاخىرىدا شېئىر ئارقىلىق مۇڭدىشايلى دېگەندەك ، يېنىدىن ئايرىمايدىغان قويۇن دەپتىرىنى چىقىرىپ شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى . مەن شائىرنىڭ قويۇن دەپتىرىدىكى شېئىرلاردىن ئاستا ـ ئاستا يېڭى روزى سايىتنى كۆرۈۋېلىشقا باشلىدىم . شائىرنىڭ قەلبىمدىكى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۈيۈك ئۇستىسى» دېگەن ئوبرازىغا «خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى شائىرلىق ۋىجدانى بىلەن دادىل كۈيلەشكە پېتىنغان ئوت يۈرەك» دېگەن سۈپەت

قىبتىلدى.

دەپتەردىكى شېئىرلارنىڭ زور كۆپى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان شېئىرلار ئىدى . بەزى شېئىرلار بىرەر سو-رۇندا ، نەق مەيداندا توقۇلغان بولسا كېرەك ، شېئىردىن هازىرجاۋابلىق ، يۇمۇر چىقىپ تۇراتتى ، بەزى شېئىرلار شۇنچىلىك گۈزەل ، ئەمما تىل نۇقتىسىدىن بەدەۋى ئىدى . شائىر مانا مۇشۇنداق شېئىرلارنى ئوقۇغاندا ، ئادەم چوڭقۇر ھەسرەتكە غەرق بولاتتى . ئادەم شائىرنىڭ ھەسرەتلىنىۋاتقان تۇرقىغا قاراپ «بۇ ئادەممۇ ئازابلىنىدىكىنە» دەپ ئويلاپ قالاتتى . شائىرنىڭ ئۆتكۈر تەنقىد تۈسىنى ئالغان شېئىرلارنى ئوقۇغان چاغدىكى كۆزلىرىگە قارىسىڭىز ، كۆڭلىڭىزدە شائىر مەدھىيىلەش ئورنىغا تەنقىد قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىدىن ئازابلىنىۋاتامدۇ ياكى تەنقىد قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتقان ئىجتىمائىي ئامىللاردىن ھەسرەتلىنىۋاتامدۇ نېمە ، دېگەن خىيال پەيدا بولاتتى . شائىر مۇشۇ چاغلاردا بىر ئوتقا ئايلانغان ، شائىرلىق ۋىجدانى شائىرغا خەلق يىغلىسا تەڭ يىغلايدىغان ، خەلق كۈلسە تەڭ كۈلىدىغان بىر خۇسۇسىيەتنى ئاتا قىلغانىدى.

2

شائىر ئېرا ئاتلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، 2000 ـ يىلى كۈزدە بىر قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭ يولى 41 ـ قورۇدىكى ناھايىتى كونا بىر ئۈچ قەۋەتلىك بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى ئۆيۈمدە خوتەننىڭ تارىخچىسى ئابدۇقادىر تۇرسۇن بىلەن بىرگە مېھمان بولغانىدى.

بىز چاي ئىچىشكەچ پاراڭغا چۈشتۇق ، ئابدۇقادىر كامىنىڭ قىزىقارلىق بايانلىرى بىلەن روزى سايىتنىڭ ھەزىللىرى ئۆيۈمنى جانلاندۇردى . بىز ئەدەبىياتتىن پاراڭ باشلاپ ، تارىخ ، كەلگۈسى دۇنيا ھەققىدە يۈرەككە ئىلھام بېرىدىغان تەلقىنلەرنى قىلىشقاندۇق . روزى سايىت شۇ چاغدا كۈنلەرنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقى ، تېخى بۇنىڭدىنمۇ قۇتلۇق ، ئۇلۇغ كۈنلەرنىڭ ئالدىمىزدا ئىكەنلىكى ، شۇ كۈنلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئارزۇسىدا بولغانلىقىنى لوگىكىلىق ئۇسۇللار بىلەن دەلىللىگەنىدى.

كەچتە پاراڭغا قېنىشماي خوشلاشتۇق ، مەن شائىرغا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «قىز پەسلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى سوۋغا قىلدىم . شائىر توپلامنى سۆيۈنۈش ئىچىدە ۋاراقلاپ كۆرگەندىن كېيىن ، كىتابتىن يەنە بىرنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى ، مەن باشقا ھېچقانداق ئىشنى خىيالىمغا كەلتۈرمەي ، كىتابتىن يەنە بىرنى شائىرغا تۇتقۇزدۇم.

ــــ توپلىمىڭىزنىڭ ئاق قالغان يەرلىرى بەكمۇ جىق ئىكەن، ــــ دېدى شائىر چاقچاق قىلغاچ، ــــ شۇ يەرلىرىگە شېئىرلىرىڭىز ، ئۆزىڭىز ھەققىدىكى تەسىراتلىرىمنى شېئىر قىلىپ يېزىپ قوياي ، خوتەنگە بارغاندا ياندۇرۇپ بېرىمەن ، مەندىن خاتىرە بولۇپ قالار، ــــ دېدى ئۇ.

شۇ چاغدا شائىرنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنمىگەنىكەنمەن . ئىككى كۈندىن كېيىن شائىر بىلەن مېھمانخانا ياتىقىدا ئۇچراشقاندا ، شائىرنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى چۈشەندىم . شائىرنىڭ قولىدا بىر مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرىنىڭ قاتتىق مۇقاۋىلىق توپلىمى تۇراتتى . توپلامنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى بوش يەرلەرگە شائىر ناھايىتى تۈجۈپىلەپ شېئىر يېزىپ چىققانىدى . بەزى شېئىرلارنى توپلام ئىگىسىنىڭ شېئىرىغا يازغان شېئىرىي ئوبزور دەپ قاراشقا بولسا ، بەزى شېئىرلارنى شۇ شېئىرغا يېزىلغان تەقرىز دېيىشكىمۇ بولاتتى . بەزى شېئىرلار ئەسلى توپلامدىكى شائىرنىڭ ئىلھامى ئاستىدا يېڭىچە پىكىر بىلەن ئەسلى شېئىرنىڭ بالاغىتىگە تەڭلەشتۈرۈپ يېزىلغان يېڭى پىكىردىكى بىر پارچە شېئىر ئىدى . مەن ھاڭ ـ تاڭ قالدىم . شائىرنىڭ بۇنداق شېئىر يېزىش ئۇسلۇبى مېنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى . مېنى ھەيران قالدۇرغىنى ، شائىرنىڭ شېئىر يېزىشىدىكى تېزلىك بولۇپ قالماي ، (چۈنكى بىر توپلامدىكى شېئىرلارنى قىسقىغىنە بىرنەچچە ئايدا يېزىپ چىققاندەك قىلاتتى ، مەن شېئىرلارنىڭ يېزىلغان ۋاقتىدىن بۇ نۇقتىنى ھېس قىلغانىدىم) شائىرنىڭ سەزگۈرلۈكى ، دادىللىقى ئىدى . ناۋادا توپلام ئەنە شۇنداق ھالدا قايتا نەشر قىلىنىپ قالسا ، ھەتتا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يېڭى مۇنازىرە دولقۇنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن ئىدى . مەن ئىلگىرى تەقلىد ، تەخمىسلەرنى ئوقۇغان ، لېكىن بۇ خىل ئۆزگىچە شېئىر يېزىش ئۇسلۇبىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم ، گەرچە توپلامنىڭ گىرۋەكلىرىگە يېزىلغان بۇ شېئىرلار مۇستەقىل شېئىر بولسىمۇ ، ئۇلارنى ئايرىم نەشر قىلسا روزى سايىتنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى شېئىرلىرى بولۇپ قالا-

لايىتى . ھەتتا شېئىرلارنى ئەسلى توپلامدىكى شېئىرلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ ياكى شائىرنىڭ يازغان پېتى پاراللېل قويۇپ نەشر قىلغىلى بولسا ، باشقىچە شېئىرىي ئۇنۇم پەيدا بولاتتى.

مەن ئۆيۈمدىكى سۆھبەت بىلەن بۇ يىڭىچە توپلامنى كۆرۈپ ، شائىردىكى يىڭى بىر ھالەتنى — پىكىر ۋە دۇنيانى كۆزىتىشتىكى يىڭى پىشىپ يېتىلىشنى بايقىغاندەك بولدۇم . شائىر قازا قىلىپ بىرنەچچە يىلغىچە شۇ چاغدىكى پاراڭلار ، ئەسلىدىكى شېئىرنىڭ يىنىدىكى بوش يەر قالدۇرۇلماي يىڭى شېئىر يېزىلغان توپلام زادى ئېسىمدىن چىقمىدى . بۇ شائىرنىڭ مەن قاتارلىق بىرنەچچە ئادەم بىلىدىغان ئىجادىيەت مەخپىيىتى بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى . بۇ توپلام روزى سايىت ھەققىدىكى ئەسلىمىلەر مەلۇم دەرىجىدە چاڭ باسقان بىر كۈنلەردە بىر يەردىن تېپىلىپ ئېلان قىلىنىپ قالسا قايتىدىن روزى سايىت قىزغىنلىقى ، روزى سايىتقا قايتىدىن ئەستايىدىل باھا بېرىش قىزغىنلىقى قوزغايدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇپتۇ.

3

بىر قارىماققا ئۆلۈم ناھايىتى قورقۇنچلۇق ، بەلكىم تۈزۈكرەك ياشىيالماسلىقتىن كېلىپ چىققان قانماسلىق ئەنە شۇنداق قورقۇنچنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغاندۇ . لېكىن ، ئۆلۈمنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلگەن ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ئۆلۈم ئۇنچىلىك قورقۇنچلۇق بولمىسا كېرەك . مەن روزى سايىتنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ھالىتىدىن مۇشۇ نۇقتىنى ھېس قىلغانىدىم.

روزى سايىتنىڭ راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى شۇنچىلىك تاسادىپىي ئېنىقلاندىكى ، شائىر كېسەل تەكشۈرتۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەندە ، مەن بىلەن بىر قورۇدا تۇرىدىغان چىرا دىيارىدىن چىققان يېتۈك زىيالىي ، شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى روزىمۇھەممەت ئاكا ئارقىلىق روزى سايىتنىڭ قورۇغا كېلىپ ، مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئىستىكىدە بولۇپ يانغانلىقىنى ئاڭلاپ ، تۇرمۇشنىڭ قاتىلاڭچىلىقى ئىچىدە شائىرنى چۈشكۈنىدىن ئىزدەپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا يەنە شۇ روزىمۇھەممەت ئاكىنىڭ ئاغزىدىن روزى سايىتنىڭ ئۆپكە كېسىلى دوختۇرخانىسىدا يېتىپ قالغانلىقىدىن ھەمدە ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم . بۇ خەۋەر ماڭا شۇنچىلىك تۇيۇقسىز تەسىر قىلدى . ئادەم تۇغۇلغانىكەن ، ئۆلىدۇ ، لېكىن مەن روزى سايىتتىن ئىبارەت بىر شائىرنىڭ راستتىن ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندا ئىشەنگۈم كەلمىدى . بۇ خەۋەردىن خەۋەر تاپقان بىرنەچچە ئەدەبىيات ھەۋەسكارى دوختۇرخانىغا كېلىپ ھاڭ ـ تاڭ قالدۇق ، شائىر گۈلگە تولغان كېسەلخانىدا (روزى سايىتنى يوقلىغۇچىلار شائىرنىڭ ياتىقىنى گۈلگە كۆمۈۋەتكەنىدى) ، شائىر ئۆزىنىڭ كېسىلىدىن خەۋەرسىزدەك چاقچاق قىلىپ ياتاتتى . لېكىن ، مەن شائىرنىڭ كۆزلىرىدىن چوڭقۇر بىر ھەسرەتنى كۆردۈم . شائىر بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقاندەك قىلساقمۇ پارىڭىمىزنىڭ بىر يەرلىرى پىستان چاقاتتى . بىز كېسەلخانىدا بەش مىنۇت ئولتۇرۇپ بولغۇچە ياتاقنى يەنە يوقلاپ كەلگۈچىلەر باستى ، بىز تەبىئىيلا لىققىدە بولۇپ قالغان كېسەلخانىنى بوشىتىپ سىرتقا چىقتۇق ، خوشلىشىشىمىز ئاداققى خوشلىشىشتەك تۇيۇلۇپ كەتتى . ناھايىتى ئاز پاراڭلاشتۇق . ئەدەبىياتقا مۇھەببىتى بار بۇ دوستلارنى روزى سايىتنىڭ كېسەل ھالىتى كەم سۆز قىلىپ قويغانىدى.

2001 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى بىر ئاپتوبۇس ئەدەبىيات ئاشىنالىرى — ئەڭ چوڭى تەتقىقاتچى ئابدۇشۈكۈر تۇردى قاتارلىق ئاقساقاللاردىن تارتىپ ئەڭ كىچىكى ماڭا قەدەر 30 نەچچە ئادەم تالانتلىق يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىدا ئاپتوبۇس ئالاقىلىشىپ بېرىشى بىلەن «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتۇق . ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىدە يىغىنغا قاتنىشىش ئويىدىن باشقا ، روزى سايىت بىلەن دىدارلىشىۋېلىش ئىستىكىمۇ بار ئىدى ، ئاپتونوم رايوننىڭ جاي ـ جايلىرىدىن كەلگەن ئەدىبلەر توپ ـ توپ بولۇپ روزى سايىتنى يوقلىدى ، مەن ئاپتوبۇستىن لوپ ناھىيىسىدىلا چۈشۈپ قالغاچقا ، شۇ كۈنى كەچتە روزى سايىتنى يوقلىيالمىدىم ، ئەتىسى يىغىن باشلاندى ۋە روزى سايىت كۆپچىلىك بىلەن دىدارلاشقىلى كەلگەندە ، شائىرنىڭ ئورۇقلاپ بىر تېرە ، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان قوللىرىنى سىقىش ، ئۆرۈكتەك سارغىيىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراش پۇرسىتىگە

ئېرىشتىم . شائىرنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىمۇ ، نېمىدۇر قەلبىمگە تەسىر قىلىپ كۆزۈمنى ئەپقاچتىم ، كۆرۈشۈش نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇرغان ئەدىبلەر كۆپ بولغاچقا ، بىرەر ئېغىز پاراڭلىشالمىدۇق . ھاياتقا ئىنتايىن چوڭقۇر مۇھەببىتى بار شائىرنىڭ ساقايماس كېسەلنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى تۇرقىدىن بىلىنىپ تۇراتتى ، شائىرنىڭ ئۆيۈمدە دېگەن تېخىمۇ ياخشى كۈنلەرنى كۆرۈش ھەققىدىكى ئىشەنچلىك پاراڭلىرى ئېسىمگە چۈشتى . شائىرنىڭ يېنىدىن يىراقلاپ كەتتىم ، قەلبىمنى بىر خىل بىئاراملىق بېسىۋالدى.

يىغىن تۈگەپ ئۈرۈمچىگە ياندىم . لېكىن ، يېنىمدا باشقا شائىر ـ يازغۇچىلاردەك روزى سايىت بىلەن خوشلاشمىدىم . نېمىشقىدۇر خوشلاشقۇم كەلمىدى . ناۋادا يەنە بىر قېتىم خوتەنگە كەلسەم ياكى شائىر ئۈرۈمچىگە بارسا يەنە كۆرۈشۈپ قېلىش ئېھتىماللىقىمىز بولغان بولسا شائىر بىلەن خوشلاشقان بولاتتىم ، لېكىن ئۇ دۇنياغا كېتىشكە ئازلا قالغان بىر ئادەمگە قاراپ خوش دېيىشكە يۈرىكىم چىدىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئاستا ئۈرۈمچىگە قاراپ يول ئالدىم . بەلكىم خوشلاشماسلىقنىڭ ھەر ئىككىلىمىزگە پايدىسى باردۇر... خوشلىشىش ئازابىدا قىينالماسمىز.

## 4

ئەمدى سۆزلەيدىغىنىم ئىبراھىم خالۋاي ئاقساقالنىڭ روزى سايىت ھەققىدە سۆزلىگەن ھېكايىسى . بۇ ئاڭلىغان ھېكايە بولغاچقا ، بىشىدىن كەچۈرگەن ئادەم سۆزلىگەندەك تەسىرلىك سۆزلىيەلمەسلىكىم مۇمكىن . شۇنداقتىمۇ بۇ ھېكايە روزى سايىت ھەققىدىكى مەن بىلىدىغان ، ئېيتىلىپ قالسا روزى سايىتنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى مەنىلىك ھېكايىلەر توپلىمىغا قېتىلىپ قېلىشى مۇمكىن بولغان ھېكايە بولغاچقا ، يەنىلا بايان قىلىش قارارىغا كەلدىم.

ئىبراھىم خالۋاي چاچلىرى ئۆچتەك ئاقارغان ، گەۋدىلىك ، سالاپەتلىك ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئۇزۇن يىل خىزمەت قىلغان ، خۇش چاقچاق ، ھاياتتىن ۋايىغا يەتكۈچە زوقلىنىپ ياشايدىغان ، ئۆتكۈر پىكىرلىك ، ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر ئاقساقال ئىدى.

ئۇ كىشى خوتەن شەھىرىنىڭ مەلۇم يېزىسىدا دېھقان بولۇپ كەتكەن ، 30 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان روزى سايىتنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ بوگۈنكىدەك داڭلىق شائىر بولۇپ كېتىشىگە يول ئېچىپ بەرگەنىكەن . مەن بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرنى ئەدىب نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ بىر يازمىسىدىمۇ كۆرگەن ، بىر سورۇندا روزى سايىتنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغاندەك قىلغانىدىم.

— بىر كۈنى روزى سايىتنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم، — دېدى ماڭا ئىبراھىم ئاقساقال پاراڭ سېلىپ بېرىپ، — خېتىدە شائىر ماڭا ئۇزۇندىن ئۇزۇن سالام يوللاپ ، ئاخىرىدا مۇنداق دەپتۇ (مەن بۇ يەردە سەھىپە ئېھتىياجىدىن ئىبراھىم ئاقساقالنىڭ گېپىنى مەلۇم دەرىجىدە قىسقارتتىم) : «سىلىنىڭ ياخشىلىقلىرى بىلەن بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشتىم ، ئادەم ئەنە شۇنداق مەلۇم سەۋەب ، مەلۇم ئادەملەرنىڭ ياردىمى بىلەن ھاياتتا يېڭى يول تېپىپ ، يېڭى ئىستىقبالغا ئىگە بولۇپ قالىدىكەن . شۇڭا ، سىلىنىڭ ياخشىلىقلىرىغا تۈگىمەس مىننەتدارلىقىم بار . لېكىن ، بۇ مىننەتدارلىقىمنى يەتكۈزۈشكە ، ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرۇشقا پۇرسەت بولمىدى . بىزدە ‹ ۋاپاغا جاپا ، ياخشىلىققا يامانلىق› دېگەن بىر گەپ بار . ئويلاپ بېقىپ ، تۆۋەقسىز ياخشىلىقلىرىنى ياندۇرالمىغانلىقىمدىن ئۆكۈنمەس بولدۇم . چۈنكى ، مەن سىلىنىڭ ياخشىلىقلىرىغا ھازىرغا قەدەر ‹ ياخشىلىققا يامانلىق› دېگەن ھېكمەتنىڭ روھى بويىچە بىرەر يامانلىق ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرماپتىمەن ھەم بۇندىن كېيىن شۇنداق قىلىش ئويۇممۇ يوق . دېمەك ، بۈگۈنكىدەك يامانلىق قىلماسلىقىنىڭ ئۆزى ياخشىلىق بولۇپ تۇيۇلىدىغان كۈندە ، بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ، ياخشىلىقلىرىغا ئاللىقاچان جاۋاب ياندۇرۇپ بوپتىمەن». بۇ گەپنى ئوقۇپ شائىرنىڭ چاقچىقىدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم.

ئىبراھىم ئاقساقالنىڭ بۇ ھېكايىسى مېنىمۇ سۆيۈندۈردى . مەن بىرىنچى قېتىم ئىبراھىم ئاقساقالدىن روزى سايىتنىڭ شۇ سالام خېتىنى سوراپ ئالدۇم . ئىبراھىم ئاقساقال خەتنىڭ يېتىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ ئەپسۇسلاندى . مەنمۇ شۇنداق ئەپسۇسلاندىم ، ھەتتا مۇشۇ سالام خەتنىمۇ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ، روزى سايىتنىڭ بىر پارچە ئېسىل ئەسىرى دېيىشكە بولاتتى.

روزى سايىت ۋاپاتىغا يىل ھېسابىدا تۆت يىل توشاي دېگەن بۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، روزى سايىت ھەققىدىكى بۇ خاتىرىلەر ئاستا ـ ئاستا كاللامدىن ئۆتتى . ئۆز پېتى خاتىرىلەپ قويدۇم.

تەھرىرلىگۈچى: **ئەكبەر سالىھ**

# تورۇسقا قارىغان ئادەم

( ھېكايە )

ئابلىكىم ھەسەن



مەنسۇر ئەپەندى يەنە ئويغىنىپ كەتتى . مەشتە ئوت گۈرۈلدەپ كۆيۈپ تۇرغىنى بىلەن ئۆي ئىچى تولىمۇ سوغۇق ئىدى . زەي ئۆينىڭ تام ، تورۇس ، بۇلۇڭلىرىدىن سىيسىغان سامان پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى . تالادا يامغۇر شارقىراپ ياغماقتا ، ئۆگزىدە پادا قايتقاندەك توكۇرلىغان ئاۋاز . تورۇسنىڭ ئون نەچچە يېرىدىن توختىماي تۆكۈلۈۋاتقان تامچە داق يەرنىڭ ئۇيەر ـ بۇ يەرلىرىگە قويغان داس ، چېلەك ، كورا ، قاچا ، كۇرۇشكىلارغا تامچىپ چاچرىماقتا ئىدى . مەنسۇر ئەپەندى ئويۇقتىن سىلاشتۇرۇپ شامنى تېپىپ ياندۇردى . تۈنۈگۈندىن تارتىپ بۇ مەھەللىدە توك توختىغانىدى . يامغۇر تامچىلىرىنىڭ چىك ـ چاڭ قىلىپ چۈشۈۋاتقان ئاۋازلىرى ئىچىدىكى بۇ ئۆي ئۇنىڭغا ناھايىتى جىمجىت بىلىندى . مانا بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ باللىرى تۇغۇلغان ، ئۆملىگەن ، غىزا يېگەن ، كۆكۈللۈك چوڭ بولغان . ئەمدى ئۇلار بۇ ئۆيدە يوق ، بىر ـ بىرلەپ قانات چىقىرىشىپ ئۇچۇپ كەتكەن . مېھرىلىك مەزلۇمى بولسا بەش يىل بۇرۇن پەگادىكى مەش تۈۋىدە قاتتىق بىر يۆتەلگەن باھانە بىلەن بامدات ئالدىدا جان ئۈزگەنىدى . ۋاپادارىنىڭ ئۆلۈمى قوشنا ـ قولۇملارغا تاسادىپەن تۇيۇلغىنى بىلەن ، ئۇ بۇ مۇسىبەتنى ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىبلىگەنچە قوبۇل كۆرگەنىدى . رەھمەتلىكنىڭ يۈرىكى ئاشۇ ئەنسىز يىللاردا ئىچ ـ ئىچىدىن تۈگىشىپ ، پەقەت چىدام بىلەن تا ئاشۇ سەھەرگىچە تىرىشىپ بەرداشلىق بېرەلىگەنىدى . ھېلىمۇ تۈنۈگۈنكىدەكلا يادىدا تۇرۇپتۇ: جىمجىت بىر كېچىسى ئۆيگە تۇيۇقسىز بېسىپ كىرگەن بىر توپ كىشى ئۇنى تېپىپ ، دۈشكەللەپ ئاچىقىپ كەتكەندە ، ئايالى يۈرىكىنى تۇتقانچە چىرقىراپ قالغان . شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئەنسىزلىك ، بوقسۇزلۇق باشلىنىپ كەتتى . رەھمەتلىك مەزلۇمى ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئېغىر كۈنلەرنى تەڭ ئۆتكۈزدى . بۇ ئوقۇبەتلەرنى نىكاھلىنىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك تەڭ تارتتى . مەنسۇر ئەپەندى بىراۋغا ئالايغان ياكى بىراۋنىڭ ئۆيىدىن يىگنە چاغلىق نەرسىنى ئالمىغان تۇرۇپ بىر قەرنە ئۆمرى نازارەت ۋە ئېغىر مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئۆتتى . توك يېگى ئېرىگەن مەزگىللەردە سۇغا چۈشۈرۈلۈپ ، ھەر قېتىم يېگى بىر كۈرەش باشلانغاندا تارتىپ چىقىرىلىپ ، كۆپنىڭ ئالدىدا ھاقارەتلىنىپ ، كوچىلاردا سازايى قىلىنىپ بەئەينى توق مۈشۈكنىڭ قولىدىكى چاشقاننىڭ كۈنىگە قالغانىدى . «ئاھ ، خۇدا ، باللىرىم ئاچ قالمىسا بولاتتى...» نازارەت ـ رىجىم ئاستىدىكى ئېغىر كۈنلەردە ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئەڭ كۆپ تەكرارلىنىدىغان سۆزمۇ شۇ ئىدى.

— ھە ، بۇزۇق ئۇنسۇر ، قوپە ئورنۇڭدىن ، بۈگۈن ئۆيۈڭگە بېرىپ كېلىشىڭگە رۇخسەت...

يولدا ئۇنىڭ قەدىناس بۇرادىرى ئەزىمخان ئۇچراپ قالدى.

— ئاشخانىغا يۈر ، قازىنىمدا بىر چۆمۈچ سۇيۇقئاش بار ، ئىچىۋال . رەڭگىڭ گۆردىن قاچقان ئەرۋاھتەك قەسەم يۇراپ كېتىپتۇ ، ئاداش.

ئۇ ئاشنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ كەتتى.

— ئاداش ، ئۆيگە ئەكەتسەم بولامدۇ؟

— ماڭا ئىش تېپىپ بېرىسەن ئاداش . ئاشنى بىر سۈمۈرگىن ـ دە ، يوقال . بولمىسا ، مەنمۇ ئاشخانىدىن ھەيدىلىمەن . ئۇلارنىڭ پەيلىنى بىلىسەن.

www.uyghurkitap.com



ئۇ ئاشنىڭ سۈيىنى تەستە سۇمۇردى. يېنىدىن قولياغلىقىنى چىقىرىپ سۈيۇقئاشنىڭ گۆش ۋە چۆپلىرىنى ئۇنىڭغا تۆكتى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە قوناق دېنىچىلىك ئۈچ پارچە گۆشنى ئۈچ ياشلىق ئوغلىنىڭ ئاغزىغا بىردىن - بىردىن سېلىپ ئوغلىنى خۇش قىلىۋەتكەنىدى. «ئاپا، ئاپا، گۆش يېدىم، گۆش!» ئوغلىنىڭ چۈچۈك ئاۋازى ھېلىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىدىن كەتمەيدۇ. ئەنە شۇ ئوغلى بۈگۈنكى كۈندە يېزا باشلىقى بولۇپ، ئاتىسىغا ئەسكىلىك قىلغانلارغا باراۋەر كۆزدە قاراپ كەلمەكتە. «ئوبدان ئادەم بولدى. بىراق، يەرلەرنى شەھەرگە سېتىپ يامان قىلىۋاتىدۇ، ئۇ» دېدى ئاتا ئۆزىگە پىچىرلاپ. مەنسۇر ئەپەندى تاشقان پىيالىنى داسقا ساقىتتى. داستىن كۆتۈرۈلگەن ئاچچىق پۇراق، باللىرىنىڭ بوۋاق چاغدىكى سۈيدۈكىنى ئەسلەتتى. ئۇ چاغلاردا تالادىن كىرگەندە ئۆيدىن باللىرىنىڭ ئاچچىق سۈيدۈك پۇرىقى گۈپپىدە بۇرنىغا ئۇرۇلاتتى. ئۆز زامانىسىدا ئۆزىنى بىزار قىلغان بۇ ھىدنى ئۇ ئەمدى سېغىنماقتا ئىدى. ھۆكۈمەت سەل پېشىنى تارتىپ قويمىسا كىشىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ تۇلۇمچىلاپ سويۇپ، پوستىغا سامان تىقىدىغان ئاچقاۋلار ئۇنى دەسسىدى، چەيلىدى، قوڭىغا تەپتى. ئۇ شۇنچە تاياق يەپ قايتىسمۇ، ئۈستۈپىشىنى بوسۇغىدىكى ئەبجەق چوتكىدا قېقىشتۇرۇپ ئۆيگە كىرەتتى. باللىرىنى سۆيۈپ، مەزلۇمىنىڭ راھەتلىك باغرىغا سىڭىپ، ئائىلىسىنى پۈتمەس خۇشلۇققا چۆمدۈرەتتى. ياشلىق ۋە چىدامنىڭ خاسىيىتى شۇ بولسا كېرەك. تورۇستىن توختىماي تامچە تۆكۈلۈۋاتىدۇ. ياق، بۇدرۇققىنە باللىرى تىم - تىم سىيىۋاتىدۇ. ئەنە تورۇستا ئايالى باللىرىنى توسۇپ تۇرۇپتۇ. ئايالىنىڭ ئاپئاق قاناتلىرىدىن بىرنەچچە تال ماموق پېيى پەسكە تۆكۈلدى.

— تۆكۈلۈۋاپسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى مەنسۇر ئەپەندى.

— تالامۇ، ئۆيمۇ سوغۇق، قۇچىقىمدىكى باللارنى ئىسسىتمىسام بولمايدۇ. تۆكۈلۈپ ئىسسىقىمنى ساقلاۋاتىمەن، — دېدى ئايالى كۈلۈپ.

— تېخىچە ئۇخلىماپسەن - دە؟

— ئەنسىرەۋاتىمەن...

— نېمىگە؟

— ئۆيلەر كونىراپ كەتتى. خويمۇ ياغدىغۇ بۇ يامغۇر دېگەن دۈشمەن!

— هاي، هاي، ئۇنداق دېمە، يامان بولىدۇ. بىلەمسەن، بۇ دېگەن ئەرشتىن كەلگەن بەرىكەت. ئەرشتە ئابىئاب دەيدىغان دەريادىن تۆكۈلۈۋاتقان ئابى لەرزان بۇ. باھارنىڭ تۇنجى يامغۇرىدا خاسىيەتلەر كۆپ. بۇ يامغۇردا يالاڭباش يۈرسە بىر ئۆمۈر باش ئاغرىقى تارتمايدۇ كىشى. دادام رەھمەتلىك شۇنداق دەيدىغان.

— يامغۇرنى قارغىمىدىم، قاراڭ، تورۇس ھېلى گۆمۈرۈلۈپ چۈشىدىغاندەكلا تۇرىدۇ.

— بۇ ئۆيلەرمۇ غەنىيمەت بولۇپ قالدى، قارا. ئەتە - ئۆگۈن مۇشۇ قاتاردىكى ئۆيلەرنى چاقماقچى. يولنى كېڭەيتىپ بۇ يەرلەرنى شەھەرگە قېتىشۋەتكۈدەك. بۇرناكۈن قەمەردىن بالاڭ مېنى ئەكەتكىلى كەپتۇ. لاپاسلار ئۆرۈلۈپ كاللارنى بېسىۋالغان ئىشلارنى دەپ بەردى. «ئۆي كونىراپ كەتتى. يامغۇر ئاپتى ئېغىر بولۇۋاتىدۇ، ئۆگزە ئۆرۈلۈپ كەتسە قانداق قىلىسەن؟» دەيدۇ. «ئۆينى بىكارلاپ بېرىمەن. ئۆيۈم يولغا چىقسا ساۋاب ئىش، بۇنى قوللايمەن. قىلىدىغان ئازراق ئىش بار، تۆت - بەش كۈن تۇرۇپ تۇر» دېدىم. قوشنا - قولۇملارمۇ بىر باشتىن ئۆيلىرىنى بىكارلىغىلى تۇرۇپتۇ.

— ھەرقاچان، سىزنى ئالجىپ ئۆي بىكارلىغۇسى كەلمىدى، دەۋاتقاندۇ خەق؟

— خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن، خەقنىڭ ئاغزى مايمۇن، ئۆز زامانىسىدا يوقالسۇن دەپ كانىيىنى يىرتقۇدەك تىۋۇلىغانلار ئاشۇ ۋاقىتتا يوقالسۇن دېگەنلىرىنى بۈگۈن ياشىسۇن دەۋاتامدۇ. ھە راست، بۇ گەپنى دېسەڭ بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى. بۈگۈن خۇپتەندە ئىمامئاخۇنۇم چېقىشىپ: «ئۆيگە كۆمۈپ قويغان تىللانى خەق ئېلىۋالمىسۇن دەپ كۆچمەيۋاتاملا، تەقسىر؟» دەيدۇ. مەن دېدىم: «تىللا تورۇسۇمدا».

— ھى - ھى، قىزىق گەپ قىلىپسىز.

— تورۇسقا قاراۋېرىپ گەجگە قېتىپ ئېڭىشەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. مۇشۇنداق پېتى قازايى قەدىر يەتكۈدەك بولسا، مۇنكىر - نەكىرلەر بۇ كىشى ئۆمرىدە غادىيىپ ئۆتكەن كىبىرلىك بەندە ئوخشايدۇ، دەپ قالارمۇ - ھە؟

— ھى - ھى، بۇ دۇنيادا يېگەن تايىقىڭىز ئازدەك، ئۇ دۇنيادىمۇ تاياققا قالامسىز نېمە؟

— تاياقنى يەنە خاتا يېگۈدەكمەن - دە.

— تالاغا چىقىپ بېقىڭا، بىرنەرسە ئۆرۈلدىغۇ دەيمەن...

مەنسۇر ئەپەندى كالىچىنى تۈزۈك سەپمەيلا، ئۆيدىن چىقتى. راست دېگەندەك ئۆينىڭ جەينەك تېمىنى ئۇستىدىن يار ئېلىپ كەتكەنىدى. پەستە بىر دۈۋە لاي تۇراتتى. كۈچلۈك شامال ئۇنىڭ يۈزىگە يامغۇر ئۇرۇپ كۆزىنى ئاچقىلى قويمايۋاتاتتى. قول چىرىغىدىن تارىغان نۇر دائىرىسىدە يامغۇرنىڭ قانچىلىك شىددەت بىلەن تۆكۈلۈۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. مەنسۇر ئەپەندىنىڭ

يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى . «ئاھ ، خۇدا ، ئۇلارغا ئامانلىق بەرگەيسەن!» مەنسۇر ئەپەندى كۆككە قاراپ دۇئا قىلدى ـ دە ، كۆمۈرخانىدىن كۆمۈر ئەكىرىشالغىلى ماڭدى.

* *

ئەتىگەندە يامغۇر توختاپ ، قۇياش بۇلەكچە پارلاپ چىقتى . مەنسۇر ئەپەندى ئۇستىگە تاغار پارچىسى يېپىقلىق بىر سېۋەتنى كۆتۈرگەنچە ئوغلى قەمەرىدىننىڭ تۇنۇكە ئۆگزىلىك ھەشەمەتلىك ئۆيى ئالدىدا پەيدا بولدى . مەنسۇر ئەپەندىنىڭ چىرايىغىمۇ بەئەينى بۈگۈنكى قۇياشتەك خۇشاللىق تېپىپ چىققانىدى . مەنسۇر ئەپەندى كالىچىدىكى پاتقاقنى ئادالاۋاتقاندا نەۋرىلىرى يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ كەلدى.

— بوۋا! بوۋا!

مەنسۇر ئەپەندى ئادەتتىن تاشقىرى قىزغىنلىق بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانە ، مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ كەتتى.

— قولىڭىزدىكى نېمە ، بوۋا؟

— ئالدىرىماڭلار ، ھاي ـ ھاي ، تەگمەڭلار ، بىردەمدىن كېيىن كۆرسىتىمەن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، دادا ، خۇش كەپسىز.

مەنسۇر ئەپەندىنىڭ كېلىنى ئىشىكنى ئۇلۇغ ئېچىپ قىزغىن ۋە ھەيرانە قىياپەتتە قېيناتىسىغا سالام قىلىپ ئۆيگە باشلىدى.

— تىنچ تۇرۇپسىز ، قىزىم؟

— تىنچلىق ، دادا...

مەنسۇر ئەپەندى قولىدىكى سېۋەتنى ئۆينىڭ دېرىزە تەكچىسىگە ئاۋايلاپ قويدى ـ دە ، ئۇستىدىكى كاناپ يوپۇقنى ئېلىۋەتتى . سېۋەتتە تۇخۇمدىن يېڭىلا چىققان كەپتەر باچكىلىرى تۇراتتى . ئاققىنا ئانا كەپتەرنىڭ كۆكرەك ، قاناتلىرى دېرىزىگە چۈشكەن كۈچلۈك يورۇقتا پەرىشتىدەك نۇرانە كۆرۈنۈپ كەتتى.

— ۋۇي ، نېمە كەپتەرلەر بۇ؟

باللار كەپتەر ۋە دۈگدەرەۋاتقان باچكىلارغا قاراپ ھەيران بولۇشتى.

— ھاي ، ھۇركۇتمەڭلار ، ئۇستىگە تور سېۋەت كۆمتۈرۈپ قويۇڭلار.

مەنسۇر ئەپەندى كۆرپىگە جايلىشىپ پەتىھە قىلدى . ئاندىن پىيالىدىكى چايىنى سۇمۇرۇۋېتىپ قېنىپ تېنىۋالدى ـ دە ، كېلىنىگە قاراپ:

— ئون نەچچە كۈننىڭياقى مېنى كۆچكىلى قويمىغان جىنلىرىم شۇ . كۆچەي دېسەم بىر كەپتەر تۇخۇم بېسىپ يېتىپتۇ . كېتىۋېرەي دېسەم ، ئاچلىقتا ئۆلۈپ كېتەرمۇ دەپ ئەنسىرىدىم . ئۇۋىسى بىلەن قوشۇپ ئەكېتەي دېسەم تۇخۇملىرى سېسىپ كەتكۈدەك . شۇڭا ، باچكىلار تۇخۇمدىن چىققىچە ئۆيدە ساقلاپ ياتتىم . مانا بۈگۈن تاڭدا تۇخۇمدىن ساق چىقىپ ، مېنى خاتىرجەم قىلدى ـ دە.

— دادا ، ئەجەب قىزىق ئادەم جۇمۇڭ سىز ، كەپتەرلەرنى دەپ خەتەرلىك ئۆيدە ياتقىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى كېلىنى.

— ئۇنداق دېمەڭ قىزىم . كەپتەرنىڭ بالىسىمۇ بالا ، قاراڭ . ھە ، قەمەرىدىن يوقمۇ؟

— بىر مەكتەپنىڭ ئۆگزىسى كۆمتۈرۈلۈپ چۈشۈپتىكەن ، شۇ ياققا كەتكەن.

— سىنىپتا ئوقۇۋاتقانلار بارمىكەن؟

— ئاخشام ئۆرۈلۈپتىدەك.

— ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى ، باللىرىمىزنىڭ ئامانلىقىنى تىلەيلى ، قىزىم.

شۇندا ، ھويلىغا بىرنەچچە ئادەم ئالدىراش كىرىپ كېلىشتى . ئۇلارنىڭ ئۇزايىدىن ئۆكسۈلىنىڭ يوقلۇقى چىقىپ تۇراتتى . مەنسۇر ئەپەندى قوپۇشقا تەمشەلگەن كېلىنىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ، ئۆزى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى . ئۇلار بوۋاينى كۆرۈپ بىر ـ ئىككى دەقىقە تېڭىرقاپ قېلىشتى ـ دە ، ئاندىن كۆكسىگە قوللىرىنى قويۇپ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى.

— ئۇھ ، خۇداغا يۈزمىڭ شۈكۈر ، بىز تېخى سىزنى تام تېگىدە قالدىمىكىن دەپ ، خەۋەر ئېلىپ كېلىشۇندۇق.

— ھە ، ئۆيۈم ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئوخشامدۇ؟ — دېدى مەنسۇر ئەپەندى كۈلۈمسىرەپ.

— تاق 15 مىنۇت بۇرۇن ئۆيىڭىز موللاق ئاتتى ، ئەپەندىكا . قايتىپ كېلىشۋالغىنىڭىز خۇيمۇ بوپتىكەن ، كۆڭلىڭىز تويغاندەكلا.

— جامائەت سىزنى جاھىل ئادەم ئىدى ، شۇڭا ئۆمرى مىجىقتا ئۆتتى ، دەپ كۆز ياش تۆكۈۋاتىدۇ ، قاراڭ.

— ئەپەندىكا ، قوشنىلار لىم ، چەنزىلەرنى يۆتكەپ كېسەك ، بورا ئاستىدىن سىزنى ئىزدەۋاتىدۇ ، ئىمامئاخۇنۇممۇ شۇ يەردە بار.

— «بەندە ئۆلمەس ، رىزقى تۈگىمەس» دېگىنى شۇدە، — دېدى مەنسۇر ئەپەندى ئالتۇن چىشلىرىنى چاقنىتىپ كۈلۈپ ، كەكە ساقىلىنى تۇتامىلىغانچە،— مەن بىردەمدىن كېيىنگە ئۆتىمەن . سىلەر مەندىن ئىمامغا: «ئىمام ، ئەرۋاھتىن ئالتۇن ئەلا دەپ ، تام ـ تورۇسلىرىمدىن تىللا ئىزدەۋاتامىلا؟» دېگەن گېپىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلار.

— ھا ـ ھا ـ ھا!

— ھا ـ ھا ـ ھا!

— ...

تەھرىرلىگۈچى: **ئەكبەر سالىھ**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قۇمۇل بىلەن سۆزلىشىش

(نەسرلەر)

بەگمەت يۈسۈپ

## چىنمۇدەنىڭ تاغلىرى

چىنمۇدەنىڭ تاغلىرى گۈناھلىق تاغلار ئەمەس . بىزگە بىر ئانا كېرەك بولغاندا ئۇنىڭ ئىللىق مېھرىگە قۇچاق ئاچىمىز ، باغاش ئېتىمىز . بىزگە سۆيۈلۈش كېرەك بولغاندا بۇ تاغلاردىن سۆيۈلۈش سورايمىز ، سۆيۈنۈش ئالىمىز.

ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلارغا زوقلىنىپ ، قۇش بولغۇمىز كەلگەندە ، مانا مۇشۇ تاغلار بۇلۇتلار ئارا پەرۋاز قىلدۇرغان ئەمەسمىدى . بىز ئۇززۇقلۇققا موھتاج بولغىنىمىزدا مانا مۇشۇ تاغلار ئاق قارلىرىنى ئېرىتىپ ، ھەۋزىكەۋسەردەك سۇلىرى بىلەن دىل ۋە تىل ئېتىزلىرىمىزغا ، ۋۇجۇد تۇپرىقىمىزغا ھاياتلىق ئاتا قىلغان ئەمەسمىدى . قۇشلاردەك سايراپ ناخشا ئېيتقۇمىز كەلگەندە ، كېپىنەكتەك قىيغىتىپ يايرىغۇمىز كەلگەندە ياپېشىل باغلارنى قۇچاق قىلىپ ئاچقان ئەمەسمىدى؟!

چىنمۇدەنىڭ تاغلىرى خاسىيەتلىك تاغلار . ئۇلار بىر بوش چۆللۈك ئارقىلىق قەد كېرىپ تۇرغىنىغا قارىماي ، بىز ئۇچۇن ئەللامە ــ نەبىيلەرنى ، كۈچتۈڭگۈر پالۋان ــ چېلىشچىلارنى ئاۋۇندۇرۇپ كەلدى . ئۇلار دەۋردىن ــ دەۋرگە ، ماكاندىن ــ ماكانغا ئۇلىنىپ كەلدى . بىزنىڭ بۇ تاغلار ھەققىدىكى قىسسىمىز تۈگىمەيدۇ . بىزنىڭ بۇ تاغلارغا قەرزىمىز ئاداققى.

مانا بىز مۇشۇ تاغنىڭ ۋۇجۇدى بولغان تاشتىن يارالغان ئادەملەرمىز ، تۇپراقتىن كۆكەرگەن جانلىقلارمىز . مەيلى قەيەردە بولايلى ، بىزنىڭ ھىدىمىزدىن قار لەيلىسىنىڭ ھىدى پۇراپ تۇرىدۇ . تاغ قاپتاللىرىدا يىراقلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا يولۋاستەك مەغرۇرلۇقىمىز ، بۈركۈتتەك سەزگۈرلۈكىمىز بار . ئاتا خۇيىنى تارتقان مىجەزىمىزدە جەسۇرلۇقىمىز قۇياش نۇرىدەك چاقناق ، جىلغا تاشقىنلىرىدەك قايناق ، يايلاق ھاۋزىلىرىدەك قوۋناق ، ئارچا ــ قارىغاي يىلتىزلىرىدەك ئىتتىپاق ، يامغۇر سۇلىرىدەك پاك يارالمىشلار بار . بىز ئۆزىمىزگە تەۋە سائادەتنى ھەققانىي ئەمگىكىمىز بىلەن ئوۋلاپ ، ئوۋلاش داۋامىدا ئۇۋلىنىپ مەڭگۈلۈك ئابىدىلىرىمىز بىلەن مۇشۇ تاغلار ئارىسىغا سىڭىپ كېتىمىز.

بىز ئەقىل جەۋھىرىنى سۈزۈپ ئالغۇچىلارمىز ، بىز ئاداققى ئىشلارنىڭ قۇرغۇچىلىرىمىز . چىنمۇدەنىڭ تاغلىرى بىزگە تۈگىمەس مۇھەببەت ئاتا قىلىدۇ!

## سەرۋەك تاغلىرى

قۇمۇلدا بار مۇقەددەس يايلاق ، يايلاق يانباغرىدا نامى بارچوققا، ئىرادىسىز بېسىلماس قەدەم، قەدەم باستۇق كۆرۈنەر قۇمۇلنىڭ تۆت تەرىپى، سەككىز بۇرجىكى ھەم كۆرۈنەر تۆت تەرەپتىن، سەككىز بۇرجەكتىن «خېنىم»① يايلىغان ، ئولتۇرغان ، قوپقان ، تېشى سىلىق ، ئوتلىرى يېشىل «سەرۋەك» دېگەن خاسىيەتلىك تاغ . تۆت مىڭ مېتىر

① قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ خانىشلىرىدىن بىرى.

مۇئەللەقتىكى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە قالدى ، «خېنىم»غا ئوخشاش ئىز-زەتلىك بىر قىز ، ئۆي ئويلىغان قەلبىم خانىشى ، ماڭا بىر رەت قارىمىغان ، لېكىن مىڭ رەت ئويلىغان يۈرە-كىمنىڭ بېغىشىغا يېزىپ ئىسمىمنى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە تاغ چېغىرتمىقى ، تۇنجى قېتىم ئېچىلغان يەردىن ، بىر توپ گۈلنى ئېلىپ چاپىنىمنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويغان قىزىرىپ تۇرۇپ.

ھېلىمۇ ئېسىمدە ، مۇھەببەت تارىخىم يېزىلغانىكەن ياشلىق خاتىرەمگە ، قوي سۈتىدەك پاك ۋە ھالال ، ئوغلاق چىشىدەك سۈزۈك ۋە رەتلىك.

سەرۋەك تاغلىرى ، قىز باغرىدەك نازۇك ۋە گۈزەل . يارىلىشنى تونۇتقان دۇنيا . بولغان شۇڭا ئۇن ئىككى تاغنىڭ بىرىگە ئىسىم.

كۆز يېشىدەك سىرغىيالايدۇ ھەم قاتالايدۇ ئات جى-گىرىدەك.

بوران ئاققانىنى كۆرمىگەنلەر بار ، سۇلار ئۇچقانىنى بىلمىگەنلەر بار ، سىرلىرىنى سىرداشمىغانغا بىر ئېغىزمۇ ئېيتمىغانلار بار.

سەرۋەك دېگەن سەرخىلىنى تاللاپ ، سەرۋازلارغا يار ـ يۆلەك شۇنچە ، يۆلەكسىزنى يۆلەيدۇ تاغدەك . قومۇللۇقلار قول قوۋۇشتۇرمايدۇ ، قومدەك ھالسىز چېچىلغانلارغا . تۈتەكتەك پورەكسىز ئېچىلغانلارغا.

سەرۋەك تاغلىرى قومۇللۇقنىڭ يېشىل يۈرىكى . تاش ئۈستىدە ئوتتەك تاۋلانغان.

## شارلار تېغى

سالام بەرسەم سالام بەرگۈم كېلەر يېنىشلاپ . تاش-لىرىنى يانچۇقۇمغا سېلىۋالىمەن . چۆپلىرىنى چې-چەكسىز دېمەي ، گۈلدەستىدەك تىزىۋالىمەن . بەش شە-ھەرنى① باققان سۈيۈكنى ئابىھايات دېسەم تىلىم كۆي-مەيدۇ، كۆيىدۇ ئوغۇللۇق يۈرىكىم . قىسىلىرىنى ئاڭلىغۇم كېلىدۇ ، ئاڭلىغانچە ئايلىنىمەن قىسسەڭگە ، قىسسەڭدىكى باتۇرلۇقنىڭ كۆركىنى رەسىم قىلىپ سى-زىپ چىقسام ھۆسنىڭگە.

شارلار تېغى ، قومۇلنىڭ غەربىگە سوزۇلغان سېپىل ، ئۆلچىگەندەك تارىخ ۋەزنىنى ، بۇ يەردىكى قىيا تاشلارنىڭ يىلتىزىدا كۆمۈر كۆيىدۇ . كۆيۈشلەردىن يىلتىز كۆك-لەيدۇ ، قارىماسىز بۇ مۆجىزىنى . ئاستىدا كۆمۈر كۆيىدۇ ، ئۈستىدە سۇپۇرا تاش ، تاش لەڭمەن ، تاش پېچاق ، داشقازانىدا ② قاينار ئارمانلار...

ھەممىسىلا تاشقا ئايلانغان ، تاشلار يەنە تاغقا ئايلانغان ، كۆتۈرەلمەي يەرنىڭ بېغىشى جىرالاردىن تەرلەر ئاقىدۇ.

شارلار تېغى ، سەن زامانىنى ئۆپراتقان تارىخ . سەن زامانىنى ئويغاتقان تارىخ ، تارىخىڭدىن ئويغانغان زېمىن!

تاشلىرىڭنى تەرگۈم كېلىدۇ ، مارجان قىلىپ تىزغۇم كېلىدۇ . بىزدىن قالسا سىزگە قالىدۇ ، سىزدىن ، كىم-دىن ـ كىمگە قالىدۇ؟

## ئاقچۇق ساي

ئاقچۇق ساي ـــ ھەققانىيەت نەسەبنامىسى ، جورۇن-قايىدەك سوزۇلغان تاڭغا . چوقچايغاندا ئوق ئۆتمەيدىكەن ، باتۇرلاردىن قورقارمۇ ئوقمۇ . ئەقلى يوقنىڭ جېنى تاتى-لىقتەك . قورغانلارنى تاشتىن قوپۇرغان ، جېنى بارنىڭ تېشى بار قولدا ، تېشى بارنىڭ جېنى بار يولدا ، لەختە ـ لەختە قان تۆكۈلسىمۇ ، تۆكۈلەركەن ئىسسىق تاشلارغا ، يىلتىز بولۇپ تاش گۈللىرىگە...

ئاھ ، بۇغۇ بىر بۇرۇنقى ئىشلار ، كۆرۈپ تۇردۇق ھەر كۈنى ئۆتسەك ، كۆرگەننى رىۋايەت سۆزلەپ ، كۆرمىگەننى ئەپسانە ، يېڭى يوللار ياسالغانسىمان ، بۈگۈنىمىز بوش كەلمىگەن ـ دە ، بۈگۈنىمىز راست بوش كەلمىگەن.

## قۇمۇلدىكى قارلىق تاغ

ھاياتىڭنى ئۆلچەپ باققۇم بار . ئېرىشلىرىڭدە دەۋر-لىكىڭ بار . بار بوۋامنىڭ كۆچەتلىرىنى سۇلىرىڭدا ئا-

① قۇمۇلدا قەدىمىي بەش شەھەر ، ئۇن ئىككى تاغ بار بولۇپ ، شارلار تېغى بەش شەھەرگە تەۋە تاغلارنى كۆرسىتىدۇ.
② غەربىي تاغ يېزىسى ، يەنى شارلار تېغى يېزىسىدىكى قىيا تاشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ۋۇندۇرغىنىڭ ، كۆكلىرىگىدە نەچچە مىڭ يىلنىڭ كۆلـ ـكىسى ھەم يىغىسى قايناپ.

ئاڭلىسام ، شەھەر باشلىقى بولغان كىشىدىن ، نەچچە كىلومېتىر ئىزدەپ ئاندىن تاپقانىكەن پېشىگنى . تۈتقاـ نىكەن چۈلۈۋرۈكنى ئات بىلەن قوشۇپ.

نېمانچە شاشلىشىپ كەتتىڭ؟ ۋىسال بىلەن ياتلىـ شىپ كەتتىڭ؟ ئۇسساپ كەتتۇق دەيدۇ بوۋاقلار ، تۇيۇقـ سىزلا تىللىرى چىقىپ ، ئۇسساپ كەتتۇق دەيدۇ يۇلـ غۇنلار ، تۇيۇقسىزلا پۇتلىرى چىقىپ . تاغ باغرىغا يامىشار كاككۇك ، بىر چاڭقاقلىق ناخشا ئىچىدە ھەممە قۇشقا ۋەكىل سايلىنىپ ، سۇلىرىڭدا كۆلچەك ياسىغان باغلىـ رىڭمۇ بىر غەمدە قالدى ، قالدى ھالسىز سۇنايلىنىپ.

دېھقان:

كەتمەن كۆتۈرۈپ بارمىغان يەر قالدىمۇ.

ئىشچى:

«توك توختىسا بولمايدۇ» دەيدۇ ـــ توختىسىلا ۋاقىت توختارمىش.

ئوقۇتقۇچى:

باللار كىچىك ، ھايات ناتونۇش ، دەۋالايچۇ ئىچىمـ دىكىنى ، بىر پىيالە چاي بىلەن قوشۇپ ، تەجرىبىنى ئىشلەپ بولغۇچە.

ئوقۇغۇچى:

مۇئەللىممۇ يالغان سۆزلەمدۇ ، دۇنيادا كۆپ سۇ دېگەن سۇدەك ، قۇرۇقلۇقنىڭ چېكى چېكىتچە.

ئىشىنىڭلار ، ئىشىنىپ كەلدۇق ، ئىنقرغولىنىڭ سۇـ يى دولقۇنلۇق ، كۆردۈڭلارمۇ ئاشۇ قارلىق تاغ ، ئېقىپ كېلەر نومغا… ① بوغازغا… ②

سۇ ئىچىدۇ كەسلۇنچۇكلىرىم ، خىرامان قـامـقـاق ئاستىدا ، قارادۆۋىدىكى ئىلياز بوۋىنىڭ تۆگىلىرى سېمىز ۋە تېمەن ، چۈنكى شىكەر يانتاق يەيدۇ ، كۈندە كېچىدە.

ئالتىزاقتا ئاسىم بوۋىنىڭ نەچچە يەردە ساي بۇلىقى بار . ئوخشاپ كەتكەن بۇغداي ، قوناقىنىڭ سورتلىرى بار ، ئۇرۇقلىرى بار.

مەشرەپ قۇرماق بىر دەملىك ئىشقۇ ، شارلار تېغى③ قوـ رايىنى④ چىللار . «ئۇلۇغدۇر» مۇقامىنى ھەممە بىلىدۇ ، غىجەكنى ئالدىمۇ ناخشا باشلىنار . ئۇسما قويۇش كەتـ مەيدۇ قىز قېشىغا ، تۇغۇلۇشتىن قاشلىرى قارا ، كۆزلىرى خۇمار ، يۈزلىرى سۈزۈك ، چاچلىرى سۇمبۇل ، لەۋلىرى لەۋەن ، بويلىرى بەلەن ، ئۇسسۇللار لەرزان…

ئارا تۆشلۈك يىگىتلەر بەردەم ، جەسۇر شوخ ھەردەم . گۈلى گۈلىگە كەلگەن ، ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ ياقۇت كۆزلىـ رى…

قۇۋانچ تۆككەن ئانا قارلىق تاغ . يوللىرىڭغا سىرىق يۆگەي ئۇنسە دەيمەن ، قۇمۇلۇمنى ئالتۇن ھەلگە كۆمۈلسە دەيمەن . بۇ قۇياشنىڭ تىلىكى بولسا دەيمەن.

بوۋاقلار…

بوۋايلار…

ئېتىزلار…

كۆكلەر…

ھەتتا بۇلۇتلار…

باغ تىلەيدۇ كارىز بېشىدا ، بىر كۆزى ياش ، بىر كۆزى كۈلكە!

## كىچىك جانىكەم

قارىغانغا كۆرۈنمەيدۇ،
دۇنيانىڭ ئۇچى.
دۇنيا دېگەن كونا رابات،
مەن يول ئۆتكۈنچى.

ـــ قۇمۇل خەلق قوشىقى

تۇغۇلغىنىڭنى ھېس قىلدىڭ . سۆزلىمەكچى بولدۇڭ ، تىلىڭ تۇتۇلدى ، ماڭماقچى بولدۇڭ ، يولۇڭ توسۇلدى . ئەسكەرتمەكچى بولدۇڭ ، ھاي بەرمەكچى بولدۇڭ سودىـ گەرلەرگە ، تېپىرلاپ كەتتىڭ ، يەرلەر ئويۇلغۇدەك ، ئاسـ مانلار تېشىلگۈدەك . بوغۇ ئۆتمۈش ، باھاردا قارلىغاچلار ئەقىللىق كەلدى . قىش بىلەن يازنى پەرقلەندۈرەلىدى . ۋاقىت ساڭا تىل تەگكۈزمەكتە . تىل زەربىسىدىن ئىچىڭ

---

①② قۇمۇلنىڭ ئەڭ شىمالى ۋە ئەڭ جەنۇب تەرىپىدىكى يېزا ـ بازار ناملىرى .

③④ قۇمۇلنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى يۇرت نامىلىرى .

ئۆرتەنمەكتە ، كۆيمەكتە . ھەر نېچۈك بولسىمۇ شاماللار ساڭا مەدەتكار بولدى . نىيىتىڭنى چۈشەنگەنلەر قوبۇل قىلدى . قوبۇل قىلغانلاردىن يوللار سورالدى ، مانا شۇنداق يوللار ئېچىلدى . بۇ يوللاردا ماڭغانلارنى سوراپ يۈردۇق ، يول ئاچقانلار ئۇنتۇلدى.

ھەي ، يۈرەك ، ئۆزۈڭ كىچىك ، جۇغۇڭ كىچىك ، كىچىكلىكىڭنىڭ ئازابلىرى كۆپ ، ئازاب كۆپەيگەنسېرى چوڭلاپ باردۇق.

قارىمامسەن قۇمدەك بىزلەرنى ، بىزگە يات بولمىغان دۇنيانى . ئۆرۈلۈپمۇ ، سۆرىلىپمۇ ئاقىۋەت قىممەت تاپتۇق ، بىراق ، ھىممەتسىز قىممەتنى توغراق ئاستىغا كۆمۈپ قويغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟

بىز بىلىپ كېتەلمەيۋاتىمىز ، بىلدۈرگۈڭ كېلىۋاتامدۇ؟ خۇددى ساتىراشنىڭ قۇدۇققا بېشىنى تىقىپ تۇرۇپ «ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار» دەپ توۋلىغىنىدەك.

بىلدۈرگۈڭ كېلىۋاتامدۇ؟

قۇمۇللۇقنىڭ «نېرىنكىر ، سەرۋەڭ ئارا» ناخشىسىدەك.

بىلدۈرگۈڭ كېلىۋاتامدۇ يا ، كاتىپ يازغان نۇتۇق تېكىستىنى باشلىق ئوقۇپ بەرگەندەك.

بولدى بەس! يوللار «ئىز»لىنىدۇ . «ئىز»لار يوللىنىدۇ.

ئاۋارىگەر كىچىك جانىكەم.

## تۆمۈرتى چوققىسى [1]

قۇمۇلنىڭ ئۆگزىسىگە ياماشقاندەك ، يول ئالىمىز ، جىرالاردىن ـ جىلغىلاردىن 4880 دېگەن سان ، پەستە قالدۇرار دۆڭ ـ يوتىلارنى ، تۈزلەڭنى ، كارىز ـ ئاشمىلارنى ، بورانلارغا چاۋاك چالمايدۇ شېغىل ـ تاشلار ، بەل ئەگمەيدۇ ، باش چايقايدۇ دېخىل ـ ياليۇزلار ، ئادەملەردىن ـ تاغچىلاردىن ئۆگەنگەندەك ياشاشنى . يامغۇرلارنى يىغلاتسىمۇ بۇلۇتلار ، ئانا زېمىن قۇچاق ئېچىپ باسار باغرىغا ، ئابىهايات بىلىپ يەنە ، قىرلارنىڭ ئېتىكىدە گۈلشەن ۋادا تۇغۇلار . بۇ ئىناقلىق ناخشىسىنى ئاڭلاڭ ، يوللار ئارا ئېچىلىدۇ مەنزىللەر . پادىلارغا مەستلىكى كېلىپ ، تاتلىقىنا ئىچەكەپ ۋە زوقلىنىپ ، قوللىرىدا ئۇچۇم ـ ئۇچۇم سۇلىرى سەپەرداشلارنىڭ ، ئاجايىپلا خىلۋەتچىلىك بىر دۇنيا ، ئاجايىپلا ساپ ـ پاكىز بىر جاھان . بۇلغانمىغان بۇ يەردىكى مۇھەببەت ، بۇلغانمىغان بۇ يەردىكى دىل . قارىغانچە تاپىنىدىن بېشىغا ، قورام ـ قورام تاشلار ئۆزى مۆجىزە.

ئەنە سانسىز قورام تاشلار ئۈستىدە ، چوقچايغانچە تۇرار بىزنىڭ تۆمۈرتى . ساپ ، پاكىز مۇھەببەتلىك بىر چوققا . يامىشىمىز قورام تاشلار ئۈستىگە (قورام تاشلار ئېگىز ، يوغان ، يوغىنار) ، مۇشۇ يەردىن بەخت ياغار يامغۇردەك.

## ساركۆل

ساركۆل بىز ياشاۋاتىمىز ئۈستۈڭدە ، دېڭىز يۈزىدىن ئەللىك ئۈچ مېتىر ئېگىز ، قۇمۇل بوستانلىقى كۆكلەيدۇ ، يەتتە مېتىر تۆۋەنلىكىڭنىڭ سۈيى گۈل بولۇپ ، گۈل پۇرىقىڭدا ئاجايىپ بىر ھاياتلىق ئەندىزىسى بار . يېنىپ تۇرار بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان شەھەر چىرىغى ، بىنالارنى بويلاپ ماڭغان ئويغاق كوچىلار . ئەتراپلىرىڭ يېتىشمىسە مانا بىز بار دەپ ئۇزاق ـ ئۇزاق سەھرالارنىڭ باغرى ئازادە . ساربۇلاق ، سارچوققا ، سار دەرياسى ، ساركۆل قۇمۇلدىكى بىر ئاتىنىڭ باللىرى دېمەك.

ساركۆل ئۆمۈرغۇلغا ئىمىلداش ئېقلىم . توپا ـ چاڭغا قالغان سۆزۈك سۇلىرىڭ ، قۇمۇللۇققا بەخش ھايات سالىملىك . ساركۆل ھەممە يەرگە تۇتاشقان ، ھەممە نەرسە تەل بولغان شەھەر . قۇمۇل بوستانلىقىنى ياشنىتىسەن ئۇنسىز ـ تەمەسىز . بىز نامىڭغا يات ئەمەس ھەرگىز ، قېزىلغانچە ئەقىل جۇغراپىيىمىز.

تەھرىرلىگۈچى: **ئەكبەر سالىھ**

[1] شەرقىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى .

# شېئىرلار

**تۇردىبەگ مۇھەممەدىبەگ** (تاجىك)

## بىر ئۇتلام سۇبھىدەك سىڭسەڭ باغرىمغا

سەن يەنە بۇگۈنمۇ تۇيدۇرماستىنلا ،
چۇشۇمنى مالتىلاپ ئۆتتۇڭ بىر نۆۋەت .
سەھەردەك سۇپسۇزۇك نۇرلار بەھرىدە ،
قەلبىمگە ئازابنى ياغدۇردۇڭ رەت ـ رەت .

بىر ئۇتلام سۇبھىدەك سىڭسەڭ باغرىمغا ،
يوللارغا ، گۈللەرگە پۈركەيتتى باھار .
ئاھ ، لەۋلەر چۆللەردەك يېرىلماس ئىدى
دالىلار گۈپۈلدەپ پۈرايتتى ئىپار .

سەن كىشنەپ باقمىدىڭ ئاتلاردەك تېخى ،
ئىزىمىز بىر يولنى سۆيىسمۇ كۈندە .
سۇپسۇزۇك ئارمان بوپ تۇغۇلمىدى ئاھ ،
سەندىكى يېتىرقاش شۇ ئۇزاق تۈندە .

ھېس قىلىپ قالسەن گاھى چۈشۈڭدە ،
مەن زاھىر بولىمەن شەمشادتەك مەغرۇر .
ئاھ ، دەپلا قالسەن ئۆزۈڭ تۇيماستىن ،
قەلبىڭگە شارىلداپ ياغسىمۇ يامغۇر.

## قەبرىستان

تونۇدۇم ئۆزۈمنى قايتىدىن بىر رەت ،
جانجىگەر دوستۇمنى ئۇزىتىپ ساڭا .
قايتىدىن ئاپىرىدە قىلالماس ئىكەن ،
ئاق باغلاپ ئاھ ئۇرۇپ ئىچىلغان ھازا .

شۇ سوغۇق باغرىڭغا بۆلەندى بۈگۈن ،
ئوتتۇزغا بارمايلا قىرقىلغان ھايات .
سىگنالىنى چالسەن موللام ئۈنىدە ،
ئۆلۈمنى ئەسلىتىپ ، ئەسلىتىپ پات ـ پات .

قايتىدىن تونۇدۇم ھاياتنى سەندىن ،
قەرزداركەن ئادەملەر تۇغۇلۇشتىلا .
ئۆگەندىم ھاياتنىڭ قەدرى ھەققىدە ،
بىر مىنۇت ھاياتىم قالغاندەك گويا...

## ئۇت كۆيەر قەھرىڭدە سېنى كۆيدۈرۈپ

باياۋان ئەمەسقۇ چاڭقاتقىلى سەن ،
ھۆرلەرگە ئوخشايسەن ، پەقەت ھۆرلەرگە .
سەن چوقۇم سۆيىسەن بۇنى بىلىمەن ،
يوللىرىڭ تولغاندا بۇندا گۈللەرگە .

# ئىزدىمىگىن مېنى ئۇ يەردىن

**قەمبەرنىسا ئەبەيدۇللا ئۇچقۇن**

ئىزدىمىگىن مېنى ئۇ يەردىن ،
گۈل بەرگىگە قونۇۋالغانمەن .
سورىمىغىن مەيىن شامالدىن ،
جىمجىتلىققا كېتىۋالغانمەن .

ئىزدىمىگىن چۈشلىرىڭدىن ھەم ،
رېئاللىققا مۈكۈۋالغانمەن.

دەپ بەرمەيدۇ قۇياشمۇ بەلكىم ،
نۇرلىرىنى سۆيۈۋالغانمەن .

پاك سۆيگۈمنى شېئىرغا ئوراپ ،
كۆمۈۋەتتىم قەلبىم قېتىغا .
سېنىڭ ئۈچۈن بىر پارچە ئۈمىد ،
قويۇپ قويدۇم تاڭنىڭ يېنىغا .

ئىزدىمىگىن تاشلىنىپ قالغان ،
خەتلىرىمنىڭ مىسكىن بېتىدىن .
گەر خالىساڭ ئىزلەپ كۆر مېنى ،
يۈرىكىمنىڭ تىۋىشلىرىدىن .

## ئۇنتۇپ كەت

**ئەخمەتجان قىرمىش**

ئۇنتۇپ كەت ھەممىنى ، چەكمىگىن ئازاب
يىغۇبار كۆزۈڭدىن تامچىمىسۇن ياش .
ئۇنتۇپ كەت لېۋىڭگە سۆيگىن ئۈمىدىنىڭ ـ
ۋاپاسىز شۇ يارنى سۆيگىنىڭ ئوخشاش .

قايغۇڭنى ئۆزگىگە بىلدۈرمە زىنھار ،
يىغلىما ئۆزۈڭنى سۆيسەڭ ئەگەر سەن .
تەبەسسۇم ئەگىسۇن يۈزلىرىڭنى قىز ،
بەختلىك بىر كۈنۈڭ بولىدۇ جەزمەن .

## «ئاي»دىن گۇمان

**مەردان رىشات**

پەقەت چۈشلا مەۋجۇت بۇ كېچە ،
سۆيۈشمۇ يوق، سۆيۈلۈشمۇ ھەم .
غۇۋا يانار ئۈستەل چىرىغى ،
شامال چوقۇم ئاينىڭ تىنىقى .

ئاينى سۆيدى بۇلۇت داڭلىتىپ ،
يۇلتۇزلارنى توسۇپ ئالدىراپ .
«ئاي يۈزىدە داغ بار!» دېگەن كىم؟
ئايمۇ گىرىم قىلغاندۇر بەلكىم...

كېچە تىمتاس، ئۇيقۇدا سايەم ،
رومكىلاردا كۈتۈش شارابى .
ساقال بېسىپ ئېڭەكلىرىمنى ،
چىرمىۋالدى تىلەكلىرىمنى .

پەقەت چۈشلا يوقتۇر بۇ كېچە ،
سۆيۈشمۇ بار، سۆيۈلۈشمۇ ھەم .
ئۆچۈرۈلدى ئۈستەل چىرىغى ،
ھار بىلىنگەچ ئاينىڭ قىلىقى .

## ئېلىپ كەت سەھراغا مېنى

**خاسىيەت جاپپار**

رەڭگارەڭ چىراغلىق ئاسفالت يولدا ،
ئۈن ـ تىنسىز ئەسلەپ سېغىندىم سېنى .
ئەجەبمۇ كۆڭۈلسىز بىلىندى شەھەر ،
خىلۋەت شۇ سەھراغا ئېلىپ كەت مېنى .

توپىلىق ، تىمتاس چىغىر يوللاردا ،
سەن بىلەن بىرگە مۇڭدىشىپ ماڭاي .
ئالتۇنرەڭ بۇغداي ئېتىزلىرىدا ،
سەن ئۈچۈن ئورما ناخشىسى ئېيتاي .

سەن بولساڭ يايلاقتا پادىچى يىگىت ،
ئايلىناي سەن ئۈچۈن توقۇمچى قىزغا .
ئايدىڭدا قوغلىشىپ باسقان ئىزىمىز ،
گۈل بولۇپ سىزىلسۇن سەھرا قوينىغا .

سەن بولساڭ سەھرادا ناۋاكەش بۇلبۇل ،
بولارمەن سەن ئۈچۈن گۈزەل ئەتىرگۈل .
ھاياتنىڭ تۈگىمەس بەيگىلىرىدە ،
سۆيگۈمىز بولسۇن توختىماس بۇلبۇل .

بولمايمەن سەھرانىڭ ئەركە مېھمىنى ،
بولىمەن سەن ئۈچۈن بىر دېھقان قىزى .
يازىمىز بىرلىكتە ئۇنتۇلماس ناخشا ،
ئېلىپ كەت سەھراغا ، ئېلىپ كەت مېنى .

تەھرىرلىگۈچى: **ئىمىرھەسەن مەخمۇت**

# ژۇرنالچىلىقىمىز ۋە ئۇ دۇچ كەلگەن خىرىسلار

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كروران

هازىر ژۇرناللىرىمىز مەزمۇن جەھەتتىن ئومۇمەن ئىككى خىل شەكىلدە چىقىرىلىۋاتىدۇ . بىرسى ، ئەدەبىي شەكىل؛ يەنە بىرسى ، ئۇنىۋېرسال شەكىل . بەزى ژۇرناللار ئۆزىنىڭ ئەدەبىي شەكلىنى ئۇنىۋېرسال شەكىلگە ئۆزگەرتىۋاتىدۇ ياكى شۇنداقراق يول تۇتۇۋاتىدۇ . مېنىڭچە ، ھەممە ژۇرنالنىڭ ئەدەبىي ژۇرناللا بولۇشى ياكى ئۇنىۋېرسال ژۇرنالغا ئايلىنىشى ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرەلمەيدۇ . ھەربىر ژۇرنالنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق خاسلىقى بولغىنى ياخشى . بولمىغاندا ، ھەممەيلەن بىر خالتا كوچىغا قاپسىلىپ قېلىپ رەڭدارلىقنى يوقىتىپ قويىدۇ . هازىر بىر قىسىم ئەدەبىي ژۇرناللار بىزدە كەم ژانىر بولغان فېلىيەتونلارنىڭ بازىرى ئىتتىك بولۇشتەك ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن ، ھەدەپ چىرىكلىك پاش قىلىنغان تەرجىمە فېلىيەتونلارغا يۈرۈش قىلىۋاتىدۇ . بۇ ھال ئۇلارنى خاسلىقتىن ئايرىپ ، بىرنەچچە ژۇرنالنى بىر يەرگە ئەكېلىپ سېلىشتۇرسا ، ئەمەلىيەتتە ئىسمى ئوخشىمىغان بىلەن ، ماھىيەتتە ھەممىسى بىرخىل تىپتىكى ژۇرناللاردەك تۇيغۇ بېرىپ قويۇۋاتىدۇ . گەرچە هازىر ئۇنىۋېرسال ژۇرناللار ماقالىلىرىدىكى مەزمۇنلارنىڭ دەللىكى ۋە خەلقنىڭ بىر كۆرۈپلا ھەزىم قىلالىشىدەك ئەۋزەللىكى بىلەن بازىرى ئىتتىكتەك بولۇۋاتقان بولسىمۇ ، ئەدەبىي ژۇرناللارمۇ ئەڭ ياخشى ئەسەرلەرگە دادىللىق بىلەن ئورۇن بېرەلىسە خەلقنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىۋېرىدۇ . مەسىلەن ، «تارىم» ژۇرنىلى 1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرلىرى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «زېمىن ، قارا ئادەملىرىڭگە» قاتارلىق مۇنەۋۋەر پوۋېستلىرى ، زوردۇن سابىر ، مەمتىمىن ھوشۇر ، ئەخەت تۇردى ، مۇھەممەت باغراش قاتارلىقلارنىڭ نادىر ھېكايىلىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغانىدى . شۇ ۋەجىدىن ئەينى ۋاقىتتا «تارىم» ژۇرنىلىدا ئەسەر ئېلان قىلىش ئىنتايىن شەرەپلىك ئىش بولۇپ ھېسابلىناتتى.

خاسلىقنى مۇقىم ساقلاشتا بەلكىم بىز نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارغا ، مەسىلەن ، ئەسەر مەنبەسى كەم بولۇش قاتارلىقلارغا دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن . بۇنداق ئەھۋالنى پوچتىدىن كەلگەن ئەسەرلەرگە ئاساسەن ئەسەر تەھرىرلەشتىن ژۇرنال چىقىرىش مۇددىئايىمىزغا ئاساسەن ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئوڭشاپ كېتىش مۇمكىن.

هازىرقى ئەھۋالدا خەلق ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئەسەر ـ ماقالىلەرنى كۆپلەپ ئېلان قىلىشلا ژۇرناللارنىڭ بازار رىقابىتىدىكى ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالالايدىغان بىردىنبىر چىقىش يولى ئىكەنلىكى ئېنىق ئايدىڭلاشتى . ئۇنداقتا ، خەلق ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئاشۇ ماقالە ـ ئەسەرلەر زادى قانداق ئەسەرلەر؟ ئۇنى قانداق يېزىش كېرەك؟ بۇ كۈچلۈك خىرىس تۇيغۇسىغا ئىگە ھەر بىر ئاپتور ۋە مۇھەررىر ، شۇنداقلا ژۇرناللارنى باشقۇرۇۋاتقان ئورگانلاردىكى خادىملار جىددىي ئويلىنىدىغان مەسىلە ، ئەلۋەتتە.

هازىر كومپيۇتېر ، كىنو ـ تېلېۋىزىيە قاتارلىق زامانىۋى ئۇچۇر ۋاسىتىلىرى ئۆزلىرىدىكى ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئىلگىرىكى نۇرغۇنلىغان ئوقۇرمەنلەرنى كۆرۈرمەنلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ . بۇ ھال ژۇرنالچىلىقىمىزغا نىسبەتەن بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىر خىل غېرىبلىق ،

يېتىملىك كەيپىياتى بىلەن قاپسىلىپ كېلىپ ، بىزنىڭ تېخىمۇ هوشيار بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى سەممىمىزگە سالماقتا . خەلقتىن پۇل ئېلىپ (مۇشتەرى قىلىپ) چىقىرىۋاتقان بۇ ژۇرناللارنى چوقۇم خەلقنىڭ ئاۋازىغا ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولغۇدەك مەلھەمگە ئايلاندۇرۇشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرمەكتە . ھەرقايسى ژۇرناللارنىڭ تەجرىبىلىرى ئىسپاتلىدىكى ، بۇنى ھەل قىلىش يولى يەنىلا ژۇرنالنى مۇمكىن بولغان دائىرىدە ئەڭ يۇقىرى چەكتە سۈپەتلىك چىقىرىش بولۇپ قالدى.


نۆۋەتتە مەخسۇس سان چىقىرىش ۋە ئېلان قاتارلىق ۋاستىلەرمۇ بىرخىل ئىزدىنىش بولىدۇ . لېكىن ، بۇ ژۇرنالنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشتىن سىرت ، يەنە ۋاقتى كۆتە ، ئاجىز چارىدۇر . يەنە كېلىپ ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن مىللىي سانائەت تۈزۈك راۋاج تاپمىغان ، بۇ ساھەدىكى كارخانىچىلار ئىزدىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان شارائىتتا تېخىمۇ شۇنداق . شۇڭا ، ئۆز تەشۋىقاتىمىزنى ئۆز ژۇرناللىرىمىزدا ئېلان قىلغان سۈپەتلىك ئەسەرلەر ۋاستىسى ئارقىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە ، ئۆز ئورنىمىزنى ئۆز سۈپىتىمىز ئارقىلىق تىكلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ . بۇرۇن بىرنەچچە ژۇرنال شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۇيغۇرچە ژۇرناللارنىڭ بارماق بىلەن سانىغۇدەك سەركىلىرى بولغان بولسا ، ھازىر ھەممە ژۇرنال ئەسەر ئېلان قىلىشتا رايون چەكلىمىسىنى بىكار قىلغاچقا ، ئىلگىرىكى ئۇ داڭلىق ژۇرناللار ئۆز نوپۇزىنى قايتىدىن تىكلەشكە تىرىشماقتا.

مۇھەررىرلەرنىڭ ساپاسى ژۇرنال سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر . ئەگەر ئۇنىڭ ئىددىيىسى ئىلغار ، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلالايدىغان ، ژۇرنالنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر قۇربانلارنى بېرەلەيدىغان ، ئۇنىۋېرسال ساپاسى يۇقىرى بولسا ، «قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ» دېگەندەك ، ئۇ ئىشلىگەن ژۇرنالمۇ ياخشى چىقىدۇ . ناۋادا مۇھەررىرنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولسا ، ئەسەرگە قارىماي ئادەمگە قاراش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ قالسىلا ، ئۇنداق ژۇرنالنىڭ تۈگەشكىنى شۇ . بۇ يەردە يەنىلا نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدىغان بىر نۇقتا بار ، ئۇ بولسىمۇ ئالاقىدار رەھبەرىي خادىملارنىڭ ژۇرنالچىلىقتىن ، بولۇپمۇ ئەدەبىياتتىن ئەتراپلىق خەۋەردار كىشى بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم . ۋاقتى كەلگەندە بۇ نۇقتا ھەممىدىن مۇھىم ئورۇن تۇتۇشى مۇمكىن . ناۋادا ئۇ ئەمەل دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش يۈزىسىدىنلا مەسئۇللۇق ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغان بولسا ، ژۇرنالنى نەس باسقىنى شۇ . ئۇ چاغدا بۇنداق ژۇرنالدا ئىشلەپ قالغان مۇھەررىرنىڭ جېنىغىمۇ ۋاي!

مېنىڭچە ، مۇھەررىردە تۆۋەندىكىدەك ساپالار ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك: بىرىنچىدىن ، مۇھەررىر تەمەسىز بولۇشى لازىم . بولمىغاندا ، مەنپەئەتكە ئاساسەن تەھرىرلىك قىلىش كېلىپ چىقىدۇ ـ دە ، ژۇرنال سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ . ئىككىنچىدىن ، ئەتراپلىق بىلىم ئىقتىدارى شەكىللەنگەن بولۇشى كېرەك . بولمىسا ، بەزى مەلۇماتلارنى توغرا ھەزىم قىلالماي ، سۈپەتلىك ، يېڭىلىق روھىغا باي ئەسەرلەرمۇ نەزەرگە ئېلىنماي قالىدىغان ئەھۋاللار سادىر بولۇپ قالىدۇ . ئۈچىنچىدىن ، ژۇرنال باش مۇھەررىرلىرى باش مۇھەررىرلىكنى ھوقۇق ـ ئەمەل ئەمەس ، بەلكى مىللەت ، جەمئىيەت ، تارىخ ئالدىدىكى يۈكسەك مەسئۇلىيەت دەپ بىلمىكى زۆرۈردۇر . ئۇنى مۇناسىۋەت تورى ، مەنپەئەت مەنبەسى قىلىۋالسا ، ژۇرنال تۈگىشىپ كېتىدۇ . تۆتىنچىدىن ، مۇھەررىرلەر مەتبەئە بىلىملىرىگە پىششىق بولۇشى لازىم . بولمىسا ، ژۇرنالنى تېخنىكىلىق چىقىرىش ، باسما سۈپىتى قاتارلىقلاردا پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: **ئىمىرھەسەن مەخمۇت**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# باجىن ۋە بىر ئەسىر

يۇ چيۇيۇ

تەلئەت ئىبراھىم تەرجىمىسى

## بىر دەۋر ئايرىغان ياش

باجىن توپتوغرا بىر ئەسىرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى . ئۇ 1904 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى دۇنياغا كەلگەنىدى . بىز نەزىرىمىزنى ئىنسانىيەت تارىخىدا ھەقىقىي يوسۇندا يۈز يىل ياشىغان ئەدىبتىن نەچچىسى بارلىقىغا ئاغدۇرۇپ كۆرگىنىمىزدىلا ، ئاندىن دۆلىتىمىزنىڭ قانداق بىر ھايات مۆجىزىسىگە يۈزلەنگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

بىلىشىمچە ، قەدىمكى زامان جۇڭگودا ساۋ شۆچىن ، ليۇ زۇڭيۈەنلەر 40 نەچچە ياشقىچە؛ سىماچيەن ، خەن يۈلەر 50 نەچچە ياشقىچە ياشىغان ؛ 60 نەچچە ياشقىچە ياشىغانلار خېلى كۆپ بولۇپ ، بۇلاردىن چۇ يۈەن ، تاۋ يۈەنمىڭ ، لى بەي ، سۇ شى ، شىن چىجىلەر بار؛ 70 نەچچە ياشقا كىرگەنلەر ساناقلىقلا بولۇپ ، ئۇلار پۇ سۇڭلىڭ ، لى چىڭجاۋلاردىن ئىبارەت ، 80 نەچچە ياشقا كىرگەنلەردىن پەقەت لۇ يۇۋنى ئەسلىيەلەيمەن . دۇنيادىكى بۈيۈك يازغۇچىلاردىن دانتې ، بالزاك ، شېكىسپىر ، دىكنېس ،50 نەچچە ياشقىچە ؛ پىكاسسئو ، سىرۋانتېس ، زولا ، ھېمىڭۋاي 60 نەچچە ياشقىچە ؛ كىچىك دۇما ، مارك تىۋېن ، ساترى ، كاۋاباتا ياسۇنارى ، رومىن روللانلار 70 نەچچە ياشقىچە ياشىغان؛ 80 ياشتىن ئاشقانلىرىدىن گىيوتى، ھيۇگو ، تولستوي ، تاگورلار بار. 90 ياشتىن ئاشقان دۇنياۋى يازغۇچىلاردىن كىملەر بارلىقى ئېسىمدە قالماپتۇ . جۇڭگو ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ ئۆمرىنىڭ چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئۆمرىدىن سەل ئۇزۇن بولۇشىغا نېمە سەۋەب بولغانلىقى ئانچە ئېنىق ئەمەس . ئېلىمىزدە 70 ياشتىن ئاشقانلاردىن جاڭ ئەيلىڭ ، جۇ زورېن ، جاڭ خېڭشۇيلەر بار؛ 80 ياشتىن ئاشقانلار خېلى كۆپ بولۇپ ، گو مورو ، ماۋ دۇن ، دىڭ لىڭ ، شېن سۇڭۋېن ، لىن يۇتاڭلار بار؛ 90 ياشتىن ئاشقانلاردىن يې شېڭتاۋ ، شا يەن ، بىڭ شىنلەر بار.

ھازىر بىز يۈزلىنىۋاتقان مۆجىزىلەرنىڭ بىرى دەل باجىننىڭ يۈز ياشتىن ئاشقانلىقى . ھەرقانداق بىر يازغۇچى قاتلاممۇقاتلام كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەربىر قاتلىمىغا سىڭىپ كىرىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھاياتىدىكى سىرلىق ۋە تامامەن تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان بۇنداق ھاياتلىق ھادىسىسىگە يۈزلىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ . مەدەنىيەت مەنىسىدىن ئالغاندا ، بىر ئەسىر تولۇق ياشىغان باجىننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىلەن بىر ئەسىردىكى ئۆزگىرىشلەر بىر ھاياتلىق گەۋدىسىدە مۇكەممەل بىرلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان . بىز بۇنىڭدىن بىر كۆزنىڭ دۇنيادىكى كۆپلىگەن دەۋرلەر ۋە جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ھەر خىل قاتلاملىرىغا نەزەر سالغانلىقى ھەتتا بۈگۈنگىمۇ تىكىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز . بۇ كۆزنىڭ ھېلىمۇ يۇمۇلغىنى يوق . بىر ھاياتىي پاكىتنىڭ قاتمال تارىخنى جانلىق بىر ئورگانىزمغا ئايلاندۇرغانلىقى دەل ھاياتلىق مۆجىزىسىنىڭ مەنىسىدۇر . بەلكىم بىز بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخى چۈشىنىپ يېتەلمىگەن بولۇشىمىز مۇمكىن ، چۈشەنگىنىمىز ئۇنىڭ تاسادىپىيلىق بىلەن مۇقەررەرلىك ئوتتۇرىسىدىكى نىسبىتى بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا . «ئۇ تېخى ھايات» دېگەن بۇ سۆز كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالماقتا.

## بىر مۇھىم ئەدەبىي ئوبراز

روشەنكى ، باجىننىڭ قىممىتى يالغۇز ئۇنىڭ يېشىدىلا ئەمەس . ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ئالغاندا ، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى كۆپ تەرەپتىن ئىپادىلىنىدۇ . بولۇپمۇ ئۇ ئىنتايىن مۇھىم بولغان ‹ گاۋ جۆشىن › نىڭ ئوبرازىنى ياراتتى . بۇنى ئەسىرلىك تۆھپە دېيىشكە بولىدۇ.

فرويدنىڭ مۇخلىسى روگد: «ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدە قىممىتى كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئەكس ئەتتۇرۇلۇشىدە ئىپادىلىنىدۇ» دېگەنىدى . بۇ ئەلۋەتتە ھەربىر كىشىنىڭ ئېڭى ۋە ئۇنىڭدا يوشۇرۇنغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك تارقىتىش ۋە زوقلىنىش قىممىتى بار دېگەنلىك ئەمەس . بەزى ئاڭ ئېقىمىغا تەۋە ئەسەرلەرنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا توسالغۇغا ئۇچراپ قېلىشى ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك زوقلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولمىغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن . روگد كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭ ئىنتايىن مۇھىم ، دەپ قاراپ «فائۇستنى پەقەت گېرمانىيىلىكلا يازالايدۇ؛ گېيوتى فائۇستنى ياراتقان ئەمەس ، بەلكى فائۇست گېيوتنى ياراتقان» دېگەن . دېمەك ، بۇ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭ بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

لۇشۇن ياراتقان ئا Q ئوبرازى نېمە ئۈچۈن ھەممىنى بىراقلا لەرزىگە سالالىدى؟ چۈنكى، ئۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ چوڭقۇر روھىي قاتلىمىدىكى كوللېكتىپ ئېڭىغا تەگكۈزۈلدى . ئەگەر بۇ ئەسەردە پەقەت شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى جۇڭگو جېمىيەت ئەتراپىدىكى بىر نامرات دېھقاننىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىلا يېزىلغان دەپ قارايدىغان بولساق ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ روھىي تۈزۈلمىسىنى تارلاشتۇرۇۋەتكەن بولىمىز . ئا Q نىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يوشۇرۇن پسىخىكىسىغا بولغان ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ھېمىنگۋاينىڭ «بوۋاي ۋە دېڭىز» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئامېرىكىلىقلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا تەگكەنلىكىگە ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

مۇشۇ پىكىر بويىچە ئېيتقاندا ، ‹ گاۋ جۆشىن › دىن ئىبارەت بۇ ئوبرازمۇ ئوخشاشلا بىر خىل ئەسىرلىك ئومۇملاشتۇرۇش ھېسابلىنىدۇ . دەۋرنىڭ بۇرۇلۇشى ئىنتايىن جاپالىق ھەم قىيىن بولىدۇ . گاۋ جۆشىن دەۋرنىڭ ئىلگىرىلەش ۋە چېكىنىشى داۋامىدا شۇنداق پەرىشان بولغان.ئۇنىڭ ئارىسالدى بولۇشلىرىمۇ شۇنداق ئەستايىدىل ، مادارىچىلىقىمۇ شۇنداق سەمىمىي . ئەمما ، ئاقىۋەتتە ئۇنىڭ ئېرىشكىنى پۈتۈن ۋەزىيەتنىڭ بەرباتى ۋە ئۆزىنىڭ تراگېدىيىسى بولۇپ قالغان . بۇ 20 ـ ئەسىردىكى جۇڭگودىكى قانچىلىغان مۆتىدىل ئىسلاھاتچىلارنىڭ ، ئاق كۆڭۈل ھوقۇقدارلارنىڭ كوللېكتىپ ئېڭىنىڭ شۇنداقلا ئىجتىمائىي پسىخىكىسىنىڭ كوللېكتىپ ئىنكاسىدۇر . شۇڭا ، مەن ‹ گاۋ جۆشىن › دىن ئىبارەت بۇ شەخس ‹ پروتوتىپلىق قىممىتىگە ئىگە› دېگەن قاراشنى ناھايىتى قوللايمەن . ئوبراز ھەممىشە يازغۇچىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ . باجىننىڭ سەمىمىيلىكى ۋە چوڭقۇرلاش روھى ئۇنى گاۋجۆشىنگە يولۇقتۇردى . بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئوبرازلار بەلكىم تېخىمۇ جانلىق ، تىلى تېخىمۇ پاساھەتلىك ، ئۇسلۇبى تېخىمۇ گۈزەل بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن بىر دەۋردىكى مىللەتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق روھىي دۇنياسى بىلەن چىڭ باغلانغان بۇنداق ئوبراز يەنىلا ساناقلىق بولىدۇ.

## بىر قېتىملىق باتۇرانە قارشىلىق كۆرسىتىش

باجىن ھاياتىدا نۇرغۇن ئەسەر يازدى ۋە خىلمۇخىل ئوبرازلارنى ياراتتى . بۇ پەقەت ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنىڭ بىرىمىنى ھەتتا بىرىمىنىڭ بىرىمىنىلا تەشكىل قىلىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، باجىننىڭ تېخىمۇ شانلىق نۇرى ئۇنىڭ ھەققانىيەتلىك روھىدا ئىپادىلىنىدۇ . بولۇپمۇ 1962 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۇنىڭ شاڭخەيدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىدا يازغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ھەققىدە قىلغان نۇتقىنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ . گەرچە نۇتۇقنىڭ تەلەپپۇزى مۇلايىم بولغان بولسىمۇ ، ئەمما بۇ نۇتۇق سولچىللىق ھۆكۈم سۈرگەن ئاشۇ يىللاردىكى مەدەنىيەت كەيپىياتىدا كىشىلەرنى غەپلەتتىن ئويغىتىش ئەھمىيىتىگە ئىگىدۇر . ئۇ «يازغۇچىلارنىڭ شجائىتى ۋە مەسئۇلىيىتى» ناملىق نۇتقىدا مۇنداق دېگەن: «مەن بىر قولىدا رامكا ، بىر قولىدا تاياق تۇتۇۋېلىپ ، ھەدېسىلا ئەيىب ئىزدەيدىغانلاردىن قورقىمەن . ئەلۋەتتە مەن تاياقنى كۆرۈپلا ئۆزىنى قاچۇرىدىغانلاردىن ئەمەسمەن . بىراق ، تاياق كۆپ تېگىپ كەتسە مېڭە كاردىن چىقىدۇ . بۇنداقلارغا يولۇقۇپ قالساق

www.uyghurkitap.com



ئاۋارىچىلىق كۆپ بولىدۇ . جەمئىيىتىمىزدە مۇشۇنداق بىر خىل كىشىلەر بار ، ئۇلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ، ئادەتتە سىز ئۇلارنى كۆرەلمەيسىز ، ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ . ئەمما ، سىزنىڭ گەپ قىلىشىڭىز ، قەلەم تەۋرىتىشىڭىز بىلەن تەڭلا ئۇلار پەيدا بولۇپ قالىدۇ . ئۇلار ئاددىي رامكا ئىجاد قىلىشقا ھەم مۇشۇنداق ئۆزى ياسىۋالغان رامكىلاردىن قانائەت قىلىشقا ئامراق ، يەنە كېلىپ كىشىلەرنى مۇشۇنداق رامكىغا كىرگۈزىۋېلىشنى تېخىمۇ خالايدۇ . مۇبادا كىشىلەر ئۇلارنىڭ رامكىسىغا كىرىشنى خالىمىسا ، يەنە باشقىلارنىڭ گۈللۈكىدە بىرقانچە خىل گۈل كۆپ ئېچىلىپ ، دېرىزىسى ئالدىدىكى قۇشلار بىرقانچە قېتىم كۆپ سايراپ قويسا ، شۇنداقلا ئۇلار يەنە يېڭى ناخشىلارنى ئاڭلاپ ، كۆزىگە سىغمىغان ماقالىلەرنى كۆرۈپ قالسا ، شۇ ھامان دەرغەزەپكە كېلىدۇ ـ دە ، كالتەكنى كۆتۈرۈۋېلىپ قاتتىق زەربە بېرىشكە باشلايدۇ . ئەمەلىيەتتە ، ئۇلارنىڭ ئادەم سانى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ ، لېكىن داغدۇغىسى بەك زور...» ئاقىۋەت باجىننىڭ بۇ سۆزى ئۇنىڭغا زور ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.

كەم سۆز باجىننىڭ بۇ سۆزىدە بىر خىل غايەت زور مەدەنىيەت جاسارىتى ئىپادىلەنگەن . شۇنداقلا ، بۇ سۆز تامامەن مەدەنىيەت مەنىسى جەھەتتىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ ، ھازىرقى گەپ بويىچە ئېيتقاندىمۇ ئەجەللىك يېرىگە تەگكۈزۈلگەن . باجىن مەدەنىيەت قۇرۇلۇش مېخانىزمىنىڭ مەدەنىيەتنى بۇزۇش مېخانىزمىغا يېتەلمەيۋاتقانلىقىنى ئەڭ پاسسىپ ئىش دەپ قارىغان . شۇ چاغدا ئۇ سۆزىنىڭ تىغ ئۇچىنى ئاساسلىقى جاڭ چۈنچياۋ ، ياۋ ۋېنيۈەنلەرگە قاراتقانىدى ، ئۇلار دەل مۇشۇنداق چوڭ بولۇش ، ئوخشاش بولۇش ، بىرتۇتاش بولۇشتەك سولچىللىق ئۆلچىمى بىلەن جاپاكەش مەدەنىيەت قۇرۇلۇشچىلىرىغا ئۈزلۈكسىز زىيانكەشلىك قىلغان ، تۆھمەت چاپلىغان ۋە ھاقارەت قىلغانىدى .

ئاشۇ قېتىملىق نۇتۇقتىن كېيىن ، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇشتى ، شۇنداقلا ھەيران قېلىشتى . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ، جاڭ چۈنچياۋ: «باجىن ئېتىلمىسا سىياسەتنى قايتا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ» دېگەن . خوش ، ئۇنداقتا ئۇ باجىننىڭ جىنايىتىنى كۆرسىتىپ بېرەلىگەنمۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇ شۇ سۆزنى كۆزدە تۇتقانىدى.

سالماقلىق بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان بولساق ، بىر يازغۇچىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلامدىكى لۇشيەن كۆرۈشىنى باھالاشتا ھامان ئۇنىڭمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بولالمايدىغان تەرەپلىرى بولىدۇ . لېكىن ، بىر يازغۇچى ئەلۋەتتە ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەدەنىيەتنى بۇزۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى چىن مەنىدىن ھېس قىلالايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن باجىننىڭ مەۋقەنى ئەدەبىياتقا قويۇپ ، يازغۇچىلىق بۇرچىنى ساقلىغان بۇ سۆزى كۈچلۈك ئۈنۈم ھاسىل قىلالىغان . بۇ بىر خىل ھەقىقىي باتۇرلۇق بولۇپ ، بۇ سۆز مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ قىممەتلىك سۆزلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

## بىر جۈملە قىممەتلىك سۆز

باجىننىڭ «راست گەپ قىلىش كېرەك» دېگەن بۇ سۆزىنى بىزگە قالدۇرغان بىر جۈملە ئەسىرلىك يادىكارى دېيىشكە بولىدۇ . بىز جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەن نۇرغۇن مۇپەسسەل سۆزلەرنى تاپالايمىز ، بىراق مۇشۇ ئەسىرىمىزدىكى مەدەنىيەت ئىللەتلىرىنىڭ جان يېرىگە تەگكەن ھەم ئاددىي ، ھەم كۆپچىلىكنىڭ ئېسىدە ساقلانغان ئەڭ مۇھىم سۆز قايسى؟ مېنىڭچە ، باجىننىڭ «راست گەپ قىلىش كېرەك» دېگەن مۇشۇ سۆزىدۇر.

بۇ سۆز ئاڭلىماققا ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئورۇندىماق بەس مۈشكۈل . بولۇپمۇ جۇڭگودەك ئەمەلىي ئىسپاتلاش ئېڭى كەمچىل دۆلەتتە «راست گەپ قىلىش» ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالغانىدى . ھالبۇكى ، باجىننىڭ «راست گەپ قىلىش» دېگەن بۇ سۆزى دەل مەلۇم مىللەت تەپەككۇرىغا جەڭ ئېلان قىلىش خاراكتېرىگە ئىگىدۇر.

باجىن مۇراجىئەت قىلغان «راست گەپ قىلىش» قا قارىتا شۇ چاغدا «راست گەپ ھەقىقەتكە باراۋەر ئەمەس» دەيدىغان ، كىشىنى ئاسان ئېزىقتۇرىدىغان بىر سۆز مەۋجۇت ئىدى . بۇمۇ كۆپچىلىكنى «ھەقىقەتنى» سۆزلەشكە چاقىرىق قىلغانلىق بولۇپ ، راست گەپ قىلمىسىمۇ بولىدۇ ، دېگەنلىك ئىدى . مەن بىر پارچە ماقالەمدە «گەرچە مەن باجىن ئاقساقالدەك شۇنچە ئۇزۇن ھايات مەنزىلىنى باسمىغان بولساممۇ ، لېكىن مەنمۇ نۇرغۇن

‹ راست ـ يالغان› گەپلەرنى ئاڭلىدىم . نۇرغۇن ساختا
‹ ھەقىقەت›لەر دەل يالغان گەپلەرنىڭ قانتىغا يامىشىپ
ھەريان پەرۋاز قىلدى . ‹ راست گەپ ھەقىقەتكە باراۋەر
ئەمەس› دېگەن بۇ سۆز مۇنداق بىر ساختا مەنتىقىنى يا-
ساپ چىقتى . ئۇ راست گەپ بىلەن ھەقىقەتتىن ئىبارەت
ئەزەلدىن قارىمۇ ـ قارشى بولمىغان ئىككى ئۇقۇمنى
زورمۇزور قارىمۇقارشىلاشتۇرۇپ قويدى . ئەمەلىيەتتە ،
راست گەپنىڭ قارشى تەرىپى ھەقىقەت بولماستىن ساخ-
تىلىقتۇر . ئەمما ، بەزى كىشىلەر دائىم مۇشۇنداق ساختا
مەنتىقە بىلەن ئويناشقان» دېگەنىدىم.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن ، بىز نەچچە
يۈز مىڭلىغان ناھەق ، يالغان ، خاتا دېلولارنى تۈزەتتۇق .
لېكىن ، بۇ دېلولارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەينى چاغدا گۇ-
ۋاھلىق بەرگۈچىلىرى ، گۇۋاھلىق سۆز ۋە دەلىل ـ ئىس-
پاتلىرى بولۇپ ، كىشىلەر ھەممە يالغاننى راست دەپ
بىلىشكەن ، جۈملىدىن كىشىلەر دۆلەت رەئىسىنىڭمۇ
خائىن ، ئىشپىيون ، ئىشچىلارنىڭ ساتقىنى ئىكەنلى-
كىگە ئىشەنگەنىدى . بۇ چاغدىلا بىز لۇشۇن ئېيتقان
جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى مەلۇم بىر خىل «يوشۇرۇش»
بىلەن «ئالداش»نىڭ خاراكتېرىنى ھەقىقىي تونۇپ يې-
تەلىدۇق . ۋەھالەنكى ، مەدەنىيەت يەنە كېلىپ كۆپچى-
لىكنىڭ كوللېكتىپ پسىخىكىسى بىلەن چىتىلغان
بولىدۇ . ھەتتا ساۋاتسىز كىشىلەرمۇ بۇ ئىنېرتسىيىدىن
قۇتۇلالمايدۇ . دەل پۈتۈن مىللەتنىڭ ساختىلىق بىلەن
راستلىقنىڭ چېگرىسىغا بولغان سەزگۈرلۈكى ئاجىز بول-
غانلىقتىن ، ناھەق ، يالغان ، خاتا دېلولار شۇنداق كۆپ
پەيدا بولغان.

مىللىي مەدەنىيەتتىكى بۇنداق پەسكەشلىكنى لۇ-
شۈن ئەپەندىم خېلى بۇرۇنلا سۆككەنىدى . باجىن بولسا
«راست گەپ قىلىش كېرەك» دېگەن بىر جۈملە سۆز بى-
لەن مۇراجىئەت قىلدى . بۇ سۆز گەرچە ئاددىي بولسىمۇ ،
لېكىن مەڭگۈ كىشىلەر قەلبىدە يادلىنىدۇ . باجىننىڭ
مۇراجىئىتى يالغۇز ئەدەبىيات مەنىسىدىلا بولماستىن ،
بەلكى ئۇ راستچىللىق ئاساس قىلىنغان بىر خىل ۋىج-
دانىي چاقىرىق ئىدى . يېڭى ئەسىردە ئەگەر بىز جۇڭگو
مەدەنىيىتىدىكى نەشر ئوغرىلىقى ، تۆھمەت ، ئىغۋا ،
ساختا دورا ، ساختا هاراق ، ساختا دىپلوم ، ساختا كىم-
لىكتىن قۇتۇلۇپ ، قايتىدىن ئۆزىمىزدە بولۇشقا تېگىش-
لىك ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە بولىمىز دەيدىكەنمىز ،
باجىننىڭ بۇ نەسىھىتىنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلىشىمىز
لازىم.

## باشتىن ـ ئاخىرغىچە داۋاملاشقان بىر خىل قايغۇ

باجىندىكى قايغۇمۇ بىر خىل ئەسىرلىك مەدەنىيەت
ئاساسى قارىشىغا ئىگىدۇر . باجىن تولۇپ تاشقان سەز-
گۈرلۈك ۋە ۋىجدانىغا ، شۇنداقلا يەنە كۈچلۈك قارشىلىق
ئېڭىغا ئىگە بولغانلىقتىن ئۇ قايغۇرماي تۇرالمىغان.

لېكىن ، باجىننىڭ قارشىلىقى چەكتىن ئېشىپ
كەتمىگەن . بەلكى ، ئىنسانپەرۋەرلىكنى قارشىلىق كۆر-
ستىشنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى قىلغان . دەل مۇشۇ تۆۋەن
چەك باجىننى ئىككى تەرەپتىن گاڭگىرىتىپ قويدى .
قېنى قىزىق توپتىكىلەر ئۇنى قەتئىي ئىنقىلابچى ئەمەس ،
دەپ قاراشتى؛ بەكرەك مۆتىدىل ، رېئال تەرەپتىكىلەر
بولسا ، باجىن دائىم بەزى ئىللەتلەرگە رەددىيە بېرىدىغان
سۆز ـ ئىبارىلەرنى قىلغاچقا ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «ئەن-
ىسىزلىكنى ئەمىن قىلىپ كۆرسىتىشى»نى پاش قىلىپ
قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىشىدۇ ، دېيىشتى . شۇڭا ، با-
جىندا بىر خىل تەنھالىق مەۋجۇت بولغان.

يازغۇچىلاردىكى تەنھالىق ئۇنىڭ ئوقۇرمەنلىرىنىڭ
ئازلىقىدىن بولمايدۇ ، لېكىن ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىق رو-
ھىيەت مەنىسىدىن ئالغاندا ، ئۇ ئازابنىڭ پىكىر قىلغۇ-
چىسى ، بېشىدىن ئۆتكۈزگۈچىسى ۋە ھېس قىلغۇچى-
سىدۇر.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ، بىز گېزىت-
تىن باجىننى «مۇرىسىگە ئىككى يۈز يىلنى ئارتىۋالغان ،
ئىدىيىسى ئىنقىلابقا قارشى» دەپ يېزىلغان ۋە ئىنقىلا-
بىي ئاممىنىڭ ئۇنىڭ ئەمگەك ئىپادىسىدىن ئېزىقىپ
قالماسلىقى تەلەپ قىلىنغان تەنقىد ماقالىلىرىنى كۆرگە-
نىدۇق . شۇنچە ياشقا كىرگەن بىر يازغۇچىغا مۇشۇنداق
مۇئامىلىدە بولۇش كىشىنى ھەقىقەتەن ئېچىندۇرىدۇ .
شۇ چاغدا مەندە «نېمە ئۈچۈن باجىن شۇنچە ئېغىر
جىسمانىي ئەمگەككە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ؟ چوقۇم ئۇنىڭ
روھىيەتتىكى ئازابى تەڭداشسىز بولۇپ ، تۇپراقتىكى
ئەمگەك مەشغۇلاتى ئەكسىچە ئۇنىڭغا بىر خىل يېنىك-
لىك ئېلىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن» دېگەن بىر خىل ھۆ-
كۈم پەيدا بولغانىدى؛ لېكىن ئەمگەك باجىننىڭ ئىچكى

www.uyghurkitap.com



دۇنياسىدىكى تىتىلداشلىرىنى تۇگىتەلىدىمۇ؟ ياق ، كېيىن ئۇنىڭ ئايالىنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقانلىق خەۋىرى يېتىپ كېلىپ ، ئۇ رۇخسەت ئېلىپ ئايالىغا قاراشنى تەلەپ قىلغاندا ، «سەن يا دوختۇر بولمىساڭ ، بېرىپ نېمە قىلالايتتىڭ؟» دېگەن جاۋابقا ئېرىشىپ ، روھىي جەھەتتە قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى.

باجىن ئايالى تۇگەپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆيىگە قايتتى . بىر قېتىم مەن باجىننىڭ ئۆيىگە بارغىنىمدا ، ئۇنىڭ بىر ئۆيدە يالغۇز شېئىر يادلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم . بىراق ، مەن بۇ شېئىرلارنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدىم . لى شياۋلىن ماڭا دادىسىنىڭ دانتېنىڭ «ئىلاھ كومېدىيەسى»نى يادلاۋاتقانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ ئەينى يىللاردا توختىتىپ قويۇلغان يېرىدىمۇ ، يېزىدا نازارەت بىلەن ئەمگەك قىلىۋاتقان چاغلىرىدىمۇ بۇ داستاننى يادلىغانلىقىنى دەپ بەردى . شەخسكە كەلگەن بالايىئاپەت ئالدىدا ، دانتېنىڭ «ئىلاھ كومېدىيىسى» ئۇنىڭ مەنىۋى زېمىنى بولۇپ قالغانمىدۇ؟ ھېچبولمىغاندا ئۇ بۇ بالايىئاپەتنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى . بۇ دەل بىر خىل ئالىي تەنھالىق ۋە غەمكىنلىكنى باغلاپ تۇردى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەنھالىق ۋە غەمكىنلىك باجىننىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىزچىل ئايرىلمىدى . بىڭ شىن باجىننىڭ بۇنداق غەمكىن بولماسلىقىنى تەۋسىيە قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇمۇ كېيىن بۇنىڭ باجىن ئۈچۈن بىر راھەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندى . باجىن دەل مۇشۇنداق غەمكىنلىك ئىچىدە ھايات لەززىتىنى تېتىغاندى . بۇ خىل روھىي پەزىلەت بىزنىڭ بۈگۈنكى مەدەنىيەت كەيپىياتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىنتايىن مۇھىم بىر سەگىتىشتۇر . بۈگۈنكى مەدەنىيەت كەيپىياتىدا ، ئىنساننى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان زوراۋانلىقتىن باشقا ، يەنە نۇرغۇن ساختا خۇشاللىق تەركىبلەرمۇ ۋە ساختا مەدەنىيەت ئەسەبىيلىكىمۇ مەۋجۇت . ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقى دەل ئۇلاردا ئالىي غەمكىنلىكنىڭ بولماسلىقىدا.

باجىن تىنچ تۇردى ، سالامەتلىك ئەھۋالى خېلى ياخشى بولغان ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان چاغلىرىدىمۇ ، ئۇ يەنىلا تىنچ ئىدى . كېيىنكى بىر ئەۋلاد كۆزەتكۈچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن نۇرغۇن مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقىنىنىڭ تامامەن باشقا بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ياكى ئۇلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى خۇشاللىققا تولغان ياكى پۈتۈن ۋۇجۇدى غەيرەتكە ، نەپرەتكە تولغان ، ۋە ياكى قورسىقى باشقىلارنى پاش قىلىدىغان ماتېرىياللار بىلەن تولغان قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى كۆردۈم . ئەمما ، باجىن بالايىئاپەتلىك كۈنلەرنى تەھلىل قىلغان چاغلىرىدىمۇ ئۆزى توغرۇلۇق كۆپ شىكايەت ئېلىپ بارمىغان ، بەلكى ئىنسان تەبىئىتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تېخىمۇ كۆپ ئىزدەنگەن . باجىن ئۆمرىدە باشقىلارغا ھاقارەت قىلمىغان . ھېچكىمنى تەنقىدلىمىگەن ، ھېچكىمگە زىيانكەشلىك قىلمىغان ، ئۇ ھەمىشە كىشىلەرگە ياردەم بېرىش بىلەن خۇشال بولۇپ كەلگەن ، ئەگەر ئۇ باشقىلارغا ياردەمدە بولالماي قالغاندا تېخى ئىنتايىن خىجالەت بولغان . ئۇنىڭ رېفلېكسىيىلىك ماقالىلىرى ئاساسەن مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: تېخىمۇ كۆپ ياردەم بېرىشكە تېگىشلىك بولغانلارغا ياردەم بېرەلمەي قالغان ، بەلكىم ئېھتىياتسىزلىقتىن رەنجىتىشنى خالىمىغان كىشىلەرنى رەنجىتىپ قويغان.

باجىن يۈز ياشقا كىردى ، ئۇنىڭ قىممەتلىك قايغۇ ـ ھەسرىتى ئىچىگە ھەم ئۆزىنىڭ ئەخلاق يۆنىلىشى ، ھەم مىللەتنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە روھىيىتى ئۈستىدىكى ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشى يوشۇرۇنغان؛ بۇنداق قىممەتلىك قايغۇ ساقلىنىپ تۇرالامدۇ ، يوق؟ قانچىلىك ۋاقىت ساقلىيالايمىز؟

بىر ئەسىردىن بۇيان ، «4 ـ ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىنكى غايىلىك ۋە ئىرادىلىك كىشىلەرنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ئومۇمىي جەھەتتىن خۇلاسىلەشكە بولىدۇ . ئەمما ، يېڭى ئەسىردە بىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىمىز زادى قانداق بولىدۇ؟ بىز باجىندىن كېيىن بىر پارچە روھىي قاقاسلىققا ئايلىنىپ قالماسلىقنى ئۈمىد قىلماقتىمىز.

(«**شىنجاڭ گېزىتى**»نىڭ 2004 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى سانىدىن تەرجىمە قىلىندى .)

تەھرىرلىگۈچى: **ئىمىرھەسەن مەخمۇت**

# خەيزى شېئىرلىرىدىن

**مۇختار مەخسۇت** تەرجىمىسى

*مۇھەررىردىن: خەيزى (ئەسلى ئىسمى چا خەيشېڭ) ، ئەنخۇي ئۆلكىسىدىن . 1964 ـ يىلى 5 ـ ئايدا يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن . 1979 ـ يىلى 15 يېشىدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن . ئۇ ئەنە شۇ ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىدا شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن . 1983 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ، بېيجىڭ جۇڭگو سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە كافېدراسىغا تەقسىم قىلىنغان . 1989 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شەن خەيگۇەندە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان . 70 ـ يىللاردىن كېيىنكى يېڭى ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلىغان ۋە تولىمۇ چەكلىك ياشىغان شائىردۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ مۆجىزە خاراكتېرلىك تا- لانتى، ئىجادىي ئىقتىدارى ، ئۆتكۈر بىۋاستە سېزىمى ۋە كەڭ بىلىملىرى ئارقىلىق ئاددىي ـ سادىدا تۇرمۇش مۇھىتىدىمۇ ئىككى مىليون خەتلىك شېئىر ، پروزا ، دراما ھەمدە ئىلمىي ماقالىلەرنى ئىجاد قىلغان . ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «بىراق ، سۇ ، سۇ» ، «تۇپراق» قا ئوخشاش داستانلىرى ؛ «قۇياش»قا ئوخشاش دراملىرى بار .*

*1986 ـ يىلى ئۇ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق سەنئەت بايرىمى 4 ـ ماي ئەدەبىيات مۇكاپاتى پائالىيىتىدە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ؛ 1988 ـ يىلى ئۈچىنچى نۆۋەتلىك «ئۆكتەبىر» ژۇرنىلى ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . ئۇنىڭ بىرقىسىم شېئىرلىرى 20 نەچچە خىل شېئىر توپلاملىرىغا تاللاپ كىرگۈزۈلگەن ، ئەمما ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى تېخى كىشىلەرنىڭ توپلاپ رەتلىشىنى كۈتمەكتە .*

*تۆۋەندە بىز ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ خەيزى شېئىرلىرىدىن بەھرىلىنىشى ئۈچۈن ، بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنى تاللاپ ئىجاد قىلىشنى لايىق تاپتۇق .*

## شىمالدىكى ئورمان

تۇخۇمەك ئېچىلىپتۇ تاغ باغرىدا
يول بېسىپ كەلدۇق يىراق ـ يىراقلاردىن
ياتىمىز توقايلىقتا سۇنايلىنىپ
كۆكلىنى يايرىتىدۇ كۆكۈم پەيزى
چوققىلار خىيال كەبى قالسا جىمىپ
تۇخۇمەك گۈللىرىنى ئۈزۈۋالدۇق
چاچار ئۇ قولىمىزدا خۇشبۇي پۇراق
خۇش پۇراق كېلەر زېمىن ئاھلىرىدىن
تۇرىدۇ ھېلىمۇ ئۇ چېكىپ پىراق

شىمالنىڭ كۆكۈمى بۇ باھاردىكى
ياپيېشىل تون يېپىنغان گۈل ـ گىياھلار
ئاخىرقى قىزغۈچ بۇلۇت ئۆيۈپ قالدى
چۈنكى ئۇ ئارچىلارنى كۆرۈپ قالدى

تاغلاردا قارىغاي ، تېرەك ھەم تۇخۇمەك
ئولتۇرۇپ كۆكۈملاردىن سۆيۈنىمەن
ئېھتىمال ئىككىمىزنىڭ كۆكۈمى بۇ
كۆپ ئۆتمەي قاراڭغۇغا كۆمۈلىمەن

## كۆز يېشى

ئاخىرقى چوققىدا قىزاردى ياپراق
تاغلار نامرات بالىنىڭ كۆلرەڭ ئېتىدەك
ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى تۈنى
قان ئىچىگە يىقىلدى بىراق

ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى تۈنى
نامرات بالا قايتتى ئۆيىگە
كۆزىدە ياش ، قولىدا چىراغ
ئۆلدى ھەممە سەپەر ئۈستىدە
ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى تۈنى
بىر سەھرادا يۈرتىدىن يىراق

قاۋاقخانىغا يۆلەنگەن بىراۋ
سورايدۇ تۇپراققا كۆمۈلگەنلەرنى
ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى تۈنى
سورايدۇ كۆلرەڭ ئات ئۆلدى كىم ئۈچۈن...
قانغا بوياپ جىمىكى يەرنى

چىراغ كۆتۈرۈپ قايتتىمۇ ئۇلار
كۆز روھى ئۇلارغا بولدىمۇ ھەمراھ

www.uyghurkitap.com


بوراندەك چاپىدۇ دوزاخ يولىدا
ئۇلار تىرىكمۇ ۋە ياكى ئەرۋاھ

شۇ ئەرۋاھ مەن ئۈچۈن ئىچىپ روجەكنى
تاشلاپ بېرەرمۇ كونا شېئىرنى
ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى تۈنى
مەن ئەمدى زىنھار يازمايمەن سېنى

## قىزىلگۈل

قىزىلگۈل ھەسەلدەك شېرىن تەنلىرىڭ
قىزىلگۈل كېچىدەك يەلپۈنگەن چېچىڭ
يۆگەپتۇ قاردەك ئاق ئەمچەكلىرىڭنى

قار قوۋۇق
قار قوۋۇق سىرتىدا قارغا كۆمۈلگەن
ئىككى كۈمۈش جام
قار روجەك
قار روجەك ئىچىدە ئىككى قىزىلگۈل
ئىككى قىزىل شام
ئۆزىنى ئۆرتەپ تۈگىدى تامام
سۈمۈرۈپ تۈگەتتىم ئوتتەك شارابىنى
جىرىڭلاپ تۇرىدۇ ئىككى كۈمۈش جام
چۈشەندىم ، ئاق كۆكسۈڭ شېرىن تەنلىرىڭ
يازنىڭ ئوتىدەك
باھار تىنىقىدەك
قۇچىقىمغا تاشلىنىدۇ تەڭ
قۇياش ھەرىلىرى
تۈن شارابىغا ئۆزىن ئاتقاندەك
بولىسەن پارىسىنىڭ ئىرەمبېغىغا
قايتىپ بارغاندەك

شىرازدا مىڭ يىللاپ ياشايسەن ئەي ، تەن
قىزىلگۈل تەنلىرىڭ ھەسەل ياكى قەن

## كۈز كۈنلىرى

ئېلىپ كەلدىڭ سۇ ، شاراب ، ئاشلىق

چەكسىز كەتكەن كۈزنىڭ قوينىدا
يوپۇرماقلار ئۇخلار زېمىندا

مەي باغلىشىپ پىشتى مېۋىلەر
چىقارماستىن ھېچبىر ئۈن - سادا

شىتىرلايدۇ كۈمۈش ئورغاقلار
مول ھوسۇلغا تولغان يايلاقلار

كۈز سۇلىرى ئۆرلىدى كۆككە
مېۋىلەرگىچە
پىشقان مېۋىلەر ئوخشار ئەمچەككە

كۈز
مول ھوسۇلنىڭ سېۋىتى
جەننەت سېۋىتى
مېۋىلەرگە تولغان لىقمۇلىق
كېسەل كارىۋىتىغا پۈتكەن ئەرەبلەر
ياكى دەريالار
مەڭگۈلۈك يېزىق

چۈشلىرىدە كۆيلەيدۇ بېلىق
سەھرا ۋە كەنتلەر
سۇ ئايرىلدى شەكلىدىن
ئايرىلدى ھەم قولىدىن
ئەكس سادا
مول ھوسۇلغا تولغان جۈپ سېۋەت
بىر - بىرىگە ئوخشار نىھايەت
قول بىلەن ئەمچەك

## چىراغ

چىراغ ئۈستىدە ئولتۇردۇق
نۇرلارغا تولۇپ
چۈشىمىزدە گىرەلەشتى بىلەكلەر
بۇغدايلىقتا ئۇچۇپ كەتتى بىزنىڭ داستىخان
بىز ئولتۇرغان چىراغنى چاقىردى چولپان

چىراغ يېلىنجار
گۈزەل ، ئىللىق ھەمدە سارغۇچ قار
توي قىزنىڭ ئالتۇن چېچىنى
يېپىنىپ ياتار

(چىراغ
تەنھا بىر ئۆزۈڭ
ھەم يالڭاياغ
غىل - پال كۆرۈپ قالمىز ھەرۋاق)

سېنىڭ ئىسمىڭ قولۇمدا
چىراغ

چىراغ
ئاي ئۈستىدە يانغان كۆز
ھەم يۈرەك

چىراغ
جىلغىلارغا مۆكۈنگەن
شامالدىكى
چوققىدىكى بوغدايلىقتا مۆكۈنگەن

ئەي ، چىراغ
بوغدايلىقتا ئۈچۈپ كەتتى ، بىز
چۈش كۆرگەن ئۆيلەر
سۆيگۈ ئىزھار قىلغان جام
شىرە ئۈستىدە
يېلىنغان ھەم ۋەدە بەرگەن لەۋ
شۇ يانغان چىراغ

چىراغ
زەررە ـ زەررە گۈزەللىك
ئىللىقلىق
بىر ئىسىم
مېنىڭ سىرلىرىم
يېڭى كېلىنچەك
شۇ يانغان چىراغ

چىراغ
ئەتىكى قاردىكى يېڭى كېلىنچەك
ھۇجرىسىدا ئولتۇرار تەنھا
سەن نېچۈن يالاڭاياغ
چىقىرىپ قىزىل بارماقلىرىڭنى
توي كۈنىنى قىلدىڭغۇ يىراق

## كېچە ناخشىسى

شوتىدىكى كېچە ناخشىسى
جەننەتتىكى كېچە ناخشىسى
كېچە ناخشىسى كۈيلىدى مېنى
تاشلاپ قويۇپ ئاقيانى،
سىزىپ چىقتىم يانباغرىنى
قۇياش قويۇپ قويدى ئاقيانى
كېچە سىزدى يانباغرىنى

بىر توپ گاچا
بېشىدا زىندان
كىيىۋېلىپ كىشەن ۋە ئوتنى
يانباغرىدا ئولتۇرار ئاخشام
بىر توپ گاچا
تۇرار كېچە ناخشىسىن توۋلاپ
ئېيتقىنى مېنىڭ كېچە ناخشام

مېنىڭ كېچە ناخشام بۇ
ئاشۇلارنى كۈيلىگەن
كېچىلەرنى كۈيلىگەن
ئاشۇ سىرلىق ئوتۇننى
جەننەتتىكى ئوتنى كۈيلىگەن
كېچە شۇنچە ياش ھەمدە سىرلىق
ئوخشار ئازاب ـ كۈلپەت ئوتىغا
ئوخشار ئازابىنىڭ قارا ئوتىغا
ئۆزىنى ئۆزى كۆرمەيدىغان ئوت
كېچىدىكى ناخشام بۇ مېنىڭ

كىمنى كېچە قۇچاقلاپ مەھكەم
ئولتۇرىدۇ كېچە تەكتىدە
كۆيمەكتە ئۇ بولۇپ قاپقارا

كىمنى كېچە قۇچاقلاپ مەھكەم
ئولتۇرىدۇ شۇقەدەر قىزغىن
ئولتۇرىدۇ ئۆرتىنىپ كۈلدەك
ماڭا ھەيران بولۇپ قارايدۇ
كېچىدىكى ناخشام بۇ مېنىڭ

جەننەت ئارا ئولتۇرۇپ
شوتىلاردا ئولتۇرۇپ
باقار چەكسىز يايلاقتا
قايسى شاھقا مەنسۇپ ئۇ
ئاتلار
قويلار
ئالتۇن ئۈچلۇق ئوقيالار
چەكسىز كەتكەن چېدىرلار
شۇنچە قاقاس ، شۇنچىلىك غېرىب
كۈيلەر مېنىڭ كېچە ناخشامنى

(خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى نەشر قىلغان «خەيزى شېئىر-
لىرى» ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى.)

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**



# يازغۇچىلار دۇردانىلىرىدىن

ئەركىن ئەھمەت

قاتتىق تەگكەن ئەدەبىي تەنقىد جاراھەت پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بىراق، مەن شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، ئەگەر تەنقىدچى مېنىڭ ئەسىرىمگە جىددىي تەرىزدە قارىمىغان بولسا بەلكى ئۇ بۇنچە كۆپ زېھنى ئەسىرىمگە سەرپ قىلمىغان بولاتتى.

— **جون راك** (1996 ـ يىلى) ①

ئەگەر بىر يازغۇچىنىڭ تەنقىدنى قوبۇل قىلغۇدەك غەيرىتى بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇ يازغۇچى بولۇشتىن سۆز ئاچمىسىمۇ بولىدۇ.

— **دانىل بونسكات** (1971 ـ يىلى)

پەقەت ئاۋاملا بىردىنبىر دانا تەنقىدچى بولالايدۇ. كۆرمەيۋاتامسىز، ئۆزلىرىنى ئەقىللىق چاغلايدىغان نۇرغۇنلىغان مۆتىۋەرلەر تېخى ئىككى ئەسىر ئىلگىرىكىگىچە شېكسپىرنى مەنسىتمەي كەلگەنىدى. بىراق، شېكسپىر ئەسەرلىرىنىڭ تاكى ھازىرغىچە كەڭ ئوقۇرمەنلىرى تۇرمامدۇ؟

— **مارك تېۋىن** (1924 ـ يىلى)

ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە تا ھازىرغىچە بىر ئەسەرنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقىنى ئۆلچەيدىغان مۇكەممەل بىر ئۆلچەم بولغان ئەمەس.

— **ئاندىنبورىس بىس** (1909 ـ يىلى)

ئوبزورچىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم مەجبۇرىيىتى ياخشى ئەسەرلەرنى ئاۋامغا تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ شۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇش ھەۋىسىنى قوزغاشتىن ئىبارەتتۇر.

— **مارى گاردون** (1980 ـ يىلى)

بىر ھەقىقىي ئوبزورچى پۈتۈن زېھنىنى ئەسەرنىڭ يېتەرسىزلىك تەرەپلىرىگە ئەمەس، بەلكى ئەسەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا قارىتىشى، ئەسەرنىڭ ئىچكى گۈزەللىكىنى بايقىشى ھەم پۈتۈن جاھانغا بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى تونۇتۇشى كېرەك.

— **يۇسۇف ئىدىسون** (1712 ـ يىلى)

نۇرغۇنلىغان ئوبزورچىلار خۇددى تۆمۈر تۇمشۇقىغا ئوخشاش دەرەخنىڭ مېۋە ۋە سايىسىدىن ھۇزۇرلانماي، ئەكسىچە دەرەخ قوۋزاقلىرىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى چوقۇلاپ، تۆشۈك تېشىپ يۈرۈپ ئۇششاق خاتالىقلار ياكى باشقا نەرسىلەرنى ئىزدەيدۇ.

— **نرى ھوزىرست** لانفرو (1981 ـ يىلى)

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كەڭ ئوقۇرمەنلەر قاتلىمىغا ئېرىشكەن يازغۇچىلارلا كۆپىنچە شۇنچە قاتتىق ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ.

— **مارك لاند** (1983 ـ يىلى)

نۆۋەتتە، ئامېرىكىدا پروزا ئىجادىيىتىگە تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامداپ كېتىۋاتقان 100 گە يېقىن خېلىلا مەشھۇر يازغۇچى بار. ئەمما، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئاشۇ يازغۇچىلارغا يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلىنغان تەنقىدىي ماقالىلەرنى ساناپ باقساق، ئۇنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەيران قالىمىز. بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلسە پەقەت بىرلا سەۋەبى بار، ئۇ بولسىمۇ «ھەسەت قىلىش»تۇر.

— **ئېرىك جونس** (1986 ـ يىلى)

نەزەرگە ئېلىنماسلىق بىر ناچار تەنقىدتىنمۇ ناچار بولغان بىردىنبىر بىئەپ ئەھۋالدۇر.

— **شوردو ۋېتمان** (1982 ـ يىلى)

---

① يىلنامىلەر بۇ ئۇزۇندىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ.

مەن ئەسەرلىرىمنىڭ تەنقىد قىلىنغان تەقدىردىمۇ نەزەرگە ئېلىنماسلىقىنى خالىمايمەن . بىر يازغۇچىغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ ھاقارەت ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېلىشتۇر.

— **سايىر جونسون** (1791 - يىلى)

مەن ئەزەلدىن ماڭا قارىتىلغان تەنقىدكە قارىتا ئۆزۈمنى ئاقلاشنى ئويلاپ باقمىدىم . تەنقىدكە قارشى ماقالە يېزىش پەقەتلا دۈشمەنلىرىمىزگە پايدىلىق ئىش ، خالاس.

— **فىير موسكوۋىچ** (1990 - يىلى)

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى ، سىزنىڭ كىتابىڭىز مۇۋەپپەقىيەت قازانغان چاغدا ، ئەسلىدە مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن كىتابىڭىزغا ئوبزور يازمىغان ئوبزورچىلار بەش يىلدىن كېيىن سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا «مەن ئەينى ۋاقىتتا سىزنىڭ كىتابىڭىزنى قانچىلىك ياقتۇراتتىم - ھە!» دېيىشمەي قالمايدۇ.

— **دورىس راسسىن** (1984 - يىلى)

ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ئەدەبىيات ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ، ھېس - تەسىراتلىرى ، شۇنداقلا ھېسسىياتىنى تارقىتىش ۋاستىسىدۇر . مەيلى ئۆتمۈشتە ، ھازىر ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن بىز ھامان ئەدەبىيات ئارقىلىق باشقىلارغا قانداق ياشاشنى ، تۇرمۇشنى قانداق ھېس قىلىشنى ۋە قانداق پىكىر يۈرگۈزۈشنى بىلدۈرەلەيمىز.

— **جامىس فايلىر** (1976 - يىلى)

ئۇرۇشتىن كېيىن (2 - دۇنيا ئۇرۇشىنى دېمەكچى) نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار زېھنىي كۈچىنى يەككە شەخسلەر تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تېمىلارغا قاراتتى . ئىلگىرىكى يازغۇچىلارغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى تولىمۇ تار ، بېكىنمە ئىچىگە كىرىپ قالغاندى.

— **ۋان ئېلون بولاند** (1967 - يىلى)

بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر يازغۇچىلىرىمىز بولسىمۇ ، بىراق ئۇلار ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۇرمۇشىغا ھېچقانچە ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلەلمىدى . ئۇلار پەقەت قەغەز بوياش ئۇچۇنلا يېزىقچىلىق قىلىشتى.

— **نورمان مىللىر** (1998 - يىلى)

پەقەت يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ، ئۇزۇن مۇددەتلىك پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانى ئارقىلىقلا بۈيۈك ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

— **ھورنىس بارگوخوت**

مەن بەزى ئاتالمىش يۇقىرى قاتلام زىيالىيلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن پەقەت ئاز سانلىق يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلەرلا ھۇزۇرلىنالايدۇ ، دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىسام ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتىمەن . ھېكايە ئاڭلاش خۇددى كىشىلەر مۇزىكىدىن ھۇزۇرلانغاندەك ئىنساننىڭ تەبىئىي ئېھتىياجى بىلەن باغلىنىپ كەتكەن . بىزنىڭ نۆۋەتتە بۇ مەسىلىنى تونۇۋېلىش ھەم تېخىمۇ كۆپ ھېكايە ئاڭلىغۇچىلارنى يېنىمىزغا تارتىش مەجبۇرىيىتىمىز بار.

— **سكوت توللىر** (1997 - يىلى)

پروزىچىلىقتەك دەۋرىمىز تۇرمۇشىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان يەنە بىر ئۇسۇل بولمىسا كېرەك.

— **فرانكا نورىس** (1903 - يىلى)

جودى كىلانىزنىڭ ھېكايە - رومانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ 3 مىليون دوللار تاپقانلىقىنىڭ ئۆزىلا ھېكايە - رومانچىلىقنىڭ دەۋرىمىزدە ئۆلمىگەنلىكىنى ، بەلكى تېخىمۇ گۈللەپ - ياشناۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

— **ئېرىك جون** (1986 - يىلى)

ھېكايە - رومان ھازىرغىچە بولغان ئىنسانىيەت ئىجادىيەتلىرى ئىچىدە ئەڭ ئىنچىكە ، نازۇك ، سىپتا ياسالغان ، ئىنسانلارنىڭ ئۆز - ئۆزىگە توۋا قىلىدىغان ۋە ئۆزىنى نۇرلاندۇرۇپ ، كۆز - كۆز قىلىدىغان ماشىنىدۇر.

— جون **ئېردەيك** (1991 - يىلى)

ئەگەر سىز ئۆزىڭىز تۇرۇۋاتقان دەۋرىڭىزنى چۈشەنمەكچى بولىدىكەنسىز ، ئۇنداقتا سىز شۇ دەۋردە يېزىلغان ھېكايىلەرنى كۆرۈڭ . ھېكايە مۇھىتىدا ھەممە كىشى يۈزلىرىگە نىقاب تارتىشىۋېلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى كەڭ - كۇشادە بايان قىلىشىدۇ.

— **ئارتور خىرپوس** (1983 - يىلى)

يازغۇچىلارنىڭ رازۋېدكىچىلار بىلەن بەزى ئورتاقلىق تەرەپلىرى بار . ھەر ئىككىلىسىلا ئۆز ئەتراپىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى كۆزىتىدۇ ، ئوغرىلىقچە ئاڭلايدۇ . ئۇلار ۋەقەلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ھەققىدە ئىزدىنىدۇ . پېرسوناژلارنىڭ ماھىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئانالىز قىلىدۇ ، ئەدەبىيات ئۇچۇن ئۇلار ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايدۇ.

— **گېرئىم گېرىن** (1980 – يىلى)

ھېكايە – رومان بىزگە ئىنتايىن چۈشىنىكسىز بولغان ، مۇرەككەپ كۆرۈنگەن ھادىسىلەر ئىچىدىن ھەقىقەتنى ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

— **چىس ئەيمىر ۋىنىست** (1973 – يىلى)

مەن بىر ئېسىل پروزا ئەسىرىنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئۆلچىمى «يازغۇچىنىڭ بۇ ئەسەردە مۇكەممەل بىر سەنئەت دۇنياسىنى ۋە جانلىق ئىنىدىۋىدۇئاللىقى تولۇپ تۇرىدىغان پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتالىغان – يارىتالمىغانلىقىدا بولۇشى كېرەك» دەپ قارايمەن ھەم شۇنداق مەنزىلگە يېتەلىگەن پروزا ئەسەرلىرىدىن بەكمۇ ھوزۇرلىنىمەن.

— **جامىس مىچىرنا** (1978 – يىلى)

بىر ياخشى رومان خۇددى سېھىرلىك بىر ئۇچار گىلەمگە ئوخشايدۇ . بىز ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ رېئال ھاياتتا كىرىشكە نېسىپ بولمايدىغان بىر يېڭىچە دۇنياغا كىرەلەيمىز.

— **كارولىن گاردون** (1964 – يىلى)

پىشقان يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلى خۇددى يول بەلگىسىنى لايىھىلەش خىزمىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ . ئۇ پەقەت: «كېلىڭلار ، مېنىڭ دۇنيايىمغا كىرىپ كۆرۈپ بېقىڭلار ، مەندىكى تىلسىماتنى ھېس قىلىپ بېقىڭلار ، مەن پەقەتلا سىلەرنىڭ يول باشلىغۇچىڭلار» دەيدۇ ، خالاس.

— **لارى كىن**

ھازىرقى زامان پروزا ئەسەرلىرىدە ساقلىنىۋاتقان بىر مەسىلە شۇكى ، پروزا ئەسەرلىرىدە بىزنىڭ بىلىشىمىز ھەم چۈشىنىشىمىزگە ئەرزىمەيدىغان پېرسوناژلارنىڭ تولۇپ كەتكەنلىكىدۇر . بۇ پېرسوناژلار بىزنىڭ ئېڭىمىزغا كىرىپ – چىقىپ تۇرسىمۇ ، بىراق قەلبىمىزدە قىلچىلىك داۋالغۇش قوزغىيالمايدۇ.

— **نورمان كارزىنس** (1981 – يىلى)

ئەگەر پروزا ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلار ئوقۇرمەنلەر بىلەن ھېسسىيات ئورتاقلىقى پەيدا قىلالمىسا ، ئۇنداقتا پروزا ئەسەرلىرى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

— **ئانتون تېرلوف**

بىر يازغۇچى ھېكايە يېزىۋاتقاندا ، ئۇ گۆشى ۋە قېنى بار جانلىق بىر ئادەمنى يارىتىشى ، ھەرگىزمۇ پېرسوناژ يارىتىپ قويماسلىقى كېرەك . چۈنكى ، پېرسوناژ پەقەت جانلىقلىقى بولمىغان سۇرەتتۇر.

— **ئېرنىست ھېمىڭۋاي** (1932 – يىلى)

سىز پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا ، بايان قىلىۋاتقان ھېكايىڭىزدىكى پېرسوناژلار بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشىڭىز ، ھەر ۋاقىت ئۇلارنى ئويلاپ تۇرۇشىڭىز ھەم ئۇلارنى ئوخشاش بولمىغان مۇھىت ، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا دۇچار قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈشىڭىز ، بۇنداق ياكى ئۇنداق تەسىر ۋە بېسىم قىلغىنىڭىزدا ، بۇ پېرسوناژلىرىڭىزنىڭ قانداق ئىنكاستا بولىدىغانلىقىنى كۆزىتىشىڭىز ھەم بۇنداق گەۋدىلەندۈرىدىغان ، ئۇلارنى سىنايدىغان مەيداننى تەپسىلىي تەسەۋۋۇرىڭىزدىن ئۆتكۈزۈشىڭىز كېرەك . سىز نەچچە ھەپتە ياكى نەچچە ئاي مۇشۇنداق قىلغىنىڭىزدىن كېيىن ، ئىجادىيەتكە كىرىشىپ ياراتقان پېرسوناژلىرىڭىزنىڭ تۇرمۇشتىكى جانلىق ئوبرازلار ئىكەنلىكىگە ئوقۇرمەنلەرنى ناھايىتى ئاسانلا ئىشەندۈرەلەيسىز . چۈنكى ، ئۇلار سىزگە نىسبەتەنمۇ ئەسلىدىنلا جانلىق پېرسوناژلار ئىدى.

— **مارلون ئېردىۋات** (1942 – يىلى)

مەن ئەسىرىمنىڭ كىشىلەر ئوقۇماي ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ دەپ قارىغان قىسىملىرىنى قىسقارتىپ باردىم.

— **ئېمور لونناد** (1985 – يىلى)

بىر كىتابنىڭ بازىرى چىققاندا ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇنى ياقتۇرۇپ ئوقۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئاسانلا تېپىپ چىققىلى بولىدۇ . ئەمما ، كىتاب سودا جەھەتتىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن ئىلگىرى بولسا ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ پوزىتسىيىسى ھامان سىرلىق ، ئېنىقسىز ۋە پەرەز قىلغىلى بولماسلىق ھالەتتە بولىدۇ.

— **ئېرزابىت خادۇېك** (1960 – يىلى)

يازغۇچىلار بۇ دۇنيادىكى كەسپىي بىلىم ھازىرلىمىغان ۋە نادان كىشىلەرنىڭ باھالاشلىرىغا رايىشلىق بىلەن بويسۇنىدىغان بىردىنبىر ھۈنەرۋەن ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى ، بىر تاشقى كېسەل دوختۇرى ئەزەلدىن كېسەلخانىغا يېڭى كەلگەن بىر تېببىي ئوقۇغۇچىنىڭ ۋايساشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرمايدۇ ھەم ئوپېراتسىيە پىچىقىدا جان بەرگەن كېسەللەرنىڭ ئەيىبلەشلىرىگىمۇ قۇلاق سالمايدۇ.

— **جون ئۇۋۋىن** (1943 – يىلى)

تەھرىرلىگۈچى: **ئىمىرھەسەن مەخمۇت**



# مېنىڭ ئوغلۇم قاتىل

( ھېكايە )

**مالامۇد** (ئامېرىكا)

**ئەركىن نۇر** تەرجىمىسى

ئۇ ئوغۇل ئويغاندى ، ئاتىسى دالاندا ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى تىڭشاپ تۇرغاندەك قىلاتتى . ئۇ ، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئوغلىنىڭ ئۇخلاشلىرى ، چۈش كۆرۈشلىرى؛ ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ شىمىنىڭ ئېغىنى سىلاشلىرىغىچە ئىنچىكىلەپ تىڭشايتتى . ئۇ ئاياغ كىيمىگەن ، ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ تاماقمۇ يېمەيتتى؛ كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ ئەينەككە قارايتتى ، تەرەت قاچىسىغا مىنىپ بىر سائەتچە ئولتۇرۇپ ، شاراق ـ شۇرۇق قىلىپ ئاللىقانداق بىر چۈشىنىكسىز كىتابنى ۋاراقلايتتى . ئۇ دەھشەت ئازابلىناتتى ، تەنھالىق ـ غېرىبلىق ھېس قىلاتتى . ئاتىسى دالاندا ، ئوغلى ئۇنىڭ ئوغرىلىقچە تىڭشاپ تۇرغىنىنى ئاڭلاپ قالدى.

ئوغلۇم يات ـ يوچۇنلا ئادەمگە ئوخشاپ قالدى ، ئۇ ماڭا ھېچقانداق ئىچ گېپىنى دېمەيدۇ.

مەن ئىشكنى ئاچتىم ، ئاتام دالاندا تۇرۇپتۇ . سەن نېمىشقا ئۇ يەردە تۇرۇۋېرىسەن؟ نېمىدەپ ئىشقا بارمايسەن؟

مەن بۇ يىل قىشىچە دەم ئالىمەن ، بۇرۇنقىدەك يازدا ئەمەس.

سەن ۋاقتىڭنى قاراڭغۇ ، دىمىق دالاندا مېنىڭ ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكىتىمنى كۆزىتىش ئۈچۈنلا سەرپ قىلىۋاتىسەن ، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئۆزۈڭ چۈشىنەلمەي يۈرگەن ئىشلارنى بىلگۈڭ كېلىپ . سەن نېمىشقا ھە دېسە مەن بىلەنلا كىرىشىپ قالىسەن؟

ئاتام ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى ، بىرئاز ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا يەنە دالانغا چىقىپ تىڭشىغىلى تۇردى.

مەن بەزىدە ئۇنىڭ گەپ قىلىۋاتقىنىنى ئېنىق ئاڭلاپ قالاتتىم ، ئەمما ئۇ ماڭا قىلغان گەپلەر ئەمەس ئىدى ، ئاتامنىڭ نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغىنىنى زادىلا ئۇقمايتتىم . بۇنداق ئىشلار ئاتامنى قىيناپ چىدىغۇچىلىكىنى قويمىغانىدى . بەلكىم ھامان بىر كۈنى ئۇ ماڭا خەت يازار ، مېنىڭ سۆيۈملۈك ئاتام...

مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇم قەيەردە ، ئىشىكىڭنى ئاچ ، ئوغلۇم . ئوغلۇم جىنايەتچىگىلا ئوخشاپ قالدى.

ئايالىم قاق سەھەر ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ، ئۇ ئەرگە تېگىپ كەتكەن قىزىمىزغا ھال ـ مۇڭ بولغىلى كەتتى ، قىزىمىز تۆتىنچى بالىسىنى يەڭگىش ئالدىدا تۇراتتى . ئاپىسى ئۇنىڭ ئورنىدا كىر ـ قاتلارنى يۇيۇپ ، ئۆيلەرنى تازىلاپ يىغىشتۇرىدۇ ، يەنە تېخى ئۇنىڭ ئۈچ بالىسىنى بېقىپ بېرىدۇ . قىزىمىزنىڭ قورساق كۆتۈرۈشى نورمال ئەمەس ئىكەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قان بېسىمى بار ، كۆپىنچە ۋاقتى كارىۋاتتا يېتىش بىلەنلا ئۆتىدۇ . دوختۇر شۇنداق قىلسۇن دېگەن . ئايالىم ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۆيدە يوق ، ئۇ خارىيدىن بىرەر چاتاق چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ يۈرەكلىرى سۇ . يازدا ئوقۇش پۈتتۈرگەنلىكىياقى ئۇ نە باشقىلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشمىدى ، نە گەپ ـ سۆزمۇ قىلىشمىدى ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۆيدە پەرىشان ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان . ئەگەر سىز ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشماقچى بولسىڭىز ، ئۇ چىش يېرىپ بىرنېمە دېمەيدۇ ، سورىغىنىڭىزغىلا جاۋاب بېرىپ ، قالغان گېپىڭىزگە غۇدۇراپلا قويىدۇ . ئۇ گېزىت ئوقۇيدۇ ، تاماكا چېكىدۇ ، ئۆز ھۇجرىسىغا بېكىنىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان . ئېزىپ ـ تېزىپ بەزىدە تالا ـ تۈزگە چىقىپ كوچىلارنى ئارىلاپ قويىدۇ.

خاررىي ، كوچىنى ئايلىنىشىڭ كۆڭۈللۈك بولدىمۇ؟

ئايلاندىم ، شۇ.

ئايالىم ئۇنىڭغا خىزمەت تېپىش توغرۇلۇق نەسىھەت قىلدى ، ئۇمۇ بىرنەچچە مەرتەم ئىزدەپ باقتى ، شۇغىنىسى خىزمەت تېپىلغاندا ئۇ ئىشلىگىلى ئۇنىمىدى.

ئىشلىگۈمنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس ، روھىي ھالىتىمنىڭ ياخشى بولمىغىنىدىن.

ئۇنداقتا ، نېمە ۋەجىدىن روھىي ھالىتىڭ ياخشى ئەمەس؟

ماڭا روھىي ھالىتىم بەك ناچار تۇيۇلىدۇ ، ياخشى ئەمەس دېگەندىكىن ياخشى ئەمەس ، شۇ.

ئوغلۇم ، بىرەر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدىغاندۇ؟ دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقساڭ بولامدىكىن يا.

سىلەرگە دېگەن ، ماڭا ئۇنداق گەپلەرنى قىلىۋەرمەڭلار . بىر يېرىم ئاغرىمايدۇ .

ئەمىسە نېمە بولغىنى؟

سىلەر بىلەن پاراڭلاشقۇم يوق . ئۇ مەن قىلىشنى ئويلىغان خىزمەت ئەمەس ئىكەن.

ئۇنداقتا ، بۆلەك ئىش تېپىپ ۋاقتىنچە بولسىمۇ ئىشلەپ تۇرساڭ بولاتتى، دېدى ئايالىم ئۇنىڭغا . ئۇ غۇدۇڭشىدى.

ھەممىسى ۋاقىتلىققۇ شۇ . مەن نېمىدەپ ۋاقىتىنچە ئىشلەپ تۇرغۇدەكمەن؟ مەن بارغۇ ، ۋاقىتلىق ئادەم ، بۇ يىرگىنىشلىك دۇنيامۇ ۋاقىتلىق . راستىنى ئېيتسام ، مەن ۋاقىتلىق خىزمەتنى ئىشلىگۈم يوق . ماڭا مەڭگۈلۈك خىزمەت كېرەك . بىراق ، نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن؟ ئۇنى نەدىنمۇ تاپالايمىز؟

ئاتام ئاشخانا ئۆيدە گېپىمىزنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپتۇ.

مېنىڭ ۋاقىتلىق ئوغلۇم.

ئاپام ماڭا ، ئەگەر خىزمەت قىلسام روھىي ھالىتىمنىڭ ياخشى بولۇپ قالىدىغىنىنى ئېيتتى؛ مەن ئۇنىڭغا: «ئۇنداق بولۇشىمۇ تايىنلىق» دېدىم . بۇلتۇر 12 ـ ئايدا مەن 22 گە كىرگەندىم ، يەنىلا ستۇدېنت پېتى يۈرۈۋاتىمەن . مەندەك بىر ئادەمنى قايسى ئىشقا قويۇشنى ھەرقانداق ئادەم بىلىدۇ . كەچتە مەن تېلېۋىزوردىن خەۋەر پروگراممىلىرىنى كۆرىمەن ، كۈندە دېگۈدەك ئۇرۇش كۆرىمەن . ئۇ كىچىككىنە ئېكراندا ئېلىپ بېرىلىدىغان يالقۇنلۇق ئۇرۇش بولۇپ ، بومبىلار يامغۇردەك يېغىپ ، شىددەتلىك ئۇرۇش ئوتى ئاسمان ـ پەلەككە يېتىدۇ . بەزىدە بويۇمنى سوزۇپ بۇ بىر مەيدان ئۇرۇشنى ئالىقانلىرىم بىلەن سىلاپ كېتىمەن ، قوللىرىم غايىب بولغۇچە قاراپ تۇرىمەن.

قوللىرى يوقالغان ئوغلۇم.

مەن ھەرقاچان ھەربىي مەجبۇرىيەت بىلەن ئەسكەر بولسام ، دەپ ئويلايمەن . ھەربىي سەپكە ئەسكەر قوبۇل قىلىش چارىسى بىلەن مېنىڭ كارىم يوق . مەن كاناداغا ياكى مەن بارالايدىغان جايلارغا باراتتىم .

ئۇنىڭ مانا شۇ تۈرقى ئايالىمنى قورقۇتۇپ جىنىنى قويمايتتى . ئۇ ، قاق سەھەردە قىزىمىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۈچ بالىسىغا قاراپ بېرىشكە رازى ئىدى . مەن بۇ ئوغلۇم بىلەن ئۆيدە قالاتتىم ، بىراق ئۇ مەن بىلەن بىر ئېغىزمۇ گەپلەشمەيتتى .

سىز خارىرىيغا تېلېفون بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ قويۇڭ ، دەيتتى ئايالىم قىزىمىزغا.

— مەن ئۇنىڭغا قانداقلا بولسۇن تېلېفونغۇ بېرەمەن ، بىراق مەن بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىمىزدا توققۇز ياش پەرق بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ . مېنىڭچە ، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى يەنە بىر ئانا دەپلا قارايدۇ ۋە بىر ئانا بولغان ئادەم ئۇنىڭ ئىچىنى سىقىدۇ ، دەپ ئويلايدۇ . لېكىن ، ھازىر ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئادەم بىلەن تەڭ تۇرغىلى بولمايدۇ.

«قىزىمىزنىڭ قان بېسىمى بار ، ئۇ تېلېفون بېرىشتىن قورقىدۇ» دەپ ئويلىدىم مەن.

مەن ئىككى ھەپتىگىچە ئىشقا چىقمىدىم . مەن بىر خىزمەتچى ، پوچتىخانىدا ماركا ساتىمەن . مەن خىزمەت مەسئۇلىمىزغا مىجەزىمنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتقان ، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇنىسى راست ئىدى . «ئەمىسە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن دەم ئېلىڭ» دېدى ئۇ . «مەندە ئۇنداق ئېغىر كېسەل يوق» دېدىم مەن . ماڭا قىسقا ۋاقىتلىق رۇخسەت بېرىلىسىلا كۇپايە . ئەمما ، مەن ئاغىنەم . بېكمانىغا: «ئىشقا كەلمەيمەن ، چۈنكى خاررىي بەك خاپا قىلىپ كېتىۋاتىدۇ» دېدىم.

سېنىڭ مەقسىتىڭنى چۈشەندىم ، رىئو . مېنىڭ باللىرىممۇ مېنى پاراكەندە قىلىۋاتىدۇ . ئەگەر ، سېنىڭ ئىككى قىزىڭ بولۇپ ، بويىغا يېتىپ قالغان بولسا ياتلىق قىلماي بولاتتىمۇ؟ بىراق بىز داۋاملىق ياششىمىز كېرەك . نېمىدەپ بۇ ئازنا كۈنى كەچتە قارتا ئوينىغىلى بارمايسەن؟ بىز بىر خىل قىزىقارلىق قارتا ئوينايمىز . بۇنداق ياخشى دەم ئېلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويما يەنە!

ئازنا كېلىپ باقسۇن ، ئىشلىرىم ئوڭۇشلۇق بولامدۇ ـ بولمامدۇ ، ئەھۋالغا قاراپ بىرنەرسە دەرمىز . مەن ساڭا ئالدىنئالا چوڭ سۆزلەپ مەيدەمگە ئۇرالمايمەن.

كەلمەي قويمايدىغانسەن! سەۋرچان بولساڭلا بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتەر . مۇبادا ، يەنىلا ئويناپ تۇرغان ياخشى ئىكەن دەپ قالساڭ ، كەلگىن . ئۇنچىۋالا قىزىقىپ كەتمىسەڭمۇ كەلسەڭ بولىدۇ ، چۈنكى بۇ سەندىكى جىددىيچىلىكنى پەسەيتىدۇ ، ئىچ پۇشۇقىڭنى يەڭگىللىتىدۇ . سەن بۇ ياشقا كەلگەندىمۇ يەنە ئىچ پۇشۇقى تارتىپ يۈرسەڭ ، يۈرىكىڭ زەخىم يەيدۇ.

— بۇ ئەڭ يامان غەم ئىكەن . ئەگەر ، مەن ئۆزلۈكىمدىن غەم تارتقان بولسام ، نېمىشقا غەم قىلىدىغىنىمنى ۋە غېمىمنىڭ نەدىلىكىنى بىلگەن بولاتتىم ، ئەمما بۇ غەمنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ . رىئو ، ئەخمەق ، مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم شۇنداق ئېيتىمەنكى ، بىھۇدە غەم قىلما ، نېمىگە غەم قىلىسەن؟ بىرنەچچە دوللار ئۇچۇنمۇ؟ غەم ـ ئەندىشىلەر بېشىمغا بالا بولدى ، ئىچىم دەرد ـ ئەلەم بىلەن تولۇپ كېتەرمۇ؟ غەم ـ قايغۇ ئىچىدە 60 قا ئۇلىشاي دەپ قالغان مەندەك بىر دەردمەن ئادەم كەينىگە يېنىپ ياشىرىپ قالاتتىمۇ؟ ئادەم 59 غا كىرىپ يەنىلا ئۆلمەي قالسا 60 قا كىرىدۇ . ۋاقىت بىلەن بەسلەشكىلى بولمايدۇ . بىراق ، باشقىلار ئۇچۇن غەم يېيىش بەك يامان ئىش ئىكەن . مانا بۇ ھەقىقىي غەم ـ قايغۇ ئىكەن ، چۈنكى ئۇ ساڭا ئىچىدىكىنى يا ئېيتمايدىكەن ، يا سەن ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىپ چىقالمايدىكەنسەن . قانداق قىلغاندا غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس بولغىلى بولىدىغىنىنى بىلەلمەيدىكەنسەن . سەن غەم تارتقانچە غەم باسىدىكەن.

شۇڭا ، مەن دالاندا تۇرۇپ كۈتىمەن.

خاررىي ، ئۇرۇشتىن بۇنچىلىك ئەنسىرەپ كەتمە.

ماڭا ، ئۇنىڭدىن ياكى بۇنىڭدىن ئەنسىرىمە دەپ يۈرمىسەڭلارچۇ.

خاررىي ، ئاتاڭ سېنى سۆيىدۇ . كىچىك ۋاقتىڭدا مەن ھەر كۈنى كەچتە ئۆيىمىزگە قايتاتتىم ، سەن ئالدىمغا يىلتىڭلاپ چىقاتتىڭ . مەن سېنى ئىككىدە كۆتۈرەتتىم ـ دە ، بېشىمدىن ھالقىتىپ تورۇسقا ئاتاتتىم . سەن بۇدۇرۇقىنە قوللىرىڭ بىلەن تورۇسنى تۇتۇۋېلىشقا ئامراق ئىدىڭ .

بۇنداق گەپنى تولا دەۋەرمىگىنە ، يەنە ئاڭلىغۇم يوق . كىچىك ۋاقتىمدىكى ئىشلارنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئەمەسمەن.

خاررىي ، بىز يات ـ يوچۇن ئادەمدەك ياشاۋاتىمىز . مېنىڭ ئېيتقىنىم ، ئېسىمدە قېپقالغان ئاشۇ گۈزەل كۈنلەر . ھېلىھەم ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ ، بىز شۇ چاغلاردا بىر ـ بىرىمىزگە بولغان سۆيگۈ ھېسسىياتىمىزنى ئاشكارىلاشتىن قورقمايتتۇق .

ئۇ ئېغىزنى يۇمدى.

ساڭا تۇخۇم پىشۇرۇپ بېرەي.

تۇخۇم ، مەن ئۇنىڭدىن ئەڭ ھۆ بولۇپ كەتكەن.

ئۇنداقتا ، ساڭا نېمە قىلىپ بېرەي؟

ئۇ ئۇچىسىغا پىلاش ، بېشىغا شىلەپە كىيدى ـ دە ، بىنادىن چۈشۈپ كوچىغا چىقتى.

خاررىي ساھىل باغچا كوچىسىنى بويلاپ كېتىپ باراتتى ، ئۇچىسىدا ئۇزۇن پەلتو ، بېشىدا پۇرلاش كەلگەن قوڭۇر شىلەپە . ئاتىسى ئۇنىڭ ئىچىنى سىقىپ ، ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلەتتى.

ئۇ چوڭ كوچىدا ئىتتىك ـ ئىتتىك چامدايتتى . بۇرۇن بۇ پىيادىلەر يولى بويىدا ئات ـ ئۇلاغ يولى بولىدىغان؛ ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئورنىغا ۋېلسىپىت يولى ئالماشقانىدى . دەل ـ دەرەخلەر تېخىمۇ شالاڭلاپ قالغان بولۇپ ، قاپقاراڭغۇ شاخلىرى قۇياشسىز ئاسمانغا بوي سوزۇپ تۇراتتى . ئۇ ، 10 ـ كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ، دەل كۈننى ئارىلىغا يېقىنلا جايدا كوچىدىن ئۆتۈپ ، ئۆيگە قاراپ يول ئالدى . ئۇ ، ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ تۇرسىمۇ ، ئاتىسىنى ئەتەي كۆرمەسكە سالغان ۋە يولدىن كېسىپ ئۆتكەنىدى . ئاتىسى كوچىدىن ئۆتۈپ ، ئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆيگە قايتىپ ماڭدى . ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە ، خاررىينىڭ ئاللىقاچان بىناغا چىقىپ بولغىنىنى جەزملەشتۈردى . دەرۋەقە ، ئۇ ئۆيدە ئىكەن ، ئىشىكنى ياپتى . ئۇ ، ئۆيدە يەنە بۇرۇنقى قىلغان ئىشلىرىنى قىلغىلى تۇردى.

رىئو كىچىككىنە ئاچقۇچنى چىقىرىپ ، خەت ساندۇقىنى ئاچتى . ئۈچ پارچە خەت تۇرۇپتۇ . ئوقۇپ بېقىشقا ئالدىرىدى ، ئۇنىڭ بىرەرسى ئوغلى ئۇنىڭغا يازغان خەت بولۇپ چىقامدۇ تېخى! سۆيۈملۈك ئاتا ، مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈمگە ئىجازەت بەرسىڭىز . مېنىڭ ئۇنداق قىلىشىمدىكى سەۋەب... بۇنداق خەت يوق ئىكەن . خەتنىڭ بىر پارچىسى پوچتىخانىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر خەير ـ ساخاۋەت ئۇيۇشمىسىدىن يېزىلغانىكەن ، بۇنى چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى . قالغان ئىككى پارچىسى بولسا خاررىيغا كەلگەن خەتلەر ئىكەن . ئۇنىڭ بىر پارچىسى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىش ئىدارىسىدىن كەپتۇ . ئېلىپ بىناغا چىقتى ، ئوغلىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ چەكتى ـ دە ، كۈتۈپ تۇردى.

ئۇ خېلىغىچە كۈتتى.

ئوغلىنىڭ غۇدۇراشلىرى ئاڭلاندى ، «ساڭا ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىش ئىدارىسىدىن خەت كەپتۇ» دېدى ئۇ . ئۇ ، ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى بىر تولغاپ ئاچتى ـ دە ، ئۆيگە كىرىپ كەلدى . ئوغلى كۆزلىرىنى يۇمغان پېتى كارىۋاتتا ياتاتتى.

ئۈستەلگە تاشلاپ قوي.

مەن ساڭا ئېچىپ بېرەيمۇ ، خاررىي؟

www.uyghurkitap.com



ياق ، سەن ئاچما ، ئۈستەلگە قويۇپ قوي . مەن خەتتە نېمىلەرنىڭ يېزىلغىنىنى بىلىمەن.

سەن يەنە ئۇلارغا خەت يازغانمىدىڭ؟

ئۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشى .

ئاتىسى خەتنى ئۈستەلگە قالدۇرۇپ قويدى.

ئوغلىغا كەلگەن يەنە بىر پارچە خەتنى بولسا ئېلىپ چىقىپ كەتتى ، ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ ئىشكنى تاپتى ، قازاندىكى سۇ قايناۋېرىپ ئاز قالغانىدى . ئۇ شۇنداق ئويلايتتى: ئاۋۋال خەتنى دەررۇ بىر قۇر ئوقۇي ، ئوقۇپ بولۇپ يەنە ئىنچىكىلەپ يەملەپ قوياي ، ئاندىن بىنادىن چۈشۈپ يەنە خەت ساندۇقىغا ياندۇرۇپ سېلىۋېتەي . ئايالىم قىزىمىزنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىشىدە ، خەت ساندۇقىنى ئاچىدۇ ، ئاندىن ئۇ خەتنى ئېلىپ چىقىپ خاررىيغا بېرىدۇ.

ئاتىسى خەتنى ئوقۇشقا كىرىشتى . تولىمۇ قىسقا يېزىلغانىدى . ئۇ قىز خېتىدە ، خاررىينىڭ ئالتە ئاي بۇرۇن ئۆزىنىڭ كىتابىنى ئوقۇۋالاي دەپ ئارىيەت ئالغىنىنى ، بۇ ئىككى كىتابنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ قايتۇرۇپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلىدىغىنىنى ئېيتقانىدى . ئۇ كىتابلارنى بالدۇرراق قايتۇرغۇزۇۋەتسە ، ئۇ قىزنىڭ يەنە خەت يېزىپ يۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى.

رئو قىزچاقنىڭ خېتىنى ئوقۇۋاتقاندا ، خاررىي ئاشخانا ئۆيگە ئۇسسۇپلا كىردى . ئۇ ، ئاتىسىنىڭ چىرايىدىكى چۆچۈش ۋە ئوڭايسىزلىنىش ئالامەتلىرىنى كۆردى ـ دە ، ئۇنىڭ قولىدىكى خەتنى شارتتىدە تارتىۋالدى.

ماڭا بۇنداق سەت ئالىيۋەرمە ، بوغۇزلىۋەتمەي سېنى يەنە.

رئو ئارقىغا بۇرۇلدى ، چىقىپ كېتىۋېتىپ ئاشخانا ئۆينىڭ كىچىككىنە كەلگەن دېرىزىسىدىن قاپقاراڭغۇ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا قارىدى . ئۇنىڭ يۈزلىرى ئوتتەك كۆيۈشۈپ ، يىرگىنىش ھېس قىلدى .

خاررىي خەتكە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپلا يىرتىپ تاشلىدى ، ئۇنىڭ يىرتىپ تاشلىشى ، بۇنىڭ ئانچىكىم يېزىلغان خەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى .

سەن يەنە شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ ، بوينۇڭنى ئۈزۈۋېتىمەن . مەن سېنىڭ ئالىيىشىڭغا خۇشتار ئەمەس.

خاررىي ، سەن ئاتاڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتىسەن ، جۇمۇ!

ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

رئو ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى ، تەرەپ ـ تەرەپكە قاراپ باقتى . گىرىم جاھازىسىنىڭ تارتمىسىنى تەكشۈرۈپ بېقىۋىدى ، ئىچىدىن ھېچقانداق غەيرىي نەرسە تاپالمىدى ، دېرىزە تۈۋىگە قويۇلغان يېزىق ئۈستىلىدە خاررىي خەت يېزىپ قالدۇرۇپ قويغان بىر پارچە قەغەز تۇراتتى . ئۇنىڭغا مۇنۇلار يېزىلغانىدى: سۆيۈملۈك ئېيدىس ، ۋۇ ئاناڭنى ، نېمىدەپ ئۆزۈڭ كەلمەيسەن؟ سەن يەنە خەت يازىدىغان بولساڭ ، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

ئاتىسى بېشىغا شلەپە ، ئۇچىسىغا چاپان كىيىپ ئۆيدىن چىقتى . ئۇ بىر پەس سوكۇلداپ يۈگۈردى ، تاكى خاررىينىڭ قارشى كوچىدا كېتىۋاتقىنىنى كۆرگۈچە يۈگۈرۈپ بېقىپ يەنە مېڭىشىغا چۈشۈۋالدى . ئۇ سەل ئارىلىق قالدۇرۇپ ئوغلىغا سۈگدىشىپ باراتتى.

ئۇ خاررىيغا ئەگىشىپ كۇننى ئارال كوچىسىغا كېلىشى بىلەن تەڭ ، ئۇنىڭ كۇننى ئارىلىغا بارىدىغان بىر ترامۋايغا چىقىۋاتقىنىنى چېلىقتۇرۇپ قالدى . رئو يەنە بىر ترامۋاينىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇردى . ئۇنىڭ شۇ تۇرقى تاكسىغا ئولتۇرۇپ ، ئاشۇ تراموايىنى قوغلاپ يەتكۈسى كېلەتتى ، ئەمما قېرىشقاندەك بۇ يولدىن تاكسى ئۆتمەيتتى . كېيىنكى قېتىملىق تراموۋاي ئارىدىن توپتوغرا چارەك سائەت ئۆتكەندە ئاندىن يېتىپ كەلدى ، ئۇ بىۋاستە كۇننى ئارىلىغىلا باردى . ھازىر بۇ يەرنىڭ ئىككىنچى ئاي مەزگىلى ئىدى . كۇننى ئارىلى نەمخۇش ، سوغۇق بولۇپ ، ئادەمسىز چۆلدەرەپ قالغاندەك تۇراتتى . سافىر كوچىسىدا ماشىنىلار ئاندا ـ ساندا ئۆتۈشۈپ قالاتتى ، باشقا كوچىلاردا بولسا ئىنس ـ جىن كۆرۈنمەيتتى . ھاۋا قار يېغىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . رئو شىددەت بىلەن يېغىۋاتقان لەپ ـ لەپ قار ئىچىدە دېڭىز بويىدىكى پول ياتقۇزۇلغان يولدا ئوغلىنى ئىزدىمەكتە ئىدى . قۇياش نۇرىدىن ئەسەرمۇ بولمىغان گىرىمسەن دېڭىز ساھىلى قۇپقۇرۇق . كىچىك قىزا ساتىدىغان يايمىلار ، ئەتراپى ئايلاندۇرۇپ توسۇلغان قارىغا ئېتىش مەيدانى ۋە دېڭىز بويىدىكى ئېگىز ئالماشتۇرۇش ئورنىنىڭ ھەممىسىلا تاقالغان . كۆكەرگەن دېڭىز ئېرىپ كېتىۋاتقان قوغۇشۇندەك لۆمۈلدەيتتى ، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە قېتىپ قالىدىغاندەكلا قىلاتتى . دېڭىز بويىدا بوران چىقتى ، بوران ھۇشقۇيتۇپ ئۇنىڭ كىيىملىرى ئىچىگە كىرىپ كەتتى ، ئۇ كېتىۋېتىپ سوغۇقتىن لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى . بوران قوغۇشۇن رەڭلىك دېڭىز دولقۇنلىرىغا ئاق تۇماق كىيگۈزۈپ قويغانىدى . لەرزان تۈرۈلۈپ كەلگەن بۇژغۇنلار ئىللىق سادا چىقىرىپ ، قۇپقۇرۇق تۇرغان دېڭىز ساھىلىغا شالاپلاپ ئۇرۇلاتتى .

ئۇ ، سوغۇق شامالغا قارىماي دېڭىز بويلىرىغىچە كېلىپ ئوغلىنى ئىزدەيتتى ، كېيىن ئۇ يەنە قايتىپ ماڭدى . بۇۋاتونغا بارىدىغان يول ئۈستىدە ئۇ دېڭىز ساھىلىدا بىرسىنىڭ قىرغاقتا ئۇرۇلۇۋاتقان بۇژغۇنلار ئىچىدە

تۇرغىننى كۆرۈپ قالدى . رىئو قەدىمىنى تېزلىتىپ ، پول ياتقۇزۇلغان يولنىڭ شوتىسىدىن چۈشتى ـ دە ، يانتۇ شەكىللىك قۇمساڭغۇ دېڭىز ساھىلىغا يېتىپ كەلدى . شاۋقۇنلۇق دېڭىز ساھىلىدا تۇرغان بۇ ئادەم دەل خاررىينىڭ ئۆزى شۇ . سۇ تېخى ئۇنىڭ ئۇشۇقىغىمۇ كەلمىگەنىدى .

رىئو ئوغلىغا قاراپ يۈگۈردى.

خاررىي ، ئۇ دېگەن بىر ئۇقۇشماسلىق . سېنىڭ خېتىڭنى ئېچىپ قويۇپ كۆپ ئەپسۇسلاندىم.

خاررىي مىدىر ـ سىدىر قىلمىدى . ئۇ ، ئۆركەشلەپ كېلىۋاتقان كۆل رەڭلىك دولقۇنلارغا تىكىلىپ سۇدا تۇرغىنى تۇرغانىدى .

خاررىي ، مەن قورقۇۋاتىمەن . ئېيتقىنا ، ساڭا زادى نېمە بولدى؟ ئوغلۇم ، ماڭا ئازراقمۇ ئېچىڭ ئاغرىمامدۇ.

«مەن بۇ دۇنيادىن قورقىمەن» دەپ ئويلىدى خاررىي ، بۇ دۇنيا مېنى ۋەھىمىگە سالىدۇ .

ئۇ ، ئېغىزىنى يۇمۇپ تۇراتتى.

بىر شامال چىقىپلا ئاتىسىنىڭ شلەپىسىنى ئۇچۇرۇپ كەتتى ، شۇ ئۇچۇرغانچە دېڭىز ساھىلىغا قاراپ ئۇچۇراتتى . شلەپە دولقۇنلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى . بىراق ، شامال ئۇنى خۇددى چاقچاق ئوخشاش ئايلاندۇرۇپ دومىلىتاتتى ، نەمخۇش ساھىلغا ، پول ياتقۇزۇلغان يولغا قاراپ ئېلىپ قاچاتتى . رىئو شلەپىنىڭ ئارقىسىدىن ھېلى ئۇيانغا ، ھېلى بۇيانغا قوغلايتتى ، ئاندىن يەنە سۇ بويىغا قوغلاپ ماڭدى . شامال ئۇچۇرۇپ يۈرگەن شلەپە ئۇنىڭ پۇتىغا كېلىپ كەپلەشتى ، ئۇ شۇ زامانلا تۇتۇۋالدى . بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى . ئۇ تىنىپ ئۆلگۈرتۈپ بولالماي قالغانىدى ، مۇزدەك بارماقلىرى بىلەن يېشىنى

سۈرتتى ، ئاندىن سۇنىڭ بويىدىكى ئوغلىنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇردى.

ئۇ بىر تەنھا ئادەم ؛ ئۇ مۇشۇ خىلدىكى ئادەم . ئۇ تەنھا ياشاپ ئۆتۈپ كەتسىلا بولىدۇ.

مېنىڭ ئوغلۇم ئۆزىنى بىر تەنھا ئادەمگە ئايلاندۇرۇۋاپتۇ .

خاررىي ، مەن ساڭا نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ مەن ساڭا شۇنىلا ئېيتالايمەن: ياشىماق ئوڭاي دەپ كىم ئېيتىپتۇ؟ ياشاش قاچانمۇ ئاسان بولغان؟ مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا ، بۇرۇن ياشىماق ئوڭاي ئەمەس ئىدى ، سەن ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ياشاش يەنىلا ئاسان ئەمەس . مانا بۇ تۇرمۇش ، تۇرمۇش شۇنداق بولىدۇ ، مەن يەنە نېمىمۇ دېيەلەيتتىم؟ ھالبۇكى ، ئەگەر بىراۋ ياشاشنى خالىمىسا ، ئۇ ئۆلگەن تەقدىردىمۇ نېمىنى ھەل قىلالايتتى؟ ھېچنەرسە قىلالمايدۇ . ھېچنەرسە قىلالمىغانىكەن ، يەنىلا ياشىغىنى تۈزۈك . خاررىي ، ئۆيىمىزگە قايتايلى ، دېدى ئۇ ، بۇ يەر سوغۇق . بۇنداق سۇدا تۇرۇۋەرسەڭ زۇكامداپ ئاغرىپ قالىسەن.

خاررىي قىمىرلاپمۇ قويماستىن يەنىلا سۇدا تۇراتتى . بىر پەستىن كېيىن ئاتىسى بۇ يەردىن كەتتى . ئۇ بۇ يەردىن كېتەر چېغىدا ، بېشىغا كىيىۋالغان شلەپىسىنى شامال ئۇچۇرۇپ كەتتى ، شلەپە شامالنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ دېڭىز ساھىلىغا قاراپ دومىلاپ باراتتى.

ئاتام دالاندا تىڭشاپ تۇرىدۇ . ئۇ ماڭا ئەگىشىپ كوچىغا چىقىدۇ . بىز دېڭىز بويىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق .

ئۇ ، ئۆز شلەپىسىنى قوغلاش بىلەن ھەلەك.

ئوغلۇم پۇتلىرىنى دېڭىز سۈيىگە چىلىغانچە تۇرۇپتۇ.

(خەنزۇچە «چەت ئەل يېقىنقى ، بۈگۈنكى دەۋر ھېكايىلىرىدىن بەھرلەر» ناملىق كىتابنىڭ 1 ـ قىسمىدىن .)

## «مېنىڭ ئوغلۇم قاتىل» ناملىق ھېكايە توغرىسىدا

### ئەركىن نۇر

قاتىل تىلغا ئېلىنسا ، باشقىلارنى ئۆلتۈرگەن جىنايەتچى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ ، شۇڭا بۇ ھېكايىنىمۇ قاتىللىق دېلوسى يېزىلغان ئەسەر بولسا كېرەك دېگەن ئويغا كېلىمىز . ئەمما ، بۇ ھېكايىنى ئوقۇپ چىقساق ، بۇنداق جىنايەتچىنى تاپالمايمىز.

ئوغلى ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرسىمۇ مۇۋاپىق خىزمەت تاپالمايدۇ . جەمئىيەت قالايمىقان ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بولسا ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىش ، ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشنى توختاتمايدۇ . مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى گۆدەك ئوغۇلنىڭ سەبىي قەلبىدە چوڭقۇر جاراھەت قالدۇرىدۇ . شۇڭا ، ئۇ دۇنيادىن بىزار ، ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتتىن بىزار ، ھەتتا ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ بىزار بولىدۇ ۋە تاشقى دۇنيا بىلەن سىغىشالمايدۇ . بۇ دۇنيادىن قورقىدۇ . ئۇ تەنھالىق ھېس قىلىدۇ ، ئۈمىدسىزلىنىدۇ . ئۇ «ياشىغان بىلەن ئۆلۈۋالغاننىڭ پەرقى ۋە ئەھمىيىتى يوق» دەپ

قارايدۇ . ئۇنىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتىنى ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ . ئۇ ، ئەدناسى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆيۈنۈشى ، غەمخورلۇق قىلىشىنىمۇ كۆڭلىگە سىغدۇرالمايدۇ ، ھەتتا ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ كېتىدۇ . ئىككى دەۋر كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدا تۈگەتكىلى بولمايدىغان يوغان ھاڭ پەيدا بولىدۇ . ئوغلى بىلەن ئاتىسى ياتلىشىپ ، ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پىكىر ۋە ھېسسىيات بىرلىكى ، ئورتاق تىل بىرلىكى بولماي قالىدۇ . ھەتتا ئوغلى ئەدەپسىزلىك بىلەن ئاتىسىغا : «بوينۇڭمۇ ئۈزۈۋېتىمەن» دەيدۇ . مەيلى يېنىدا باشقىلار بولسۇن ياكى بولمىسۇن ، ئوغلى ئۆزىدە بىر خىل تەنھالىقنى سېزىدۇ ، بۇ مەنىۋى تەنھالىق ، روھىي تەنھالىق ، ھېچكىم تەڭ كۆتۈرۈشۈپ بېرەلمەيدىغان تەنھالىق . ئوغلى ئۈن ـ تىنسىز ھالدا مۇشۇ خىل تەنھالىق ئازابىنى تارتىشقا مەجبۇر بولىدۇ ، شۇڭا ئۇ باشقىلار بىلەن ئۇچرىشىشنى ، پاراڭلىشىشنى ، ھەتتا ئۆز ئاتىسى بىلەنمۇ سۆزلىشىشنى خالىمايدۇ ، ئۆز ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ ، تالا ـ تۈزگە چىقماستىن ئۆزىنى قاماپ خۇددى «مەھبۇس»تەك ياشايدۇ . ئۇنىڭ ھەر بىر سۆز ـ ھەرىكىتى ئاتا ـ ئانىسىغا نىسبەتەن شۇنچىلىك يوچۇن ۋە چۈشىنىكسىز ، ئوغلى ئۆز ـ ئۆزىنى ھالاك قىلىۋاتقاندەك . ئوغلىنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئاتىسى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ، ئوغلىنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنىدۇ ، ئوغلىنىڭ ئارقىغا چۈشىدۇ ، ئوغلىنىڭ خېتىنى يىرتىپ ئوقۇيدۇ . ئوغلىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ئىشلىرى ئارقىلىق ئاتا ـ بالىلىق مېھىر ـ مۇھەببەتنى ئەسلىتىدۇ ، ئوغلىغا ئۆزىنىڭ قەلبىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئازابلىرىنى ئاشكارىلايدۇ . ھالبۇكى ، ئاتىسىنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولىدۇ . شۇنداق قىلىپ ئوغلى ئاخىر يەنىلا ئۆلۈم يولىنى تاللىۋالىدۇ . ئاتىسىنىڭ نەزىرىدە ، ئوغلى ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرگەن قاتىل.

مالامۇد ھېكايىسىغا «مېنىڭ ئوغلۇم قاتىل» دەپ ماۋزۇ قويغان بولسىمۇ ، بۇ پەقەتلا ھېكايىدىكى تاشقى مەنە . سوغۇق قانلىق بىلەن كۆزەتسەك ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى چوڭقۇر ئىچكى مەنىنى ، يەنى ھەقىقىي قاتىلنىڭ ئامېرىكا جەمئىيىتى ئىكەنلىكىنى ، چۈنكى ئامېرىكا جەمئىيىتى ئۇنىڭغا مەغلۇبىيەت ۋە ئازاب ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ، ئۇنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ ھالاكەت يولىغا باشلىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

بۇ ھېكايىنىڭ سىغىمچانلىقى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ ، قىسقىغىنە بىر پارچە ئەسەر ئارقىلىقمۇ ئاتا ـ بالىدىن ئىبارەت ئىككى دەۋر كىشىلىرىنىڭ تەقدىرى ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەت ، جۈملىدىن ھازىرقى ئامېرىكا جەمئىيىتىدە بالا تەربىيىلەشنىڭ تولىمۇ قىيىنلىقى مۇپەسسەل سۈرەتلەنگەن . ئاپتور بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا بىلەن بالىنىڭ ئاۋازلىق ۋە ئاۋازسىز مونولوگلىرى ئارقىلىق ، پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى ھەرىكىتىنى ، ئېڭىدىكى يوشۇرۇن ئېقىننى گاھ بالا نۇقتىسىدىن ، گاھ ئاتا نۇقتىسىدىن كۆپ تەرەپلىمە ھالدا تەبىئىي رەۋىشتە ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرىشقان ، شۇنداقلا ئۆتمۈش بىلەن ھازىر ، ئەسلىمە بىلەن تەسەۋۋۇر قاتارلىقلارنى يۇغۇرۇپ ، ماكان ـ زاماننىڭ سەكرەتمىلىكىنى ھاسىل قىلغان ، بۇ ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چوڭقۇر قېزىش مەقسىتىگە يەتكەن . ئاپتور بۇ جەرياندا ، پېرسوناژلارنىڭ پورترېتىنى ، يەنى تاشقى قىياپىتىنى تەسۋىرلەپمۇ ئولتۇرمىغان ، چۈنكى ئاتىسى بىلەن بالىسى ، جۈملىدىن باش پېرسوناژ بولغان بالىسى ئابستراكتلاشتۇرۇلغان پېرسوناژ ، ئۇ خۇددى ئەرۋاھقا ئوخشاش جەمئىيەتنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا كېزىپ يۈرگەن شەخس ، كونكرېت ئېيتقاندا ، ئۇ مۇۋاپىق چىقىش يولى تاپالمىغان گاڭگىرىغان بىر ئەۋلاد ، ئۇلار ئەتراپىدىكى بارچە مۇھىتتىن نارازى ، ئەمما مۇۋاپىق چىقىش يولى تاپالماي جەمئىيەتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەنلەردۇر.

ئەسەر مۇزىكىغا ئوخشاش يەڭگىل ، ئەمما ئۆزگىرىشچان قىلىپ يېزىلغان بولۇپ ، زور ئىجادىيلىققا ئىگە . بۇ ھېكايىنىڭ بىر يېرىدىمۇ بىرەر ئېغىزمۇ دىئالوگ مەۋجۇت ئەمەس . ئەمما ، ھېچكىممۇ بۇ ھېكايىدە دىئالوگ يوق دېيەلمەيدۇ . چۈنكى ، ئاپتور ئۇنى مونولوگ شەكلىدە ، كونكرېت ئېيتقاندا ، دىئالوگلارنى ھەر بىر شەخسنىڭ خاس دۇنياسىدىن ئۆتكۈزۈپ ، تۈيغۇلاشتۇرۇپ ئىچكى مونولوگ شەكلىدە كىتابخانلار ئالدىدا نامايان قىلغاچقا ، ئەسەر تىلى بەكمۇ ئىخچاملىققا ئېرىشكەن . ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن ، ئارتۇقچە تاشقىي (ئۆلۈك) تەسۋىرلەردىن خالىي بولغان.

ھېكايىدە بەزى سىمۋول ۋە ئىماگلار ئىشلىتىلگەن: شىلەپىنى قوغلاپ يۈرگەن ئاتىسىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىمۇ ئەمەلىيەتتە تەقدىر شامىلى ھەر كويغا سېلىپ ، توختىماي مازاقلاپ يۈرگەن ئاتىسىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ھاياتىنىڭ قىسقىغىنە كارتىنىسى دەپ چۈشىنىش مۇمكىن .

قىسقىسى ، بۇ ھېكايىنى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى بىر ئوقۇپ چىقىشقا ۋە يېزىقچىلىق جەريانىدىكى دادىل سىناق قىلىش ، يېڭىلىق يارىتىش روھىنى تەتقىق قىلىش ، ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: **ئىمىرھەسەن مەخمۇت**


باشقا دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولغىنىڭىزدا ئەڭ ئاۋۋال «ياخشىمۇسىز» دەپ خەنزۇچە يوللانغان سالام ئۇچۇرىنى كۆرەلەيسىز.
HI, HELLO......
ئاتونۇش سالامنى قانچە كۆپ ئاڭلىسىڭىز ، يۇرتىڭىزغا
بولغان سېغىنىشىڭىز شۇنچە كۈچىيىدۇ . شۇڭا ، ھەر قېتىم
باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئايروپورتىغا قونۇپ يانفونىمنى ئاچقىنىمدا
«ئالەم كېزەر» يانفونىمدىكى خەنزۇچە يوللانغان قىسقىغىنە
بىر قۇر سالام ئۇچۇرى ھەممىشە مېنى تەسىرلەندۈرىدۇ.
«ئالەم كېزەر»نىڭىز بولسا يېقىنلىق ھېس قىلىپ ، ياتسىرىمايدىكەنسىز.
我能
«ئالەم كېزەر»نىڭ خەلقئارا كەزمە سۆزلىشىش مۇلازىمىتى سىزگە ئۇزۇلمەس ئىللىقلىق ئېلىپ كېلىدۇ .
قايسى يەرگە بارماڭ ، «ئالەم كېزەر»نىڭ دۆلەت ھالقىپ يوللىغان قىسقا سالام ئۇچۇرى ھەر ۋاقىت ئىللىقلىق يەتكۈزىدۇ؛ «ئالەم كېزەر» 182 دۆلەت ۋە رايوندا CSM خەلقئارا كەزمە سۆزلىشىش مۇلازىمىتى ۋە قىسقا ئۇچۇر كەزمە مۇلازىمىتىنى يولغا قويدى . 73 دۆلەت ۋە رايوندا رەڭلىك ئۇچۇر كەزمە مۇلازىمىتى ، سىمسىز ئىنتېرنېتقا چىقىش ۋە يانفوندا ئىنتېرنېتقا چىقىش كەسپىنى يولغا قويدى .
32 دۆلەتتە دۆلەت ئىچى تېلېفون نومۇرىنى كۆرسىتىپ بېرىش مۇلازىمىتىنى يولغا قويدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنى خەلقئارا كەزمە ئالاقە مۇلازىمىتى ئابونتلار مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسى: 8613800991186 بىلەن ھەقسىز تەمىنلەپ ، سىزنى غەمدىن خالاس قىلدى . «ئالەم كېزەر» يەنە خەلقئارا كەزمە ئالاقە مۇلازىمىتىنىڭ دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ ، دۇنيانىڭ يەنىمۇ كېڭەيتىمەكچى . قەيەردە بولماڭ ، ئۈزۈلمەس ئالاقە ئەركىنلىكىنى ھەرۋاقىت ھېس قىلالايسىز .
中国移动通信 CHINA MOBILE
Beijing 2008
采智广告公司全面代理/2840226

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سادا كىيىملىرى

سادادىن كېلىدۇ ئامەت   ئاتا قىلىدۇ ئۇ سىزگە قامەت





## شىنجاڭ سادا كىيىم ـ كېچەك شىركىتى

2003 ـ يىلى قۇرۇلغان سادا كىيىم ـ كېچەك شىركىتى، كىيىم ـ كېچەك ساھەسىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، تۇنجى قەدەمدە ئۆزىنىڭ «سادا» ناملىق كىيىم ـ كېچەك ماركىسىنى ياراتتى. «سادا» كىيىم ـ كېچەكلىرى بازارغا سېلىنغاندىن باشلاپ كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ياقتۇرۇپ سېتىۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى يەنىمۇ قاندۇرۇش ئىستىكىدە شىركەت يېقىندا يەنە «ئەزىز» كىيىم ـ كېچەكلىرىنى بازارغا سالدى.

رىقابەتتە ئۆز مەھسۇلاتلىرىنىڭ ياخشى سۈپىتى بىلەن، بازارغا ئەلا مۇلازىمىتى بىلەن يۈزلىنىش قىلغان سادا كىيىم ـ كېچەك شىركىتى ئۆزلىرىنىڭ يېڭى، سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە ئەلا مۇلازىمىتى ئارقىلىق شىنجاڭ كىيىم ـ كېچەك بازىرىدا ئۆز ئورنىنى تىكلىدى. بۇ شىركەت ھازىرغا قەدەر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدە 50 دىن ئارتۇق سېتىش نۇقتىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئىستېمالچىلار ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ بەردى.

باش ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 0991 - 2844444

